# تارىم

4

1993



ئەخەت تۇردى كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچىلىرد- مىزنىڭ بىرى. ئۇ 1958 - يىلى «تارىم» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلىنغان «گۇرۇچ» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. ئۇنىڭ «گۇلـ- خان»، «گىرىمسەن يوللار» ناملىق ھېكايىلار توپلىمى؛ «ئەلۋىدا، كۆز يېشىم» ناملىق پوۋېستلار توپلىمى؛ «ئۇنتۇلغان كىشىلەر»، «ھايات شۇئـ- ىداق» ناملىق رومانلىرى نەشر قىلىنغان. «ھايات- نىڭ باشلىنىشى»، «قىيانلىق دەريا»، «ئۇنتۇلغان كىشىلەر» ناملىق ئەسەرلىرى مەملىكەت ۋە ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مۇكاپاتلارغا ئېرىشكەن. ئۇ ھا- زىر ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ كەسپىي يازغۇچىسى.

باغراش كۆلى بويىدا.



5 - نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر قۇرۇلتىيىدا.



قەلەمداشلار ئارىسىدا.



شىئەندە ئېچىلغان مەملىكەتلىك ياش يازغۇچىلار يىغىنىدا.

# تارىم

ئايلىق ئەدەبىي ژۇرنال

43-يىل نەشرى

4

1993

باش مۇھەررىر
مۇھەممەت شاۋۇدۇن
مائاۋىن باش مۇھەررىرلەر
ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

تەھرىر ھەيئەتلەر
(ئېلىپبە تەرتىپى بويىچە)
ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئابدۇسالام توختى، ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر، ئابدۇراخمان ئەبەي، ئالىمجان ئىسمايىل، ئارسلان، ئەنۋەر ئابدۇرېھىم، تۇرسۇنئاي ھۇسەيىن، خالىدە ئىسرايىل، زوردۇن سابىر، قەييۇم تۇردى، مۇھەممەت شاۋۇدۇن، مۇختار مەخسۇت، ئوسمانجان ساۋۇت، ئىمىن تۇرسۇن.

# بۇستاندا

## نەسرىي ئەسەرلەر


مۇھەممەد باغراش ............جەزىرە (پوۋېست) ........................................ 17
توختى ئايۇپ ..............سەۋدايىلىق (ھېكايە) ........................................ 52
ئابدۇراخمان قاھار ........ئىككى قىزنىڭ تەقدىرى (ھېكايە) ........................................ 74
ھاكىم مۇسا ...............قەبرىگە تۆكۈلگەن ياش (ھېكايە) ........................................ 92
ئەھەت داۋۇت ..............پاكلىق ئۆتكەندىكى ناپاكلىق (ھېكايە) ........................................ 104


## شېئىرلار


ئەھمەد زىيائى ...........شېئىرلار ........................................ 4
قۇربان بارات ...........مېنىڭ ئەمەس بۇ كۆلەڭگىلەر ........................................ 6
جاپپار ئەمەت ...........شېئىرلار ........................................ 13
ئىمىن ئەخمىدى ...........جەنۇب قىزلىرى ........................................ 49
روزى سايىت ...........نەزمىلەر ........................................ 51
ئەزىم ناسىر ...........شېئىرلار ........................................ 87
ئەركىن نىزامى ...........مۇھەببىتىم دەريا ساڭا ........................................ 91


## مۇھاكىمە


ياقۇپ روزى ...........ئەدەبىياتىمىز مۇنازىرىگە ئېھتىياجلىق........................................ 110


## ئالقىش ۋە ئۈمىد


ئەركىن ئەمەت ...........نەسىرچىلىكىمىزدىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىزدىنىش........................................ 114


## ئاپتور ۋە ئەسەر


ئىبراھىم ئىزاقى ...........كۈچۈرمىكەشلىكنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ........................................ 119


## ئىجادىيەت مۇساپىسىدە


ئېلى زاھىد ...........سەرۋەگدە مەن بىللە ئىدىم........................................ 124

## چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر

تاگور ..........سوتچى (ھېكايە) ...................................130

## ئەدەبىيات ۋە ئىسلاھات

گۇنى ..........ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ئىستىقبالى ..............................138
لى يۈمىڭ ..........ھېكايە كىتابخانلارنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك ..........140
سۇن باۋيىڭ ..........يازغۇچىلار ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار ...........................141

## كۆرسانتىلار ئەسەرلىرىدىن

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان ...ئاق كىرپىك (ھېكايە) ...............................143
رۇسۇل ئىمىن ..........مۇدىرنىڭ چارىسى (ھېكايە) ...................................147
نۇرمەھەممەت ياسىن ئۆركىشى، ھەبىبۇللا بەكرى، ئابلىكىم مۇساق، تۇرسۇنىنىياز توختى، شاۋقۇن، مەتقۇربان مەتروزى، ئىلھام ئۆمەر، قەھرىمان روزى، ئابلىكىم شىرزاد، ئابلەت ئەخمەت ..........(شېئىرلار) ...............................150

## ئەدەبىي ھايات ۋە ئۇچۇرلار

ياش ئەدىبلەر بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئېچىلدى ..........155
ئۇچۇرلار ...........................................................157

* * *

رەسسام ۋە خەتتات: مەھەممەت ئايۇپ

# ئەھمەت زىيائى شېئىرلىرىدىن

(شائىر تۇغۇلغانلىقىنىڭ 80 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن)

## ھەسرەت

ئۆمرۈڭ بۇ كەبى كەتمەكتە پۈتۈپ،
ئەل ئالدىدا تۇرماقتا ئىنتىزار كۈتۈپ.
جاھان تاختىسىدا ئويىندىڭ شەترەنج،
ئېيتچۇ نېمىلەر توپلىدىڭ پۈتۈپ.

ھەر بىر ئىنلىككە خىزمەت قىلدىڭ سەن،
ئۇخلادىڭ ياكى قويدۇڭ ئۇخلاتىپ.

ئۆتمۈشىڭگە بىر سەپسېلىپ قارا،
ئىبرەت ئەينىكىنى يۈزۈڭگە تۇتۇپ.

قورقىمەن شۇندىكىم مۇبادا تارىخ،
سېنى قويمىسۇن ئوچۇق كۆرسىتىپ.
زىيائى ئەيتۇر ئەل، يۇرتقا قارشى،
ئىشلىمە، ئۇنى بولماس ئۇنۇتۇپ.

## چولپان كۆز يار

يۈزلىرىڭ گۈلمۇ ۋە ياكى غۇنچە رەنامىدۇر،
كۆزلىرىڭ چولپانمۇ ياكى بىر گۈزەل شەھلامىدۇر؟
قاشلىرىڭ قىيغان قەلەم يا تاغدىكى بەرگى قىياق،
چاچلىرىڭ سۇنبۇلمۇ قۇندۇز ئەنبەر سارامىدۇر؟
لەۋلىرىڭ لەيلى بەدەخشاندەك قىزىل قىرسەن ئۆزۈڭە
نەقتە ئىچرە چىشلىرىڭدۇر جاھان ئارامىدۇر.
سۆيگۈڭ ئىچرە زارلار كۆپ، سەندە يوق پەرۋا ئاڭا،
يۈرىكىڭ گويا تۆمۈر ياكى قارا خارامىدۇر.
سۆزلىرىڭ تەسىرى چىقماس دىلفىگارلار باغىدىن،
سۆزمۇ ئول؟ يا شېھىد شېكەر ياناۋەك بەررامىدۇر؟
ساڭا دىل باغلاپ زىيائى ئۆرتىنەر سۆيگۈڭ ئارا،
ئىشقىڭ ئىچرە زار يالغۇز شائىر شەيدامىدۇر؟

## ھىجران

ھىجران ئىچىدە ئۆتتى كۈنۈم كەلمىدى ئول يار،
ۋەسلىنى كۈتۈپ پۈتتى قارارىم بىلمىدى دىلدار.
كىرپىكلىرى ئوق، قاشى كاماندۇر، كۆزلىرى نەرگىس،
يۈزلىرى ئالما، چاچلىرى سۇنبۇل، ئەل ئاغا گىرىپتار.
غۇنچە ئىچىدە ئىنجۇ كۆرۈنەر يار يۈزىدە،
كۆيمەي نە قىلاي ؟ ياردا ئىدى جەمي نەشئەلى گۈلزار.
ھەر چەندە ئۇنىڭ ئىشقىدىن مەن زار ئىرۇرمەن،
بىلمەيمەن ئۇنىڭ نە ئۈچۈن كۆپ ئىشىكىدە ئەغيار.
زۇلفىغە ئەسىر ئەيلىدى، قويدى، سورمادى ھالىم،
بىلدىمكى يېتەر ئىرلەركى ئەسىر ئەيلاسە بىر تار.
گويا دىلىنى تەڭرى ياراتمىش بىر قاراشىدىن،
پەرۋا يوق ئاغا بولسا جاھان سۆيگۈسىدە زار.
يار كويىدا بىر شائىر شەيدا بۇ - زىيائى،
يارۇ ۋەسلىنى بىر كۆرسەم ئىدى دەپ ئۇندا ئۈمىد بار.

## ھىممەت

جاھان گۈلزارىدا ھىممەت كەبى دۇردانە بەكمۇ ئاز،
ئىرۇر ھىممەت گۈلى تازا قىش بولسۇن ياكى بولسۇن ياز.
لاچىنلار لوقمىسىدۇر ھىممىتىدىن مۇرغىلەر باغرى،
تۆۋەن ھىممەتلىك بولغاچ كۆل ئىچرە يەر قارا لاي غاز.
ھەلەنت تۆرت ھىممەتىڭ ئاشيانىڭدۇر سېنىڭ ئۈستۈن،
شىكار ئەيلەشكە ئىرپان قۇشلىرىنى سەن قاناتىڭ ياز.
ئىدىڭ بىر شانلىق بۈركۈت بوغدى جاھىللىق قاناتىڭنى،
تۇرۇپ سىلكىن! كەل ئەي بۈركۈت جاھالەتكە چوكقۇرلار قاز.
ئۇلۇغۋار روھ بىلەن ھىممەتنى قىلغىن سەن قانات - قۇيرۇق،
تەرەققىيات پەزاسىدا يېڭىدىن ئەيلىگىن پەرۋاز.
بەلەنت ھىممەتنى تۇتمىشىدۇر زىيائى ھەر زامان رەھبەر،
ئۇنىڭ شەھرىگە بەرمىش ھىممەتى بىر دىلرەبا ئەۋاز.

## ھېكمەتلەر

ئۈمىد گۈلى مۇشەققەت چەكمىگىچە ئېچىلماس،
دەۋراندا ئىززۇ - ھۆرمەت تىرىشماستىن تېپىلماس.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۇي* بولمىسا ئۆزۈڭدە بۇي كەلتۈرەر شامال بول،
تا چىقمىسا شامال لار گۈل بۇيلىرى چېچىلماس.

پەزىلەت كۆپ بولسا ھەرگىز ئاغرىنمىغىل زاماندىن،
كۆپ بولمىغۇنچە مېۋە شاخلارغا تاش ئېتىلماس.
يا ئەھلىلەردىن ساقلان پەزىلىتىنى قىلما مەئلۇم،
سايرىمىغۇنچە بۇلبۇل قەپەس ئارا سېلىنماس.

ھەر بىر گۈزەلنى كۆرسەڭ كۆڭلۈڭنى ئۇڭا بەرمە،
تاشى گۈزەل يىلاننىڭ، ئەمما گۈزەل سانالماس.
بولماس كىشىگە ھەرگىز تەھقىر بىلەن قارالسا،
يىڭنە ئىشىنى ئۇيلا، قىلىچ كېلىپ قىلالماس.

## باغرىم داغ

لېچۇك كۈن ئەردىكىم كىرپىكلىرىڭ باغرىمغا سالدى داغ،
چىرايىم سارغىيىپ بولدى خەزان ۋاقتىدىكى ياپراق.
تىلەر مەنكىم ۋىسالىڭ ئەيلەسۇن دەردىمگە بىر دەرمان،
پىراقىڭ ئىچرە باغرىم تىترەمدىكىن لاغ - لاغ.
گۇمان قىلغان ئىدىم، كۆڭلۈمدىكى ئوتنى ئۆچۈرگەي ياش،
تەئەججۇپ، كۆز ياشىم بولدى بۇ ئوتنى ياندۇرۇشقا ياغ.
ئۆزۈڭ دىلبەر جانسوز ئىمىشسەن ئەي پەرى رۇخسار،
ئۈمىدىم شۇلكى بولغىن چەشمەبەدلەردىن ئۇزاق ھەم ساغ.
تاكى بىر كۈن چۈشۈپ كۆڭلۈڭگە سۆيگۈ ئوتىدىن زەررە،
ئەجەب ئەرمەسكى بولساڭ بۇ زىياڭگە يېقىن بىر چاغ.

قۇربان بارات

# مېنىڭ ئەمەس بۇ كۆلەڭگىلەر

## قاناتسىز كېپىنەك

بۇ دۇنيادا تېخى ھۆكۈمران، بەزەن زالىم، بەزەن مېھرىبانە
تەبىئەتنىڭ ياۋايى كۈچى. جان ئالىدۇ ۋە بېرىدۇ جان،
ئۇ — بولۇپ كەلگەن ئەزەلدىن شۇنداق،

* بۇي — پۇراق، خۇش پۇراق.

ياراتقۇچى ۋە ئۆزگەرتكۈچى.
هەر خىل مۇهىت، هەر خىل ئىقلىمنى
پەيدا قىلىدۇ
ۋە قىلار غايىب.
جانلىقلارنىڭ كەچمىشلىرىدى
قىلىپ قويار بەزەن ئاجايىپ.
چىلىنىڭ تاشلىق قىرغاقلىرىغا،
تۇتىشىدۇ قەهىرلىك ئوكيان.
ئۇ جايدا بار دېڭىز قولتۇقى،
ۋە قىرغاقتا ئوتلاقلىق ماكان.
ئۇ ماكاندا،
قولتۇق تىنچ، ئىقلىم مۇلايىم،
ئوتلاق يىللىق بولغان بىر زامان.
كېپىنەكلەر بولغان ئۇ يەردە،
قاناتلىرى گۈزەل، رەڭمۇ رەڭ.
ماكان قىلغان تاغۇ - ئوتلاقنى،
قاپلاپ ئۇچقان تاشلىق قىرغاقنى.
ئوچۇق ئاسمان ۋە ئالتۇن ئاپتاپ،
گۈل - چېچەكلەر ئۆسكەن قىيالار،
چاتقاللىقلار، ئوتلاقتا ئۆسكەن —
خىلمۇ خىل ئوت، نامسىز گىياهلار.
مىليون - مىليون كېپىنەكلەرگە،
بولغان ۋەتەن، تاپقۇزغان روناق.
كېپىنەكلەر بۇ ۋەتىنىدە،
ئۇچۇپ يۈرگەن ئەركىن ۋە قۇۋناق.
چېچەكلەردىن ئاتلاپ چېچەككە،
تولۇپ قىزغىن ئارزۇ، ئىستەككە،
يەر ۋە كۆككە ئاچقان شاد قۇچاق.
كۆكلەم مەۋسۇمى،
تۈزلەڭلىكتە شاپتۇل چېچىكى
توزۇيدىغان پەيتى كەلگەندە،
شامال چىقسا ئۇچىدۇ شۇنداق.
لېكىن،
ئۇ قولتۇقتا ئىقلىم ئۆزگەرگەن،
بولۇپ قالغان بورانلىق، سوغاق.

قارا بوران ئالغان ئىگىلەپ،
يىراق ۋە ئاچ ئوكياندىن كەلگەن.
يىل — تۆت پەسىل بوران گۈركىرەپ،
ئاچ دولقۇنلار شىردەك هۆركىرەپ،
ئارام تاپمىغان ئۇ تاشلىق قىرغاق.
ۋەيران بولغان،
كېپىنەكلەر يايرىغان ئوتلاق.
كېپىنەكلەرنىڭ ئۇچماق بولۇپ ئۇرۇنغىنىنى
غەرق قىلغان بوران دېڭىزغا،
ياكى ئۇچۇرۇپ.
ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولۇتقا.
ئۇ كېپىنەكلەر،
تاغۇ - تاشقا يامىشىپ ياشاپ،
بوران ئىچىدە جېنىنى ساقلاپ،
قاناتلىرىنى يوقىتىپ ئاخىر،
ئايلىنىپ قالغان،
يامىشىدىغان، ئۆمىلەيدىغان،
ئالا - چىپار بىر خىل قۇرتقا.
ئۇچۇش نېمە،
چېچەك نېمە ۋە شىرنە نېمە،
شۇندىن باشلاپ ئۇلار بىلمىگەن.
ئوتلاقتىكى باشقا قۇرتلار،
ئىچكەننى ئىچكەن، يېگەننى يېگەن.
قالغان پەقەت قاناتنىڭ ئىزى،
ئىسپاتلاپ،
بىر زامانلار ئۇ قۇرتلارنىڭ،
ئەسلى كېپىنەك بولغانلىقىنى.
كېيىن بولسا، قارا بوراننىڭ،
قۇرت قىلىپ قويغانلىقىنى.
تاشلاپ كەتمىگەن شۇندىمۇ ئۇلار،
كېپىنەك بولۇپ تۆرەلگەن يەرنى.
تېخى ئۇنتۇپ قالمىغان دۇنيا،
ئۇ قاناتسىز كېپىنەكلەرنى!
بىراق ئۇلارنىڭ خىلى توغرىلىق،
كېلىپ چىقتى قىزغىن دەتالاش،

نۇرىتۇر كىتاب تور بېكىتى www.nurkitap.com

ھەر خىل باھا ۋە ھەر خىل قاراش،
خېلى ئۇرغۇن ئىلىم پەرەسلەر،
بىر - بىرىنى قىلدى خامتالاش.
بىرى دەيدۇ، بولسا قاناتسىز،
كېپىنەككە خاس بىر ھاياتسىز،
ياشاۋاتسا نەق قۇرت بولۇپ،
نېمە ئۈچۈن دەيمىز كېپىنەك؟
بىرى دەيدۇ، بۇ سۆزۈڭ خاتا،
قۇرت ئەمەس ئۇلار ئەسلىدىن،
كېپىنەك بولغان نەسلى - نەسلىدىن،

پەقەت بوراندا قالغان نا ئىلاج.
قاناتلىرى ئۆسمىدۇ يەنە،
يول ئۈزگەرتسە شامال ئېقىمى،
بوران توختىسا،
ئېچىلسا چېچەك...
مەن ئالىمغۇ ئەمەسمەن، ئەمما —
دىققىتىمنى تارتتى بۇ تالاش.
ئۇ ئاجايىپ كەچمىش ۋە تەقدىر،
خىيال باسقان تۇتۇق ئېڭىمدا،
پەيدا قىلدى شېئىرىي يالتىراش.

## يامغۇرسىز چاقماق

1

بۇ جايدا،
بىر - بىرىگە قول بېرىشىدۇ،
پامىر بىلەن تەڭرى تاغلىرى،
ئۇچرىشىپ قالغان ئىككى پالۋاندەك.
ياكى قىزغىن قۇچاقلىشىدۇ،
ئۇزاق ۋاقىت ئايرىلىپ ئەمدى —
يۈز كۆرۈشكەن ئۇرۇق - تۇغقاندەك.
يانتۇ سايلار تۆۋەنگە قاراپ،
ئاشۇ جايدىن يايىدۇ ئېتەك.
ئۇندا سايلار ۋە قۇرغاق تۈزلەڭ —
ئەسىرىي سۈكۈت بىلەن ياتىدۇ.
كەڭ جاھاننى ئايلىنىپ كېلىپ،
ھېچقەيەرگە پاتمىغان قۇياش،
ئاخشاملىرى
ئاشۇ جايغا كېلىپ پاتىدۇ.
ھە، ئۇ قۇياشنىڭ كەچلىك ماكانى،
كۆپ زامان بولدى،
ئۇزاق كېچىلەر،
قۇياش ئۇندا ئۇخلاۋاتىدۇ.

2

قۇياش ئۇخلايدىغان ئۇ چەتتە،
تاغلار ئۇتىشىپ تۇرغان بۇرجەكتە،
ئېدىرلارغا قويغان چاغدا باش،
ئۇ قېرى قۇياش،
يالتىرايدۇ بىر غايىب چاقماق،
ياز كۈنلىرى ھەر كۈنى كەچتە.
چاقماق پەيدا بولغان تەرەپتە،
كۆرۈنىدۇ بىر پارچە بۇلۇت.
ئۇ چاقماقنىڭ نۇرلىنىشلىرى
بولىدۇ ئايان،
گويا ئىسلىشىپ تۇرغان قاپقارا —
تۈتۈن ئىچىدىن كۆرۈنگەندەك ئوت.
ئۈمىد قىلىسەن،
ئۇنى يامغۇر ئالامىتى دەپ —
قاغجىرىغان ئاسمان يۈزىنى،
نەم بۇلۇتلار قاپلايدۇ پۈتۈن.
تەشنا يەرنى سۇغا قاندۇرۇپ،
يامغۇر يېغىپ چىقىدۇ بۇ تۈن!
ئەمما كېچە تىنىچ ئۆتىدۇ،

ئۇ چاقماقتا،
يۈز بەرمەيدۇ ھېچبىر ئۆزگىرىش،
يا زورايماق، ياكى يوقالماق.
گۈلدۈرماما ئاۋازىمۇ يوق،
چاقنايدۇ پەقەت،
بولۇپ شۇنداق يامغۇرسىز چاقماق.
لېكىن بەك گۈزەل.
قاراڭغۇلاشقان بوستان ئىچىدە،
چوغ رەڭگىدە ئېچىلغان گۈلدەك.
ياكى مېتال كەپشەرلىگەندە،
تۇن قوينىغا تارقالغان نۇردەك.

3

بولمىسا شۇنداق ئۇنىڭ يامغۇرى،
يا يوقالمىسا ئاسماندىن نۇرى،
تۇرسا يەرنى ئۈمىدلەندۈرۈپ،
يا تۇتاشمىسا ئۈمىدكە يولى،
قانداق ئىش بۇ؟ ئۇ بولدى نېمە؟
قانداق گۈل بۇ توزۇمايدىغان،
كەچتە غەربىي ئۇپۇقتا ئۈنگەن؟
ياكى باشقا بىر بېشارەتمۇ،
بىزگە چاقماق بولۇپ كۆرۈنگەن؟
ئويلايسەن شۇنداق،
بۇ ۋادىلاردا،
بولغان ئىدى مۇنداقمۇ زامان:
قار قاپلىغان يېقىن تاغلارنى،
دەريالاردىن ئۆرلىگەن تۇمان.
بۇلۇتلارغا ۋە چاقماقلارغا
ئەركىن ۋەتەن بولغان بۇ ئاسمان.
چاقماق كەينىدىن قۇيۇلغان يامغۇر،
زېمىن كۆلچەن يامغۇرغا تويۇپ،
سۈزۈك سۇلار ئاققان مول بولۇپ،
بولغان ئىدى ئوتلاق ۋە ئورمان —
چەكسىز دەشتلەر ۋە قۇملۇق ماكان.

كېيىن قانداقتۇر بىر ئاپەتلىك كۈچ،
جازالىغان يەر ۋە ئاسماننى.
تامچە سۇغا زار قىلىپ قويغان،
قاقشال قىلىپ قۇرۇق قورايدەك،
بۇندا ئىنساننى.
چاقماقلارنىڭ بۇ سىرلىق نۇرى،
قالغانمىكىن شۇ چاغدىن ئامان؟
تاغنىڭ قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلىرىگە
كىرىپ ئالغان بولسا مۆكۈنۈپ؟
تېنەپ يۈرگەن بولسا سەرگەردان،
ۋە زېمىندا قوزغاپ ھاياجان —
بىز ئۆلمىدۇق، تېخى ھايات دەپ،
ھەر ئاخشىمى چىقامدۇ كۈلۈپ؟
ياكى بولمىسا،
موھتاجلىقتا ئۆلگەن ھەربىر جان،
ئارماندا كەتكەن يۈز مىڭلاپ ئىنسان،
قايىل بولماي ئۆز ئۆلۈمىگە،
توپلاپ ئىبلىپ ئەزگۈ روھىنى —
چاقماق نۇرى بولۇپ كۆرۈنۈپ،
كۆتۈرەمدۇ ئاشۇنداق ئىسيان؟

4

شۇ تەرەپتىن ئېقىپ كېلىدۇ
بىر ئۆستەڭلا سۇ،
ئۇنىڭ نامى — چاقماقنىڭ سۈيى.
ئۇ كېلىدۇ ئۇقچۇپ - ئىنتىلىپ،
قاقاس سايىنىڭ باغرىنى يېرىپ،
ئۇ سايىنىڭمۇ ئوخشاش نامى بار:
— چاقماقنىڭ سېيى.
ئارانلا كۆكىرىپ تۇرغان بىر چوڭ يۇرت
بەكلا كىچىكلەپ كەتكەن بوستانلار،
ئورۇنلاشقان شۇ سۇنى بويلاپ.
قالىسەن ئويلاپ —
ئۇندا ھاياتلىق،

بىر گىرۋەككە قالغان قىستىلىپ،
كۆكلەپ تۇرىدۇ ئىنسان بالىلىرى،
سۈسىزلىقتا كۆنگەن چاتقاللاردەك —
تاغۇ - تاشقا چىڭ يىلتىز يېيىپ.
زېمىننى كەڭ ياراتقان قۇدرەت،
ئۇلار كۆكلەيدىغان بۇرجەكنى
قىلىپ قويغان ئاشۇنچىلىك تار.
ھەي، ئۇلارمۇ بىر تىرىك جانغۇ،
كۆڭلى يۇمشاق، ياۋاش ئىنسانغۇ،
ئېيتقىنا سەن زالىم تەبىئەت،
مۇنچىۋالا قىلىدىغانغا خار،
ئۇ ئىنسانلاردا نېمە گۇناھ بار؟
تارتىۋالدىڭ كەڭلىكلىرىنى،
ماكان قىلىپ بېرىپ بورانغا،
قۇمغا باستۇرۇپ،
ئەسلى يېشىل بولغان يېرىنى،
قىلىپ قويدۇڭ چەكسىز باياۋان.
ئۇ كەڭلىكلەردە،
ھەپتىلەپ ئايلاپ،
يول يۈرىدۇ جاپاكەش كارۋان ...

5

سۈرۈشتۈردۈم ئۇ سۇ توغرىلىق،
سۆزلەپ بەردى قېرى تاغچىلار.
ئۆمرى تاغۇ - تاشلاردا ئۆتكەن،
ئوتۇنچىلار بىلەن مالچىلار.
تەڭرى تېغىنىڭ چوققىلىرىدا
ئۇلۇغ سۇلۇق كۆللەر بار ئىمىش —
ئاقمايدىغان، يوللىرى ئۈزۈك،
سۈيى چوڭقۇر، مۇزدەك سۈپسۈزۈك،
قارلىق قىيالار بىلەن قاپسالغان،
بورانلىق دېڭىز كەبى چايقالغان،
ئۇ كۆللەرگە،
بۇلۇت بىلەن چاقماق يار ئىمىش.

يول تاپالماي ياتقانىمىش ئۇ سۇ —
يىراق تاغلار ئىچىگە مۆكۈنگەن.
شۇ كۆللەرنىڭ ئۈستىدە ئىمىش،
ئۇ چاقماق —
ئاخشاملىرى بىزگە كۆرۈنگەن.
تاغلار تەكتىدە بېسىلىپ ياتقان
تۇتاش زېمىننىڭ
چوڭقۇر، ئىنچىكە تومۇرلىرىدىن،
كۆلنىڭ سۈيى چىقارمىش سىرغىپ.
تامچە - تامچىلاپ،
بۇ تامچىلار سايدا قوشۇلۇپ،
ھاسىل قىلىپ كىچىك بىر ئېقىن،
بولۇپ ئاشۇنداق چاقماقنىڭ سۈيى،
چۈشۈپ كېلەرمىش،
ئويناقلىغان كېيىكتەك چېپىپ،
توشقاندەك ئىرغىپ ...
دېمەك، بۇ يەرنى سۇغارغان ئۇ سۇ،
مىليونلىغان تامچە.
ئەي، خۇدا!
تەقسىملەمدۇ سۈنى ئاشۇنداق،
بۇ دۇنيا،
بولغاندىمۇ يۈزسىز ھەرقانچە؟

6

قاقاس تاغقا قىستاپ قويۇلغان
بۇ ھاياتلىق گىرۋەكلىرىدە —
يالتىرىغان يامغۇرسىز چاقماق،
پەيدا قىلدى مەندە زىلزىلە.
خىتاب قىلدىم ئۇنىڭغا قاراپ:
تۇرما مۇنداق ئۈنسىز يالتىراپ.
شۇنچە سۈنى نېمە قىلىسەن،
چوققىلاردا ئەسىرلەپ ساقلاپ؟
سادا بەرگىن، گۈلدۈرلە ئەمدى،
ۋە ھۆركىرە ئويغانغان شىردەك.

تەشنا سېنىڭ كۆلدۈرلىشىڭگە،
چاڭقاپ تۇرغان قېرىنداشلىرىم،
سەن ئۇلارغا مەدەت بەر بىردەك.
ھۆركىرە شىردەك!
تەۋرىسۇن يەر، يېرىلسۇن تاغلار،
دەريا ئېقىپ كەلسۇن كۆللەردىن.
يەر ۋە سۇغا بولايلۇق ئىگە،
ئىگىلەپ زېمىن،
بوران ئىلكىدە قالغان چۆللەردىن...
كۆرمىدىڭمۇ ئاۋۇ بوۋاينى،
ئىشىك ئالدىدا خىيالغا پاتقان؟
قاراپ قالدى قاۋۇل بىر يىگىت،
پىكاپ ئۆتۈپ كەتكەندە چاققان.

شەھەرلىك قىزنىڭ يىپەك كىيىمىنى
يېزىلىق چوكان تۇتۇپ باقىدۇ.
كېيىك كۆزلۈك بۇدرۇق ئوغۇللار،
ئۆزمەكچى بولۇپ،
تار ئۆستەڭدە غۇلاچ ئاتىدۇ.
ئۆسۈپ يېتىلگەن بۇ يېڭى نەسىل
بۇ قىستاڭغا پاتمايۋاتىدۇ.
ئىزدەيدۇ ئۇلار،
ھاياتلىقنىڭ كەڭلىكلىرىنى،
كۆرمىدىڭمۇ بولارنى چاقماق؟
شۇنداق ...
بىزگە كۆپ ئېغىر چۈشكەن،
دەريا - دەريا سۇنى يوقاتماق!

## مېنىڭ ئەمەس بۇ كۆلەڭگىلەر

مۇنداق گەپنى ئاڭلايتتىم تولا:
شەيتان ئازدۇردى... شەيتان ئازدۇرغان...
تويماي قالدىم،
مېنىمۇ بىر رەت —
ئازدۇرۇپ كەتتى بىر قېرى شەيتان.
ئارقىسىدىن ئەگىشىپتىمەن،
كۆرۈنسە ماڭا بولۇپ ئۇ ئىنسان.
بولغان ئىكەن ئەسلى يېمەكچى،
كۆزىدە نۇر يوق ۋە يۈزىدە قان...
غەلىتە ئىدى مەن كىرگەن كوچا،
دەرەخلىرى ئىسلىشىپ تۇرغان.
شەپەرەڭلەر ئۇچۇپ يۈرەتتى،
ئاچ مولۇندەك ياۋۇز ۋە يوغان.
يېغىۋاتاتتى قارا رەڭلىك قار،
قاپلاپ كېلەتتى تۇتتۇندەك تۇمان.
يېپىلگەنلەرنىڭ ئىزى بار ئىدى،
مېنىڭ ئالدىمدا،
ھەر بىر ئىزدا تامچە - تامچە قان...
ئاسمان گۈمبىزى خۇمداندەك قارا،

ئاي كۆرۈنمەيدۇ، يۇلتۇزلارمۇ يوقە
چۈشىدۇ پەقەت دېرىزىلەردىن،
سېرىق رەڭلىك ئاجىز بىر يورۇق.
مەن قورقمىدىم، ماڭدىم خاتىرجەم،
قەدىمىم دادىل، تىك ئىدى گەۋدەم.
لېكىن بايقىدىم، سارغۇچ يورۇقتا —
ئۆزگىرىپ تۇردى مېنىڭ كۆلەڭگەم.
بىردەم سېمىز ۋە بىردەم ئورۇق،
بىردەم يېرىم ۋە بىردەم تولۇق.
بىردەم ئۇزۇن ۋە بىردەم قىسقا،
ئوخشاپ كېتىدۇ يېپىلغان ئىسقا.
بىردەم كېپەن — قات - قات ۋە يەڭسىز،
بىردەم تېرە — قاقشال، كېلەڭسىز...
كۆلەڭگىلەر كۆلەڭگە تۇغۇپ،
بىر - بىرىگە كېلىپ قوشۇلۇپ،
تولدى غەلىتە شەكىللەر بىلەن
پۈتۈن كوچا — يېقىن ۋە يىراق،
نېمانداق كۆپ كۆلەڭگىلەر بۇ،
ئۆزگىرىدۇ مۇنداق نېمىشقا؟

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى

كۆلەڭگەمنى كۆپەيتىۋەتكەن —
بۇ قانداق چىراغ؟
چىراغقىمۇ ئوخشىمايدۇ ھېچ،
كوچا بويلاپ چېچىپ تۇرىدۇ،
ئوغرى مۈشۈكنىڭ كۆزىدىن قايتقان —
نۇرغا ئوخشاش سېرىق يالتىراق.
نېمىشقا ئاسىدۇ مۇنداق چىراغنى،
بۇ ئادەملەر ساراڭمۇ ئۆزى؟
قاراپ باقتىم ئاخىر زەن سېلىپ،
ياق، ياق،
ئۇ چىراغ ئەمەس،
ئەرۋاھنىڭ كۆزى —
لامپۇچكىدەك پۈلتىيىپ تۇرغان.
كولاپ ئېلىپ ئۇنى گۆرىدىن،
ئېسىپ قويۇپتۇ ئۆيلەرگە شەيتان.
ئاچ ئەرۋاھقا ياغ پۇراتمىسا،
تەلەپ قىلار ئىمىش يېڭى قان.
ھە، ئۇ ئەرۋاھنى مەن تونار ئىدىم،
ئۇ ئۆلگەنگە بولغان كۆپ زامان.
تېخى ئۆلمىگەن چېغىدا ئادەملەر —
ئۇنى شەيتاننىڭ دوستى دەيدىغان.
ئۆتكەن ئۇ ئادەم،
كوچا قىزىنى قىزىم دەپ بىلىپ،
ياتنىڭ ئوغلىنى ئۆز ئوغلى قىلىپ،
ئاچ قېلىشى بەرھەق بىر ئىش - تە،
پۈشتى بولمىسا ياد ئەيلەيدىغان.
شەيتاننىڭ قەستى،
تالان - تاراج قىلدۇرۇپ مېنى،
ئاشۇ ئەرۋاھقا،
ئۇنىڭ ئىززىتىغۇ شولىسى بىلەن
ئالماق ئىكەن جان.
بىلىپ قالدىم مەن ئۇ كۆزلەرنى،
شۇنداق تونۇش ئابدالنىڭ كۆزى!
ئۇزۇن چاپان ۋە مەخسۇم تۇماق،
خۇرجۇنىدا كېپەك ۋە قوناق،
مىنىۋېلىپ قېرى قېچىرغا،
بالا چېغىمىز،
يۇرتىمىزغا كېلەتتى ئۆزى.
كۆرسە تىلەپ، كۆرمىسە بۇلاپ،
نېمە كۆرسە شۇنى ئوغرىلاپ،
خۇرجۇنىنى توشقۇزار ئىدى،
خۇرجۇنىغا تەڭ سىغار ئىدى —
ھالال ۋە ھارام.
ئاچ كۆزلىرى پۈلتىيىپ چىققان —
لامپۇچكىغا ئوخشايتتى تامام.
قەھرىم تۇتتى، كەلدى غەزىپىم،
ۋارقىرىدىم:
ئەي، ئۇرۇق شەيتان،
ئىشقا ئاشماس قەستىڭ سېنىڭكى.
ئاچ ئەرۋاھنىڭ كۆزلىرى بىلەن،
كۆلەڭگەمنى بۇلغىما مۇنداق،
بۇ كۆلەڭگىلەر ئەمەس مېنىڭكى!
گۈلدۈرمامىدەك چىقتى ئاۋازىم،
تىك تاغلاردىن قايتتى سادايىم —
بوران كەبى ئۇچۇپ ۋە ياڭراپ.
بۇ قۇدرەتلىك سادانى ئاڭلاپ،
قورقۇپ كەتكەن قېرى شەيتانمۇ
ئايلىنىپ قالدى دەرھال ئەرۋاھقا.
كۆزگە ئوخشايدىغان لامپۇچكىلار،
ۋە لامپۇچكىدەك پۈلتايغان كۆزلەر
خوراز چىللىسا قاچقان جىنلاردەك،
غايىب بولدى ئاللىقاياققا.
مەن ئويغاندىم ئۆز ئاۋازىمدىن،
كوچا ئىدى يورۇق ۋە پارلاق.
تاپا قىلدى دوستلىرىم مېنىڭ،
ئادەم ئۇخلامدۇ شۇنداقمۇ ئۇزاق؟
دېدىم مەن كۈلۈپ،
ھېچۋەقەسى يوق،
يېرىمى ئويقۇ ئىنسان ئۆمرىنىڭ،
قارا باسقان بولسىمۇ بىراق،
بىلىپ قالدىمغۇ،
شەيتان ئازدۇرسا بولىدۇ قانداق؟

چاپپار ئەھەت

# شېئىرلار

## تاڭ سەھەردىكى پىنھان تۇيغۇلار

1

تۈنۈگۈن ئاخشام
ئۇيقۇمنىڭ يەلكىنىنى ئېلىپ قاچتى شامال،
بۇنىڭغا نېمە ئامال؟
كىرپىكلىرىمنى قانچە جۈپلەپ باقتىم،
لېكىن غالىب كەلدى ئوي - خىيال،
بۇنىڭغا نېمە ئامال؟

2

تاڭ سەھەر
سۇنبۇل چاچلىرىڭنى تارىدى شامال.
يۈزۈڭدە جىلۋىلەندى تاڭ شەپىقى،
قەلبىمنى يېڭىباشتىن قىلىپ قامال.
شۇ تاپتا
سەن ئوخشايتتىڭ
ئالتۇن كۆكۈللىق ھۆر پەرىزاتقا.
قەلبىم گۈمبىزىنى نۇرغا تولدۇرۇپ،
شولا چاچاتتىڭ كەڭ كائىناتقا.

3

تاڭ!
سېنىڭ لەۋلىرىڭ نېمە دېگەن سۈزۈك؟
ئوخشايسەن قىزىلگۈلنىڭ قات - قات بەرگىگە.
يۈزۈڭدە نېلۇپەر قىزىللىقى،
گويا چىمقاندەك قىزلار سەيلىگە،
چىقىپ كەلدىڭ قۇياشنىڭ ئەلچىسى بولۇپ.

4

كوچا بويلاپ،
ئاۋازىمنى قويۇۋەتتىم مەن،
سىڭىپ كەتتى مۇڭلۇق ناخشام تاڭنىڭ
قوينىغا.
شۇ چاغ يۈرىكىم سېنى ئىزدەپ،
تىنىمسىز گۈپۈلدەپ،
زادىلا چۈشمىدى ئورنىغا.
ناخشام ئاۋازى ساڭا يەتكەنمىدۇ،
ياكى قوشۇلۇپ كەتكەنمىدۇ
سېنىڭ ئۇيقۇڭغا؟

5

كۆپكۆك ئاسماندىكى تولۇن ئاي
چولپاننى قوينىغا ئېلىپ،
ئاستا ئۈزاپ كەتتى يىراققا.
ئۇ ئوخشايتتى
بىپايان ئوكياندىكى تەنها قولۋاققا.
مەن چاقىردىم ئۇنى:
— قايتىپ كەلگىن دەرھال بۇياققا!
لېكىن ئاڭلىمىدى ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى.

6

قاراپ تۇرسام بىر پارچە بۇلۇت
توسۇۋالدى ئاينى، يۇلتۇزنى.
ھەسرەت بىلەن يۇمۇپ كۆزۈمنى،

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئاچسام بىر چاغدا،
بىر ئىلاھىي قۇدرەت قوغلاپ بۇلۇتنى،
كۆكسىنى قىلىپتۇ تىغ بىلەن پارە.
يەنە كۆردۈم چاقناپ تۇرغان
ئاينى، يۇلتۇزنى،
ئەركىن ئۈزۈپ يۈرەر ھەممە سەييارە.
بىر سادا كەلدى يىراقتىن ماڭا:
— دوستۇم، غەم قىلما!
ئاينى ئىتەك بىلەن يېپىپ بولمايدۇ،
كۈننى بۇلۇت مەڭگۈ توسۇيالمايدۇ!

7

تېلېۋىزور ئېكرانىدەك
خىيال ئەينىكىمدە،
نامايان بولدى سىنىڭ سۈرىتىڭ،
چاقناپ كەتتى گۈزەل قامىتىڭ.
كۆردۈم تاك چېغى بۇ سۈرەتتىن
باھار چاغىنى
ياشلىقىمىزنىڭ چارباغىنى.
كۆردۈم باھار ئېكرانىدا
ئۇغۇللىرىمىزنى، نەۋرىلىرىمىزنى،
ئۇلار يۇلتۇز كەبى ئوراپ بىزنى،
ھاسىل قىلىپ بىر گۈل چەمبىرەك،
چۆگىلەيتتى ئەتراپىمىزدا
ھۆكەر يۇلتۇز كەبى يالتىراپ.

8

سەن ئويغانغاندا،
ئاپئاق، سۈزۈك تاڭ شەبنەملىرى
كىرپىكىڭگە قالدى ئىلىنىپ،
شۇ شەبنەمدەك پاك مۇھەببىتىمنى
بايان قىلسام ساڭا يېلىنىپ؛
گەرچە جاۋاب قايتۇرمىساڭمۇ
كۆزلىرىڭدە ياندى ئۇچقۇنلار،
سۆزلىرىمنى مۇقەددەس بىلىپ.

9

قاياقتىندۇر،
قوشنا ئۆيلەرنىڭ بىرىدىن
«ئىڭگە!» دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى.
دۇنياغا كەلدى دەپ يېڭى بىر بوۋاق،
تەبەسسۇمۇ دەرھال جانلاندى.
تەگرىدىن تىلىدىم بوۋاققا بەخت،
— ئۆمرى بولسۇن، — دەپ، — تاڭ كەبى
پارلاق!

10

تاڭ شەپىقىنى خەنجەردەك كېسىپ،
قانات قېقىپ ئۆتتى بىر تورغاي،
شەپەققە مەدھىيە ئوقۇپ چۇچۇلاپ.
ئىزھار قىلغاندەك ئانا دىيارغا
بولغان ئىشقىنى ماڭا ۋىچىرلاپ.
نەپەس ئالدىم تاڭ ھاۋاسىدىن،
ئۆپكەمنى تولدۇرۇپ،
ئۇنىڭ سايرىشىنى دىققەتتە ئاڭلاپ.
— ئاھ، قانداق گۈزەل تاڭ سەھەر پەيتى!
دېدىم ئۆز - ئۆزۈمگە پىچىرلاپ.

11

لەرزان تاڭ شاملى،
نېمىدېگەن يىلىلىق،
قانداق يېقىملىق!
مەن يەكتىكىمنى يېشىپ،
كۆكسۈمنى ئۇنىڭغا زوق بىلەن تۇتتۇم.
تاڭنىڭ ھاۋاسىدىن بەھۇزۇر يۇتتۇم.
ئۇ ئېلىپ كەلگەندە گۈللەر ھىدىنى.
يۇمران مايسىلارنىڭ خۇش پۇرىقىنى،
بىردىنلا تېتىكلىشىپ،
كەتتىم روھلىنىپ،
قايغۇ - ئەلەملەرنى تامام ئۇنۇتتۇم.
1991 - يىلى، سېنتەبىر

## بوغدا كۆلىدە تۇغۇلغان ئارمان

ئاھ، بوغدا!
سېنى ئەينەك قىلىپ تۇتتۇم ئاسمانغا،
كۆك ئاسمان، ئاق بۇلۇت، چېقىننى كۆردۈم.
سېنى ئەينەك قىلىپ تۇتتۇم ھەر يانغا،
ئەكسىدە يىراق ۋە يېقىننى كۆردۈم.

بىر جۈپ ئاق قۇ ئۇچۇپ كەلدى قىرغاققا،
بىر جۈپ بۈركۈت ئۇچۇپ كەتتى يىراققا،
چارۋىلار بۇلۇتتەك ئۆرلىدى تاغقا،
كۈمۈشتەك پارقىراق ئېقىننى كۆردۈم.

قارىغايلار جىمىرلىدى ئۇسسۇلچى قىزدەك،
ئازغان چېچەكلىرى ئاپئاق يۇلتۇزدەك،
كۆرۈندى ئوت - چۆپلەر قارا قۇندۇزدەك،
چۆپ ئارا سىيغىنچى كېلىننى كۆردۈم.

كۆردۈم مەن ئەكسىدە كۈندۈزى كۈننى،
ئالمىشىپ تىپتىنچ قاراڭغۇ تۈننى،
كۆردۈم تۈنۈگۈننى ھەمدە بۈگۈننى،
چايقىلىپ تۇرغان كەڭ زېمىننى كۆردۈم.

بىر ئارمان تۇغۇلدى قەلب - كۆكسۈمدە،
سېنىڭ شۇ ئەينەكتەك تىنىق ھۆسنۈڭدە،
كۆرسەم ئەتىنىمۇ كۈمۈش ئەكسىڭدە،
مەن قانداق بەختىيار بولغان بولاتتىم؟

1985 - يىل، ئاپرېل

## ھەيرانلىق

ھەيران قىلىش ئۈچۈن مىنۇت كۇپايە،
ھەيران قالدۇرۇشقا كېرەك قانچە يىل؟
ھەيران بولۇۋېرىپ ئۆتسەڭ سىپايە،
ھەقلەرنىڭ ئالدىدا بولمامسەن خىجىل؟

باشقىلار يول ئالدى پىلانېتىغا،
ئالەم كېمىسىگە ئولتۇرۇپ خۇشال.
سەن بولساڭ ئېغىنچە قاراپ ساماغا،
ياقاڭنى ئۇشلايسەن بولۇپ ھەيران - لال.

قولۇڭدا تۇرۇپمۇ پەننىڭ ئاچقۇچى،
ئاچمىساڭ ئىشىكنى، ئېچىپ بېرەر كىم؟
ئىجاد، ئىختىرادا بىلىمنىڭ كۈچى،
بىلگەننى ئىشلەتكەن بولىدۇ ھاكىم.

ھەيران قالدۇرغۇدەك نۇتۇق سۆزلەشتىن،
ھەيران قالدۇرغۇدەك ئىش قىلىش ئەلا.
ئۆزلۈكسىز ئىزدىنىش، كۈچەپ ئىشلەشتىن،
يېشىلۇر ھەر قانداق قىيىن مۇئەمما.

پەن - بىلىم ياشنىتار ۋەتەن، مىللەتنى،
ئىلىمسىز مىللەتنىڭ بېشىمۇ تۆۋەن.
ئەگەر يۇيماي دېسەڭ كونا ئىللەتنى،
ئىلىم دېڭىزىغا چۆككىن سەن تىرەن.

## دەريا

شارقىرايدۇ ئۆركەش ياساپ ئېقىن دەريا،
يۈرىكىمگە ھەممىدىن بەك يېقىن دەريا.
بۆسۈپ ئۆتۈپ توغانلارنى، توسمىلارنى،
تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلىدۇ چېقىن دەريا.

ئۇنىڭ كۈمۈش سۈيىگە مەن تەشنا ھامان،
تايچاقتەك شوخ ئېقىشىغا ئاشنا ھامان.
ئېيتسام ئاڭا دەردلىرىمنى باشتا ھامان،
پىچىرلىدى ماڭا ئاستا — سىيكىن دەريا.

ھاسىل قىلىپ يوللىرىدا نەچچە قاينام،
ئېقىپ كەلدى تاغ - تاشتىن تارام - تارام.

چاڭقاق يەرنىڭ يۈرىكىگە بەرگەچ ئارام،
رازى بولدى ئۇنىڭدىن باغ، ئېكىن، دەريا.
كۆمۈش سۈيى ئېتىز ـ قىرغا ھـايات بەردى،
مايسىلارغا ئارام بەخش، سۈبات بەردى.
بېلىقلارغا گويا ئۇچار قانات بەردى،
ياشناپ كەتتى ئۇنىڭـدىن كەڭ زېمىن،
دەريا.

مەنمۇ سەندەك ھېچ تـوختىماي ئاقسام
دەيمەن،
ئەزىز يۇرتىنىڭ كـۆكسىگە گـۈل تاقسام
دەيمەن.
ئەجرىم بىلەن ئەل كۆڭلىگە يـاقسام
دەيمەن،
ناخشىلىرىم بولسا ياڭراق گېمەن، دەريا.

## ئەللىيىگىدىن

ئەللىيىگىدىن ئەي ئانا، تۇنىنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى،
ئاسمانىدىكى يۇلتۇزلار بەس ـ بەس بىلەن نۇر چاچتى،
بۇلۇت باغرىنى يىرتىپ، تولۇن ئايمۇ يۈز ئاچتى.

ئەللىيىگىنىڭ مۇڭىدىن تاغلار چەكتى دەرد ـ پىراق،
تەڭكەش بولۇپ بۆشۈككە تەۋرەندى ئانا تۇپراق،
باغدا گۈللەر مەست بولۇپ، چاچتى سۇنبۇل خۇش پۇراق.

ئەللىيىگىدىن بوۋاقنىڭ لېۋىدە كۈلكە ئويناپ،
بولۇپ كەتتى بەك ئوماق، زىناقلىرى لېپىلداپ،
كۆردى سېنى چۈشىدە بوينۇڭنى چىڭ قۇچاقلاپ.

ئەللىيىگىنى ئاڭلاشقا ئويغاندى تاڭ ناز بىلەن،
بۇلبۇل شۇئان بولدى جور ساڭا خۇش ئاۋاز بىلەن،
ئالەم كەتتى جانلىنىپ، ناخشا ـ قوشاق، ساز بىلەن.



مۇھەممەد باغراش

# جەزىرە

(پوۋېست)

قاشىڭ قارا، كۆزۈڭ كۆك،
ئېيتاي دېسەم سۆزۈم كۆپ.

ياردەمچىلىكتەن مۇستەقىل شوپۇرلۇققا كۆتۈرۈلدۈم، دەپ خۇشال بولغانىدىم. كىم بىلسۇن، يەنىلا «يېرىم مۇستەملىكە» ئىكەنمەن. كالون رەھبەرلىكى تۈنجى سەپىرىمدىلا كالوننىڭ بىخەتەرلىكىگە مەسئۇل خادىمنى (ئۇ ئەسلىدە شوپۇر ئىدى) ماڭا قوشۇپ قويدى. دېمەك، ئۇلار ماڭا تېخىچە كۆڭۈل توختىتالمايۋاتاتتى. بۇ غۇرۇرىمغا تەگكەن بولسىمۇ، لېكىن ئىلاج قانچە؟ ھە، دېمەي بولمىدى.

بىز مېڭىپ كەتتۇق. بېرىپ كېلىش مۇساپىمىزنى قوشقاندا بەش مىڭ كىلومېتىردىن ئوشۇقراق يول يۈرۈشىمىز كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئادەم ئىنتايىن شالاڭ، يولنىڭ ناچارلىقى بىلەن داڭقى بار چوڭ چۆللۈكنى كېسىپ ئۆتمەكچى.

ماڭا بېرىلگەن ماشىنا يېڭىلا چوڭ رېمونتتىن چىققانىدى. بۇنداق ماشىنىلار ئادەتتە ئاۋۋال قىسقا يوللاردا قاتناپ بىر مەزگىل سىناق قىلىنغاندىن كېيىنلا ئۇزۇن سەپەرگە چىقىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ۋەزىپە ئالدىراش بولغىنى ئۈچۈن ماڭا سىناق پۇرسىتى بېرىلمىدى. مەن رولدا، ھېلىقى ئادەم مېنىڭ يېنىمدا. ئۇ مەن خۇددى بىر مۇددەتلىك بومبىنىڭ ۋىنتىسى بىلەن ھەپىلىشىۋاتقاندەك، سەۋەنلىك تۈپەيلى بۇ قەرەللىك بومبا پارتلاپ كېتىدىغاندەك، مېنىڭ ئەڭ ئۇششاق ھەرىكەتلىرىمگىمۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇرىدۇ. گاھىدا بۇرنۇمنىڭ ئۇچىنى تاتىلاش ئۈچۈن بىر قولۇمنى رولدىن بوشاتساممۇ جىددىيلىشىپ ئۆڭ-سۇلى قالمايدۇ:

— نېمە مايمۇندەك بىكار تۇرماي ئۇيەر - بۇ يېرىڭىزنى تاتىلايسىز؟ چاپسان رولنى تۇتۇڭ ...

ماشىنىدا ئولتۇرغان ئادەم دېگەن ئانچە - مۇنچە يول مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ ئولتۇرغاننى كۆرگەن. لېكىن بۇ ئادەمنىڭ كۆزى مەندىن ئاجرالمايدۇ. مېنىڭ كۆزۈمدىن، قولۇمدىن، پۇتۇمدىن ...

«يولغا قاراڭ، ئاسمانغا، قاسقانغا قارىماي ...»، «گازنى شۇنچە باسقان بارمۇ، قوتۇر ئېشەكنىڭ قۇيرۇقىغا نەشتەر قىستۇرغاندەك ... يېڭى ماتور ھېلىلا كاردىن چىقىدۇ، سەككىز كۈندە بىرىپ كەلسەك بولدى، ئاستا ھەيدەڭ ...».

ئىككىمىز ئوخشاشلا شوپۇر، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ ماشىنىنىڭ ئىگىسى مەن. بىر نېمە دەيمىكىن دەپ ئاغزىمنى نەچچە قېتىم ئۆمەللىدىم. لېكىن ئۆزۈمدىن ياشتا، ھۆرمەتتە چوڭ كىشى بولغىنى ئۈچۈن ئۈن چىقارمىدىم. مېنىڭ ھەر قېتىم خوت يۆتكىگەندە رىچاگنى ھېچ سەۋەبسىزلا ئۇياق - بۇياققا پۇلاڭلىتىۋېتىپ ئاندىن خوتقا سالىدىغان بىر يامان ئادىتىم بار ئىدى. مۇشۇ سەۋەبتىن شوپۇرلۇق كۇرسىدىمۇ تولا دەككەمنى يېگەنىدىم. بۇ ناچار ئادىتىمنى تۈزىتەي دەيمە - نۇ، يەنە بەزىدە يادىمدا يوق شۇنداق قىلىپ سالىمەن. شەھەردىن چوڭ تاشيولغا چىقىۋالغاندىن كېيىن، رىچاگنى بەشىنچى خوتقا سالىدىغان چاغدا يەنە شۇنداق قىلىپ ساپتىمەن. ئۇ ئادەم بىردىنلا ھۆرپەيدى:

— رىچاگ دېگەن كىچىك بالىنىڭ راۋتىپى ئەمەس گىلدىڭلىتىپ ئوينايدىغان ...

جان - پېنىم چىقىپلا كەتتى. قانداق تېجىمەل ماۋۇ؟ ھە دېمەيلا ئاغزىنى بۇزۇۋاتىدىغۇ؟ بىر تىقىپ تويغۇزۇپ قويايمۇ - يا! — لېكىن يەنىلا زۇۋان سۈرمىدىم. بىسمىللا دېمەيلا خاپىلىشىپ قالمايلى، يول تېخى ئۇزۇنغۇ ...

ئىچىمدە شۇنداق دېسەممۇ نېرۋىلىرىم قوتۇرىغىلى تۇردى. ئۇنىڭسىزمۇ، ئۇنىڭ مېنىڭ يېنىمدا خۇددى ئىشپىيوندەك كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ھەر بىر قىمىرلىشىمغىچە پايلاپ ئولتۇرۇشى جېنىمغا تېگىپ، ئارانلا ئولتۇراتتىم. مەن قېرىشقاندەك ئاكسىلاتورنى قۇلىقىغىچە پاتۇرۇپ، كىلومېتىر ئامپېرىنى بىراقلا 70 — 80 گە چىقىرىۋەتتىم.

— ھوي ... ھوي ...، ساراڭ بولدىڭىزمۇ! مېنى ئۆلتۈرەي دەمسىز؟ بالا - چاقىلىرىم بار ئادەممەن جۇمۇ! كالۇن بەلگىلەپ بەرگەن ۋاقىت يېتىدۇ، بۇنچە چاپىراقلىمىسىڭىزمۇ...

قارىسام، ئۇ كارمانىنىڭ تۇتقۇچىنى ئىككى قوللاپ جېنىنىڭ بارىچە قاماللىۋاپتۇ، قورققىنىدىن چىرايى ئاقىرىپ، كۆك كۆزلىرى چەكچىيىپ كېتىپتۇ. تويە رۇدۇپاي! كونا شوپۇر بولغىنىڭ بىلەن ھالىڭ شۇنچىلىك. مەن ئىچىمدە كۈلگىلى تۇردۇم. دېگەن بىلەن خېلى رولۋاي ئىدىم. شۇڭا بايىقى سۈرئەتنى ئۆزگەرتمەي كېتىۋەردىم. ئۇمۇ نېمىشقىدۇر جىم بولۇپ قالدى. كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا قارىسام، لەۋلىرىنى قىمىرلىتىپ ئۆزىچە نېمىلەرنىدۇر پىچىرلاۋېتىپتۇ. قورققىنىدىن ئېلىشىپ قالدىمۇ - نېمە بۇ ئادەم، ياكى ئايەت ئوقۇۋاتامدىغاندۇ؟ دەپ ئويلاپ قالدىم.

رولدا قېتىپ ئولتۇرغاچقىمىكىن، ھە دېمەيلا گەجگەم تالغىلى تۇردى. زېرىككىنى دېمەيسىز تېخى، مۇنۇ بېزۇتنىڭ ئورنىدا باشقا ئادەم ھەمراھ بولغان بولسا بۇنچىلىك

بۇرۇختۇم بولماس ئىدى كىشى. بۇ ئاخىرى كۆرۈنمەس يولدا ئانچە - مۇنچە كۆلكە - چاقچاق، ناخشا - پاخشا بىلەن ماڭىمامدۇ يول دېگەننى ...

دېمىسىمۇ بۇ ئادەم تۇرۇپ - تۇرۇپ، «قىلماڭ! ئەتمەڭ!»، «قانداق دېگەن گەپ بۇ!» دەپ چېقىۋېلىشتىن باشقا، يا بىرەر ئېغىز چاقچاق قىلىشنى، يا قۇلاققا ياققۇدەك ئىككى قوۋۇز گەپ قىلىشنى بىلمەيدىكەن. بىچارە خوتۇنۇڭ قانداق ئۆتىدىغاندۇ سەن چاقچاق ئوت بىلەن، ھېلىمۇ سېنىڭ بالاڭ بولۇپ قالماپتىكەنمەن، دېگەن ئوي بىلەن پۇشۇلداپ ئولتۇرغان ئۇ ئادەمگە پات - پات ھومىيىپ قويىمەن، بىر چاغدا يىراقتىن ھاۋا رەڭ يوپكا كىيگەن بىر ۋېلىسىپىتلىك قىزنىڭ قارشىمىزدىن كېلىۋاتقىنى كۆرۈندى.

— ئاستىراق، ئالدىڭىزدا ئادەم بار، — دېدى ئۇ ئالدىراپ. مەن ئۇنىڭ گېپى ئۈچۈن ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ خاھىشى بىلەن ماشىننى ئاستىلاتتىم.

— ھە، ... مۇشۇنداق! بىر ئوبدان.

ئۇ تۇنجى قېتىم مەندىن رازى بولغانىدى.

قىز يېقىنلاپ كەلدى. مەن قىزغا ئىشتىياق بىلەن سەپسالدىم، قالتىس چىرايلىق قىز ئىكەن. خۇددى كۈلۈپ تۇرغان غۇنچىدەك. قىزمۇ كابىنكىغا قاراپ ماڭدى. ئۆزى يولدا بولغان بىلەن كۆزى مەندە. ئۇدۇلۇمغا كەلگەندە قىزغا قاراپ كۆزۈمنى قىسىپ قويدۇم. قىزمۇ كۈلگەندەك قىلدى. ھەتتىگىنەي دەپ قالدىم، ئۆتۈشۈپ كەتتۇق.

— شوپۇر دېگەن جاننى ئالقانغا ئېلىپ قويۇپ ماڭىدۇ. رول ئۈستىدە ھاڭگىلد ياراشمايدۇ، جۇمۇ. يىگىتلىكىڭىزنى رولدىن چۈشكەندە قىلىۋېلىڭ! ساناپ تۇرۇس ئىككى سائەت ئىچىدە 13 قېتىم قائىدىگە خىلاپلىق قىلدىڭىز ...

كۆرە، ماۋۇ پىتىپاگزا تېجىمەلنى! ئەمدى مۇشۇ يەتمەي تۇراتتى. كىشىنىڭ ئىمانىنى ئۇچۇرۇپ. بايا ئۇنىڭ ئۆزىچە پىچىرلاپ ئولتۇرغىنى مەن ئويلىغاندەك خۇدايىمدىن ئامانلىقىمىزنى تىلەپ ئايەت ئوقۇغىنى بولماي، مېنىڭ خاتالىقلىرىمنى ساناپ ئولتۇرغىنى ئىكەن - دە، ئەسلىدە. ھۇ قىلىدىغان ئىشىنى تاپالمىغان قېرى جاسۇس! خۇدا بىر ئۇرۇپ تۇغۇ مېنى! ھېلى بىكار قان بولۇشۇپ كېتىمەن مانا ئەمسە دەپ!

ئۆزۈمنى بەكمۇ تەسلىكتە بېسىۋالدىم. رول تۇتقان بارماقلىرىم كىرىشىپ كەتتى. كۆزۈمدىن ئوت ياناتتى. ھېلىلا يېرىلىپ كېتىمەنمىكىن دەپ قورقىمەن. ئۆزۈممۇ تازا سەپرادىن. بوپتۇغا چىقىرىۋېتەي، ئاتا يولۇق ئادەم، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەشكىل ئەۋەتكەن، بىكار ھۆررۈ - پۆررۈ دېيىشىپ قېلىپ تەشكىلنىڭ ئالدىدا تىلىم تۇتۇلمىسۇن.

مەن لېۋىمنى چىشلەپ ئۈندىمىدىم. ئاكسىلاتورنى جان - جەھلىم بىلەن بولۇشىغا بېسىۋىدىم، ماتور پىرقىراپ كەتتى. «ئېشەككە كۆچۈك يەتمىسە ئۇر توقۇمىنى!» دەپتىكەن، ماتوردىن بولسىمۇ ئۆچۈمنى ئالدىم. ماشىنا ئۈركۈپ كەتكەن بايتالدەك ئوقچۇپ ئالدىغا تاشلاندى. ئۇ ئادەم دىڭگىدە چۆچۈپ، ماڭا چەكچىيىپ، ئاغزىنى ئۆمەللىۋىراق توختاپ قالدى، مېنىڭ ئەلپازىمدىن قورقتى بولغاي ...

ئاشۇنداق دوزاخ ئازابى ئىچىدە سەپەرنى داۋام قىلدىم، بۇ ئادەمنىڭ تەرسالىقى، ئۇششاق سۆزلۈكى جېنىمغا پاتتى. ئۇ، قۇتۇلاي دەپمۇ قۇتۇلغىلى بولمايدىغان بىر يۈك

www.uyghurkitap.com

ئىدى، تاشلىنىۋەتكىلى تېخى بولمىسا، بۇ مەككىنىڭ رودۇپپىينى، بۇ پاقالچاق سالجىسىنىڭ قىلىقلىرىغا چىدىماقتىن ئۆزگە نېمە چارە ئەمدى، سەپەرنىڭ ئۈچىنچى كۈنى دېگەندە، ئۇ ئۇشتۇمتۇت ئاغرىپ قالدى. بىردىنلا ھۆ قىلغىلى تۇردى. كەچكىچە بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، رەڭگىرويى ئۆلۈكنىڭ رەڭگىگە ئوخشاپ قالدى. ھېچ نەرسە يېمەيدۇ-يۇ، ھە دېسە غارقىرىتىپ قۇسىدۇ. قارىسىدا ھېچ نەرسە قالمىدى ئەمدى، دەپ تۇرسام يەنە قۇسىدۇ. بەزىدە كۆزنەكتىن بېشىنى چىقىرىشقا ئۈلگۈرەلمەي، كابىنكىنىڭ ئىچىگە قۇسۇۋېتىدۇ. ماڭا بولغۇلۇق ئەمدى بولغىلى تۇردى ... دەسلەپتە كارىم بولمىدى. لېكىن قارىسام بارغانسېرى بولالمايۋاتىدۇ. ئۆلۈپ قالامدىكىن دەپ قورقۇپ قالدىم. ماشىنىنى ماڭدامدا بىر توختىتىپ ئۇنىڭ ئاغزىغا سۇ تېمىتىمەن. پېشانىسىنى تۇتىمەن، چوغدەك قىزىق، بېشىغا چاپىنىمنى قويۇپ ياتقۇزۇپ تۈزەشتۈرىمەن. كابىنكىدىكى قۇسۇقنى تازىلايمەن ...

ئۇ ھېچ خۇدىنى بىلمەيدۇ. تۇرۇپ-تۇرۇپ جۆيلۈيدۇ: «بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنى، تېخى يۈكنى چۈشۈرمىسەك، دېگەن چاغدا يېتىپ بارالامدۇق-نېمە؟» دەيدۇ. تېخى. يېتىشكىنى ياتە، ئاكا، قانچە كۈن قالسا كارىڭ نېمە، دەيمەن ئىچىمدە غۇدىراپ. شۇنداق دەيمە-نۇ، يەنە ئۆزۈم بىئارام بولىمەن — تۈنجى قېتىم ۋەزىپە بىلەن يولغا چىقىپ، دېگەن مۆھلەتتە قايتىپ بارالمىسام، قانداق بولغىنى؟ رەھبەرلىك بىخمۇ ئىشەنمەس بولۇپ قالامدۇ؟ تەڭتۇشلەرنىڭ ئالدىدا قىزىرىپ-بوزىرىپ تەنقىد ئاڭلاپ تۇرغاندىن ئۆلۈم ياخشى ئەمەسمۇ ماڭا! يەنە كېلىپ ئۇ نېمىلەرنىڭ شاڭخوسىدىن قۇتۇلغىلى بولمايدۇ-دە. ماشىنىنى تېزرەك ھەيدىگىلى تېخى بولمايدۇ، يول بەك ناچار، ماشىنا قېقىلىۋەرسە، ماۋۇ ئادەم تېخى چىدىمايدۇ. شۇنچە ئاۋايلاپ ھەيدەۋاتساممۇ سېدىنىلىكتە ئولتۇرالماي نەچچە قېتىم پولغا دومىلاپ چۈشتى، نېمە بولساڭ بول! دەپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ مېڭمۇۋېرەيمۇ-يا...

پايانسىز چۆل قىزىغان تونۇردەك لاۋۇلدايدۇ. ھاۋادىن ئوت تەپتى ئۇرۇلىدۇ. قۇسۇقنىڭ قاڭسىق پۇرىقىدىن دىمىغىم ئېچىشىپ، بېشىم قايىدۇ. ماشىنىنى ئۆز ھالى ھەيدەپ كېتىۋاتىمەن. مۇشۇنداق كالا ھارۋىسى مېڭىشىدا ماڭسام 15 كۈندە ئاران يېتىپ بارارمەن كالونغا دەيمەن.

ئاخىرى بولماي ماشىنىنى بولۇشىغا قوغلىغىلى تۇردۇم. ئۇ ئادەم خۇددى تاشلاپ قويغان بوغچىدەك قېقىلىپ-سوقۇلغىلى تۇردى. پات-پات ئىڭراپ قويىدۇ. ئاشۇ ھالدا يېتىپمۇ يەنە «ماشىنىنى ئاۋايلاڭ دەيمەن!» دېيىشىنى ئۇنتۇمايدۇ، مەن ئۇنىڭ ئىڭراشلىرىغا پىسەنت قىلماي يولنىڭ ئەركەك-چىشىسىنى تاللىماي بولۇشىغا ھەيدىدىم، نېمە ئىشىم سېنىڭ بىلەن، مېنى نازەرەت قىلىپ چىققىنىڭ ئۈچۈن توي! بۇمۇ ئازلىق قىلىدۇ، ئادەم بار يەرگە بارسام تاشلاپ قېچىپ كەتمىسەم ھېساب ئەمەس. ئەتىسى ئۇ ئادەم پات-پات ھوشىدىن كېتىدىغان بولۇپ قالدى. يەنە بىر كېچە-كۈندۈز ماڭسام ئاندىن مەنزىلگە يېتىپ بارالايمەن، دوختۇرخانا پەقەت شۇ يەردىلا بار، قارىسام ئۇنىڭ چىرايى قارىداپ، لەۋلىرى قۇرۇپ يېرىلىپ كېتىپتۇ. كۆزى يېرىم ئوچۇق، ئۆزى ئاران تىنىپ ياتىدۇ.

بولمىدى، ئۆلۈپ قالامدۇ ـ لېمە؟ دەپ قالدىم ـ دە، سەل قورقتۇم. ئاخىرى ماشىنىنى يولـ
دىن خېلىلا يىراقتا، چۆلنىڭ ئىچكىرىسىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان كىچىككىنە مەھەللىگە تارتـ
تىم. تەلىيىمگە ئۇ يەردە تال ئۈزۈم بار ئىكەن. مەن بىر هويلىغا كىرىپ ئۈزۈمنىڭ غوـ
رىسىدىن ئۈزدۈرۈپ، ئۇنى راسا سىقىپ بىر چىنە غورا سۈيى قىلدىم. بۇ يەردە قېتىق
جىق ئىكەن، قېتىق بىلەن ئۈزۈم سۈيىنى ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىپ چىقتىم ـ دە، ئۇ ئادەمنىڭ
ئاغزىغا قۇيۇۋەردىم. دەسلەپتە تەستە يۇتتى. كېيىن غۇرتۇلدىتىپ ئىچىپلا كەتتى. ئاندىن
سۆگەتنىڭ چوكان تاللىرىدىن بىر تۇتام سۇندۇرۇۋېلىپ، مۇزدەك بۇلاق سۈيىگە چىلىدىم ـ
دە، ئۇ ئادەمنىڭ ئۇچىسىنى يالىڭاچلاپ دۈمبىسىگە تازا ساۋىدىم. ئاندىن يۇمغاقسۈت تاپـ
قۇزۇپ يۇمشاق چاناتتىم ـ دە، يۇمغاقسۈت قىيمىسىنى قېتىق بىلەن قوشۇپ ئۇنىڭ مەيدىـ
سىگە، غولىغا، پېشانىسىگە چاپتىم. بىرهازادىن كېيىن ئۇ ئادەم ئاستا ـ ئاستا كۆزىـنى
ئاچتى ۋە بېشىنى كۆتۈردى. ئىسسىتمىسىمۇ تۆۋەنلەپ كەتتى. مەھەللىدىكىلەر: سىلى كاتـ
تا دوختۇركەنلىيا غوجام! دېيىشىپ كەتتى.

ئۆزۈمـچە ماختانغـۇم كەلـدى. ئۇ ئادەممـۇ قىلغىنىمدىن بەك خـۇش بولۇپ كەتتى
بولغاي، قارىسام مەنـدىن يوشۇرۇنـچە كۆز ـ يېشىنى سۈرتۈۋېتىپتۇ. سېنىڭ كۆزۈڭدىنمـۇ
ياش چىقىدىكەن ـ دە، مەن تېخى جىسمىدا هېسسىيات دېـگەن نەرسە يـوق بىر باغـرى
تاش ئوغرى ئوخشايدۇ دەپتىكەنمەن... قارىسام، بىر نېمىلەرنى دېگۈسى بار. مەن ئالدىـ
راپ ـ تېنەپ كابىنكىغـا چىقتىم ۋە قوپالـلىق بىلەن ماڭايـلى ئەمـدى! دەپ ماشىنىنى
قوزغىدىم. مەن بىرەر ئىش قىلسام خەقنىڭ رەهمەت ـ هەشقاللىسىدىن بەك قورقاتتىم. كىـ
شىلەر مېنى قەلەندەر كۆرۈۋاتـقانـدەك خورلۇق هېس قىلاتتىم ۋە ياخشى ئىش قىلغىنىمغا
پۇشايمان يەپ قالاتتىم. ئۇنىڭ ئۈستىگـە ئەتىگـەنـدىن بۇيان ئۇ ئادەم هوشىنى يوقىتىپ
ياتـقانـدا، ماشىنىنى بولۇشىغا هەيـدەپ ئۇنى خېلى ئوبـدان قېقىپ ـ سوقۇۋالغانىدىم. شۇ
تاپتا نېمىشقىدۇر شۇ قىلىقىم ئۈچۈن سەل ـ پەل ئۇيۇلۇپ قالدىم. شۇڭـا بۇ ئادەم ئېغىـ
زىنى ئېچىپ بولغۇچە رولغا چىقىۋالدىم ۋە شۇ توغرىلىق سـۆز ئېچىپ قالامدىكىن دەپ
قورقۇپ، ئەتىسى چۈشكىچە قاپىقىمنى تۈرۈۋالدىم.

بەشىنچى كۈنى كەچقۇرۇن دېگەن جايغا يېتىپ باردۇق. شۇ كۈنىلا يۈكنى چۈشۈرۈـ
ۋەتتىم ـ دە، ماشىنىغا ئىككى تونىنا كونا تۆمۈر ـ تەسەك بېسىپ، ئانـچە ـ مۇنچە تاماقلىنىۋېـ
لىپلا ئارقامغا قايتىشقا تەرەددۇتلاندىم.

— سىزمۇ شۇ يەردە بىرنەچچە كۈن دەم ئېلىپ، كېيىنكى ماشىنىلاردا كېتەمسىز ـ
يا، ئاكا؟ — دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن تاماق يەپ بولۇپ ماڭىدىغان چاغدا. ئۇ ئادەم ماڭا
هەيران بولغاندەك لەپپىدە قاراپ قويۇپ:

— نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز؟ مەن ماشىنىدىن ئايرىلىپ قالالمايمەن. مېنى كالۇن
سىزگە هەمراه بولۇشقا ئەۋەتكەن، سىزدىن ئايرىلىپ سايەمگە هەمـراه بولامـتىم؟ بۇ دېـ
گەن ئۇزۇن يول، ئېرىق چۆلدە ماڭىدىغان گەپ. ئىككى ئادەم بىللە ماڭسا ئوبـدانىراق
بولىدۇ. ماشىنا دېگەن ئوقەتكە ئىشەنگىلى بولامدىغان؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە سىز تېخى يېڭى
شوپۇر، بۇ تەرەپنىڭ ئويـمان ـ چوڭقۇرىنى بەك بىلىپ كـەتمـەيسىز، بىرەر ئىش چىقىپ

قالسا كالونغا مەن جاۋاب بېرىشىم كېرەك. ئەمدى ئىككىمىز باشقا كەلگەنلىنى تىلغا ئالدىن... قورقالمىغان گەپ، — دېدى - دە، خۇددى مېنىڭ پارتلا قىلىپ قېچىپ كېتىشىمدىن قورققاندەك كابىنكىغا مەندىن ئاۋۋالراق چىقىپ ئولتۇرۇۋالدى. بىللە سەپەرگە چىققانلىقىمىزدىن بۇيان ئۇنىڭغا ئىشىز يېرىپ گەپ قىلىشىمۇ شۇ ئىدى. گەپ قىلغىنىمغا كېكەرتىپ قويىدى. ئوبدانراق ساقىيىۋالسۇن دەپمۇ ئويلىغىنىم بار، لېكىن راست گەپنى قىلسام مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ياناشىمدا «مۇستەقىللىك» نىڭ ھوزۇرىنى سۈرۈپ كېتىۋالماقچى ئىدىم. لېكىن بۇ ئادەم ئاللىقاچان مېنىڭ خىياللىرىمنىمۇ پايلاپ بولغان چېغى. ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى بولمىغۇدەك! مەن خورسىنىپ چوڭقۇر تىنىۋەتتىم - دە، نائىلاج رولغا چىقتىم.

شەھەردىن ئۇزاقلىشىۋالغاندىن كېيىن، ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى يەنە ئاشۇرۇشقا باشلىدىم. ئەمدى ئالدىرىمىسام بولمايتتى. ئالدىمدا يەنە قاق تۆت كۈنلۈك يول بار. ھازىر مېنىڭ ئىختىيارىمدا پەقەت ئىككى كۈنلا قالدى. كابىنكىدىن چۈشمەي كېچە - كۈندۈز توختىماي ماڭساقلا ئاندىن دېگەن قەرەلدە كالونغا يېتىپ بارالايتتۇق، بولمىسا كېچىكىمىز - كېچىككەن. ئۇ چاغدا... غەلىتە ئاغمىلەر بار شوپۇر دېگەننىڭ ئىچىدە، كۆزلىرى بىر - بىرىنىڭ تاپىنىغا تىكىلىك. ئۆزىدىن بىر قەدەم ئارقىدا قالغاننى كۆزگە ئىلىپمۇ قويمايدۇ. شوپۇر دېگەن بىلىمسىزغا تايىنىپ ياشايدىغان خەق. چىدام، غەيرەت، رىقابەت، ئەسلىشىش شوپۇر ھاياتىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى. ئىشتا «ئەل قاتارى» دېگەن گەپ يوق. كۆز بوياپچىلىق قىلىپ ھېچكىمنى ئالدىغىلى بولمايدۇ. يولدا ئۇ بولۇپ، بۇ بولۇپ... دەپ تىلىڭنى چايناڭمۇ بولدى. «نېمە؟ سەن شوپۇر ئەمەسمۇ؟ شوپۇر بولساڭ باھانە ئىزدىمە! ماشىنىغا كۆچۈڭ يەتسە قىل بۇ شوپۇرلۇقنى، بولمىسا ئىشىكىڭنى ھەيدە...» دېيىشىدۇ يۈزۈڭدىن - يۈزۈڭگە.

نەچچە كۈندىن بېرى پەقەت ماۋۇ ئادەمنىڭ چىشىغا تېگىش ئۈچۈنلا ئەتەي چاپراقلىغان بولسام، بۇ قېتىم ئىشنىڭ ئۆزى مېنى ئالدىرىتىۋاتىدۇ. شۇڭا بېلىم بىلەن بىلەكىمگە خۇدادىن قۇۋۋەت تىلەپ رول دېگەندە مىختەك ئولتۇرۇپتىمەن. ماشىنامۇ كۆڭلۈمنى بىلگەندەك، تاغدىن چۈشكەن تاشقىندەك گۈركىرەپ - گۈلدۈرلەپ چاپقىلى تۇردى. قارىسام، ئۇ ئادەم دەم يولغا چەكچىيىپ، دەم ماڭا ھومىيىپ ئولتۇرىدۇ. ئەسلىدىلا كۆك ياندىغان كۆزلىرى ئاغرىقتىن كېيىن تېخىمۇ بەتتەر كۆكىرىپ كېتىپتۇ. تېشىغا چىقىرالمايۋاتقان ئاچچىقىنىڭ كۈچىمىكىن - يا، ھېلىقى ئۇزۇم غورىسى كۆكەرتىۋەتتىمىكىن. ئەمدىرەك ئەسلىگە كېلىپ تۈزۈلۈۋاتقان چىرايىدىن بىر تىت - تىتلىق، بىئاراملىق ۋە خەۋپسىرەش ئەلەڭگىپ تۇرىدۇ. قېلىنراق كەلگەن كالپۇكى دەلدۈشلەرچە سەل - ئېچىلغان. كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ يېلىنجاپ تۇرىدۇ. پات - پات خۇددى مۈشۈك يۈزىنى يۇيغاندەك يوغان ۋە يىرىك ئالقىنى بىلەن يۈز - كۆزىدىكى تەرىنى ئېرتىدۇ. قولىنىڭ ئالقىنىمۇ تەرلەۋاتسا كېرەك، گاھىدا ئىشتىنىنىڭ تىزىغا كۈچ بىلەن سۈركەيدۇ. ئادەم بەك قورقۇپ كەتسە ئالقىنى تەرلەيدۇ، دەپ ئاڭلىغان، بۇ ئادەم ماشىنىنىڭ سۈرئىتىدىن كۆرە مېنىڭ پەيلىمدىن قورقۇپ قالدى ھەقىچان.

لىلا گەپ قىلسام، بۇ ئادەم شۇ تاپتا تەڭقىسلىقتا قالغانىدى. ماڭا بىر نېمە دەي

دېسە، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ئاز قالدى. كالونغا ۋاقتىدا قايتىشقا مەندىن بەكرەك ئالدىراپ
تۇردۇ. ئېھىتىمال قىلسا كونا شوپۇر - دە، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى قاراپ تۇرۇپ كەتكۈزۈپ
قويۇشىمىزغا يول قويمايدۇ. يەنە كېلىپ تەشكىل ئالايىتەن ئىشىنىپ ماڭا قوشۇپ قويغان
تۇرسا، ئىش ئۇستىدە ئۆزى تۇرۇپ - زە، پوككىدە قوشقۇنغا ئولتۇرۇپ قېلىشىمۇ ئۇيات -
تە، ئۇنىڭغا. ئەڭ يامىنى، بۇ قېتىم ئۇنىڭ ئاغرىپ قېلىشى تۇپەيلى ئوتاندەك ئىككى كۈن
يولدا شاھالغا سورۇلۇپ كەتتى. بۇنى ئۆزى چۈشىنىپ ئولتۇرۇپتۇ، شۇڭا ماڭا ئېغىز يې-
رىپ بىر نېمە دېمەك تەس كېلىۋاتىدۇ. گەپ قىلماي دېسە، مېنىڭ ماشىنىنى خۇددى ئېلى-
شىپ قالغاندەك قوغلاشلىرىم ئۇنى ھېلىدىن - ھېلىغا قورقىتىدۇ. شوپۇر دېگەن قېرىغانسېرى
قورقۇنچاق، كاداڭ بولۇپ كېتىدىكەن. خۇددى ھەر قەدەمدە بىر قازا مۆكۈنۈپ ياتقاندەك
تىترەپ تۇرىدىكەن. بولۇپمۇ ماشىنا مەندەك بىر ئىش كۆرمىگەن تەلۋىنىڭ قولىغا قالغاندا.
ماشىنام ئۇچرىغانلىكى ماشىنىنى ياندىداپ ئۆتۈپ دەۋرەپ كېتىپ باردۇ. شۇندىمۇ
گازنى قاتتىق بېرىپ، ئاكسىلاتورنى پولغا چاپلىۋەتتىم. پات - پات پاسوس تارتىپ قويە-
مەن تېخى.

— بۇ... بۇ ماشىنىغا سۈرئەت چەكلىگۈچ سالماپتىكەنمۇ نېمە؟ — ئۇ ئاخىرى چىدى-
يالمىدى. گەپ سىپايە ئېيتىلغان بولسىمۇ، ئۆزىنى تەسلىكتە بېسىپ تۇرغانلىقى ئۇنىڭ
ئاشۇ تىترەك ئاۋازىدىنلا مەلۇم ئىدى. مەن ئاڭلىمىغانغا سېلىپ بىرھازا ئۇندىمەي ئول-
تۇرۇۋالدىم. بۇ ئادەم ماڭا لەپ - لەپ قاراپ قويىدى. ئۇ مەندىن جاۋاب كۈتۈۋاتاتتى.
يېڭى ماشىنىلارغا ياكى چوڭ رېمونتتىن يېڭىلا چىققان ماشىنىلارغا ئادەتتە ماتور ۋە باشقا
قىسىملىرىنىڭ زاپچاسلىرى كۆنۈكۈۋالغىچە سۈرئەت چەكلىگۈچ سېلىنىدۇ. يول سىناقلىرى-
دىن ئۆتۈپ بولغاندا ئېلىپ تاشلىنىدۇ.

— ۋاي تاڭەي، سالمىغانمىكىن، ھازىر رېمونت زاۋۇتلىرىدا نەدە ئۇنچىلىك ئەستا-
يىدىللىق، مەسئۇلىيەت بولسۇن؟! كۆتىدىن يۆلەشتۇرۇپ قولىدىن چىقىرىۋەتسىلا ھېساب
ئىكەنغۇ.

مەن كۆرەڭلەرچە بىپەرۋالىق بىلەن جاۋاب بەردىم. مېنىڭ گېپىم تېخى تۇنجى
قېتىم «مۇستەقىل» ماشىنا ھەيدەپ يولغا چىققان بىر سېرىق تۈكنىڭ ئەمەس، گويا ماشى-
نىسىنى بىرنەچچە قېتىملاپ چوڭ رېمونت قىلغۇزۇپ باققان بىر دۆكا شوپۇرنىڭ گېپى
ئىدى. ئىچىمدە كۈلكە قاينىغىلى تۇردى، ئۆزۈمنىڭ مەمەدانىلىقى ئۈچۈن نومۇس قىلىپ كەت-
تىم. ئۇ ئادەم ئىچىدە قانچىلىك زاڭلىق قىلىۋاتىدىكىن تېخى. لېكىن، ئېغىزدىن چىقىپ
كەتسە، گەپ دېگەنگە ئىگە بولغىلى بولاتتىمۇ، مەيلى، نېمە دېگۈڭ كەلسە دەۋەرمەمسەن
ئاكاۋە! ئۇ ئادەم يوغان، كۆكۈش كۆزلىرىنى ئالاڭ - بۇلاڭ قىلىپ ماڭا بىر قارىۋەتتى:

— زاۋۇت دېگەننىڭ بىر يۇرۇش ئىش سىستېمىسى ۋە قاتتىق تەكشۈرۈپ ئۆتكۈزۈ-
ۋېلىش نۇقتىلىرى بولىدۇ. ئۇ يەردە، رېمونتتىن چىقىدىغان ماشىنا دېگەننىڭ 82 تومۇ-
رىدىن ئاچچىق ئۈچىيىگىچە قاتتىق تەكشۈرىدىغان گەپ. تەلەپكە توشمىسا ھەرگىزمۇ قو-
يۇپ بېرىشمەيدۇ، ئۇكا!

ئۇ ئادەمنىڭ ئاھاڭىدا بىر زەردە بار ئىدى. يۈزۈم سەل - پەل قىزارغاندەك بولدى.

مەن قىلىدىغان گەپ تاپالماي قالدىم. بىرھازاغىچە ئۈن-چىقماي ئولتۇرۇپ كېتىپىراق پۇسۇققىدە:

— چۈشۈپ قالغان ئوخشايدۇ، ئەمىسە، — دېدىم، قوپاللىق بىلەن. چۈشۈپ قالامدۇ، چۈشۈپ قالىدىغان نەرسىمۇ ئەمەس ئەسلىدە، ئۆزۈم سەپەرگە چىقىشتىن بۇرۇن ئېلىپ تاشلىغان. راستىمنى ئېيتسام، شۇ تاپتا مەن ئۇياتقا چىدىماي بىشەملىك قىلىۋاتاتتىم، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەمنىڭ ئۇنى ئىچىدە چۈشۈپ جىم بولدى. لېكىن يەنە نېمىشقىدۇر، ئۆزۈمنىڭ كۆڭلى ئەسكى بولۇپ قالدى. مەن ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى سەل ئاستىلاتتىم. بۇ مېنىڭ ئۆزۈمچە ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغىنىم ئىدى، بۇنى ئۇ ئادەم چۈشەندىمىكىن، ۋاي خۇدايىمەي، چۈشەنمىسەڭ نېمە كارىم.

زېمىنىنىڭ چەت - چۆرىسى كۆرۈنمەيدۇ، كۆنلەپ ماڭساڭ نە بىر ئادەم، نە بىر ئېغىز ئۆي ئۇچرىمايدۇ. دەشت هاۋاسى لاۋۇلدايدۇ. چۆل ئالۋۇنى جىمىرلايدۇ. ھەر نەپەستە ئىچىڭگە بىر پارچە يالقۇن كىرىپ چىقىدۇ. كابىنكىنىڭ ئىچى بەئەينى قاسقان، تىنجىقنىڭ دەستىدىن ئۆزۈڭنى كابىنكىدىن تاشلىۋەتكىڭ كېلىدۇ.

نېمىشقىدۇر بەل ۋە پۇت - قوللىرىم سىرقىراپ تېلىپ كەتتى. چۈشكە يېقىن بىردىنلا ماغدۇرسىزلىنىشقا باشلىدىم. ئۇستىخانلىرىم ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك ئاغرىپ، باش - كۆزۈم چىڭقىلىپ كەتتى. تۇرۇپلا ھۇ بولغۇم كېلەتتى. ئىچ - ئىچىمدىن بىر قىزىقلىق تەپچىپ تۇراتتى. چۆل ھاۋاسى، دەشت ئىسسىقى يامان تەسىر قىلىۋاتسا كېرەك دەپ ئويلىدىم. مېنىڭ بۇنچىلىك ئۇزۇن يولغا قاتناپ بېقىشىم ۋە بۇ قەدەر پايانسىز چۆل ئىسسىقىنى كۆرۈشۈم تېخى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە رولدا ھازىرغىچە بۇنچىلىك ئۇزۇنمۇ ئولتۇرۇپ باقمىغانىدىم.

مەن مىجەزىمدىكى بۇ يېقىمسىز ئۆزگىرىشكە بوي بەرمەي، چېكى يوق باياۋان باغرىنى كېسىپ، باش - ئۇچى يوق يالاڭ يېپتەك سوزۇلۇپ ياتقان يولغا قادىلىپ، رولدا مىختەك ئولتۇرۇپ كېتىۋاتىمەن. ھېلىقى ئادەممۇ كارمان تۇتقۇچىنى مەھكەم تۇتقىنىچە ئالدىغا چەكچىيىپ بۇتتەك قېتىپ ئولتۇرىدۇ. يەنە شۇ تىت - تىتلىق، تەرسالىق، كايىش ۋە تەڭقىسلىق، قېتىپ قالغان ئۆزگەرمەس چىراي... نەچچە كۈندىن بېرى ئۇنىڭ تىنىمسىز ۋالاقلاشلىرىدىن ئۆلگۈدەك بىزار بولغانىدىم. ئەمدىلىكتە ئۇ زۇۋان سۈرمىۋىدى، دەسلەپتە ئۇنىڭ زۇۋانىنىڭ ئۆچكىنىگە خۇشاللاندىم. قۇلىقىم خېلى تىنجىقىپ، ئۆزۈم خېلى ئەركىن نەپەس ئېلىپ ئارام تېپىپ قالغاندەك بولدۇم. لېكىن ۋاقىت ئۆزارغانسېرى ئەكسىچە ئىچىمنى بىر خىل بىئاراملىق، تىت - تىتلىق تاتىلىغىلى تۇردى. بىردىنلا ئۆزۈمگە قىلىۋاتقان ھەممىلا ئىشىم خاتادەك، ئەيىبلىكتەك، ھېچبىر ئىشىم ئەپلەشمەيۋاتقاندەك، مېنىڭ خاتالىقىمنىڭ تولىلىقىدىن ئۇ ئادەم خاتالىرىمنى ساناشقا ئۆلگۈرەلمەي قېنى! قىلغۇلۇقىڭنى بىر قىلىپ بوله... دەپ، ئىشلىرىمنىڭ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك بىلەن نەتىجىلىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇۋاتقاندەك ۋە ئاخىرىدا بىراقلا ھېساب ئېلىشقا تەييارلىنىۋاتقاندەك بىلىنىشكە باشلىدى.

خىزمەت ئۈستىدە بىراۋنىڭ ئاشكارا ۋە قوپاللىق بىلەن جېمىلىشىدىن كۆرە، ئۇنىڭ

ئۇلىسىز كايىشى بەك يامان ئىكەن چۈشەنسەڭ! ئۆزۈمنىڭ تاۋىسىزلىقى نەلەردە قېلىپ، بۇ
ئادەمنىڭ جىم ئولتۇرۇۋېلىشى يۈرىكىمنى سىققىلى تۇردى. مەن قەستەن رىچاگنى پۇلاڭ-
لىتىپ قويدۇم. بىر قولۇمنىڭ جەينىكىنى كابىنكا كۆزنىكىگە قويۇۋېلىپ، رولنى بىر قول-
لاپ ئۇرغىلى تۇردۇم. خوت ئالماشتۇرغاندا پېدالنى ئىككى دەسسەپ ئەمەس، بىرلا دەس-
سەپ خوتقا سالدىم. گاھىدا پېدالنى ئىشلەتمەيلا كاروپكا شېستىرنىكىلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى
گاز ئارقىلىقلا تەڭشەپ خوتقا سېلىپ باقتىم. بۇ ھەرىكەتلىرىمنىڭ ھەممىسى مەشغۇلات
قائىدىسىگە خىلاپ، پەۋقۇلئاددە ئەھۋال بولمىسىلا قوللىنىشقا بولمايدىغان ھەرىكەتلەر
ئىدى. تۈنۈگۈنلەردە بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ پەقەت بىرەرىنى قىلىپ قويغان بولسام، بۇ ئادەم
شالىنى چاچرىتىپ چىچاڭلاپ كېتەر ئىدى. بۈگۈن بولسا، ئۇ مېنىڭ ھەرىكەتلىرىمگە نې-
مىشقىدۇر لەۋلىرىنى مەھكەم چىشلىگىنىچە يوغان كۆكۈش كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئۈنچىقار-
ماي قاراپ ئولتۇرۇۋەردى. بىردىنلا مېنىڭمۇ جۇدۇنۇم ئۆرلەپ، گەجگەم قورۇلۇشقا باشلى-
دى. خۇتۇن كىشىدەك خۇيلىنىۋېلىشلىرىنى، ئەركە بالىدەك باتناشلىرىنى مۇنۇ قېرى
بۇتنىڭ!

ئۇنىڭ ئاشۇ سۈرۈن تەلەتىنى كۆرمەسلىك ئۈچۈن بېشىمنى بۇرىۋالدىم. بىر كەمدە
قارىسام، ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى تىترەپ، بۇرنىنىڭ چۆرىسى ئاقىرىپ كېتىپتۇ. چىشلىرى
قاس - قاس بولۇپ، جاۋغىيى بۆرتۈپ چىقىپتۇ. ئۇ چوقۇم رەللىلىكتىن شۇنداق بولۇۋاتى-
دۇ، ئۆزىنى ئاران تۇتۇپ ئولتۇرىدۇ. مەن ئىچىمدە خۇش بولۇپ كەتتىم - دە، قەستەن
رولنى ئوينىتىپ قويدۇم، شۇ ھالەتتە بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەم ئاخىرى چى-
داپ تۇرالمىدى - دە، ئۇشتۇمتۇت ئېغىز ئېچىپ قالدى:

— ماشىنا دېگەننىڭ ماتورى ئادەمنىڭ يۈرىكىگە ئوخشايدۇ، ماشىنا تۆمۈردىن ياسال-
غان بىلەن ئۇنىڭمۇ جېنى بار. «ئەرنىڭ قانتى ئات» دېگەندەك، شوپۇرنىڭ جېنى ماشىنا.
شوپۇر دېگەن ماشىنا بىلەنلا شوپۇر، ماشىنا بىلەن نان تېپىپ يەيدۇ، ئىشلىتىدىغان پې-
چاقنىڭ بىسىنى تاشقا ئۇرۇپ ئويناش ئەقلىسىز، ئەخمەق بالىنىڭ ئىشى. ئۆزى مېنى-
ۋاتقان ئاتنى بىھۇدە قىينىغان ئادەمنى ئەبلەخ دەيمىز. قاراپ تۇرۇپ ماشىنىنىڭ جېنى-
نى قىيناش تەلۋە ئادەمنىڭ ئىشى. نېمانچە خورلايسىز، نېمانچە قىينايسىز بىچارە ماشى-
نىنى؟ شۇ تاپتا سىز ماشىنىڭىزنىڭ ئاكسىلاتورىنى دەسسىمەيۋاتىسىز، نەق مېنىڭ يۈرىكىمى-
گە، يۈرىكىمنىڭ چىلىڭ ئوتتۇرىسىغا دەسسەۋاتىسىز! ماشىنىڭىزنىڭ ماتورى چىرقىراۋاتماي-
دۇ، شۇ تاپتا مېنىڭ يۈرىكىم ئاغرىپ، مەن چىرقىراۋاتىمەن... ياپ-ياش تۇرۇپ بۇنچە
شەپقەتسىزلىكنى نەدىن ئۆگىنىۋالدىڭىز؟ بۇ ماشىنىنىچۇ، سىزدەك، مەندەك ئادەم ياسىغان،
ئىشچى ياسىغان. قانچىلىك تەر، قانچىلىك كۈچ، قانچىلىك پۇل بىلەن ئۆرە بولىدۇ. بۇ
ئالتە پاي چاق؟ ئۆچلۈكىڭىز كېلىپ كەتسە مېنى تىللاڭ، مېنى ئۇرۇڭ، كۆزىڭىزگە بەك
سەت كۆرۈنۈپ كەتكەن بولسام مەن مۇشۇ چۆلدە چۈشۈپ قالاي، ئۆلۈكۈمنى قاغا-
قۇزغۇنلار يېسۇن، مەن رازى، ئەمما ماشىنىغا تەلۋىلىك قىلماڭ، ھېچ گۇناھ يوق ئۇنىڭدا،
بىزنى بېقىۋاتىدۇ، بىزنى مۇشۇ باياۋاندىن ئېلىپ چىقىۋاتىدۇ. كالونغا ۋاقتىدا يېتىپ
بارالمىساق مېنىڭ گۇناھىم بولسۇن، سىزگە گەپ كەلتۈرمەيمەن، چىن گەپ. لېكىن - زە،

www.uyghurkitap.com

ماۋۇ جانىۋارغا بۇنچە ئازار قىلماڭ، ھەققىڭىز يوق، بىكار ئۆزىڭىز تارتىپ قالىسىز! ئۇ ۋارقىرىمىدى، ئىلگىرىكىدەك كۆزلىرىنى ئالاق - جالاق قىلىپ چەكچەيمىدى، ھەتتا مەن تەرەپكە قاراپمۇ قويمىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى مەن ئاران ئاڭلىغۇدەك دەرىجىدە پەس ئىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى گويا زورغا قىمىرلايتتى، ئۇنىڭ بىر يەرلىرىدىن قىسىلىپ، كۆچىنىپ، بەكمۇ تەسلىكتە چىقىۋاتقان بۇ ئايانىچلىق ۋە جانسىز ئىڭرىشى ئۇشتۇمتۇت مېنىڭ يۈرىكىمدە دەھشەتلىك گۈلدۈرمامىدەك ئەكسلىنىپ، ۋۇجۇدۇمنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. بۇ گۈلدۈرلەشتىن يۈرىكىم سىرقىراپ كەتتى. ئەزايىم قارا تەرگە چۆمدى. مەن نېمىشقىدۇر ئۇنىڭغا تىكىلىپ قارىيالمىدىم. ئۇنىڭغا قارىماي تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق دەرىجىدە تاتىرىپ كەتكەن چىرايىنى، تىترەۋاتقان لەۋلىرىنى، ئەلەملىك پارقىراپ قالغان كۆكۈش كۆزلىرىنى كۆڭۈل كۆزۈمدە ئېنىق كۆرۈپ ئولتۇراتتىم. ئۇشتۇمتۇت بېشىم پىررىدە قايغاندەك بولدى. مېڭەمدە نەددىكى بىر سۈرەتلەر ئەكسلىنىشكە باشلىدى. مەن يولغا چەكچىيىپ ئولتۇرۇپ، مېڭەمدىكى قويۇق تۇمان ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قېلىۋاتقان تۇتۇق سۈرەتلەرنى ئېنىقلاشقا كىرىشتىم — كۆكۈش تۇمان ئىچىدە چوقچىيىپ تۇرغان چوققا، چوققىنىڭ ئاستىدا بۇلۇت دېڭىزى، بۇلۇتلار قەۋەت - قەۋەت، تۇرمەل - تۇرمەل. چوققىدا بىر ئۆزۈم دەلدۈگۈنۈپ ئارانلا دەسسەپ تۇرىمەن. مەن ئۇشتۇمتۇت غۇلاپ كەتتىم، كىمدۇر مېنى بىرى ئىتتىرىۋەتكەندەك. مەن تىك چوققىدىن تۆۋەنگە ئۇچۇپ چۈشۈۋاتاتتىم. مېنى قاپقارا ئىڭىغۇ بىر ھاڭ، بىر تەگسىز چوڭقۇرلۇق كۈتمەكتە. ئۇ يەردە قاپقارا تۈتەكلىنىپ، تورۇلۇپ گۆركىرەۋاتقان بىر دەريا تاشقىنلاپ ئاقماقتا. مەن ئاشۇ قورقۇنچلۇق ئۇلۇغ سۇغا چۈشۈپ كېتىۋاتىمەن. مەن چۆكۈپ كېتىۋاتىمەن. نېمىشقىدۇر بۇ سۇ قىزىق، قازاندا پورۇقشۇپ قايناپ تۇرغان ياغدەك ھارارەتلىك... ۋاي خۇدايىم، تېنىم قىزىپ كەتتى، جېنىم كۆيۈۋاتىدۇ. مېنى ھېچكىم قۇتقۇزمايدىغۇ؟ ئادەملەر قېنى؟ ياخشى - يامان ئادەملەر... ئادەملەر تۇرماق ئېسىلىۋالغۇدەك بىر تال گىياھ، بىرەر تال چوماق، بىرەر تال يىلتىز بولسىچۇ كاشكى... ئاھ، پەرۋەردىگارىم، مەن نېمە بولغاندىمەن؟ مېنى ھېچكىم يوقلىمامدۇ، مېنى ھەممىلا ئادەم تاشلىۋەتتىغۇ، ئەمدى مەن قايناپ تۇرغان ئېقىمغا چۆكۈپ كېتىدىغان بولدۇم. ۋاي خۇدا، مەن ئۆلۈۋاتىمەن. بىرەر ئادەم بولسا - ھە، بىر تونۇش ئاۋاز، كىمدۇ گەپ قىلىۋاتىدۇ. ۋايجان، يۈرىكىم كۆيۈۋاتىدۇ، سۇ... بىر تامچە بولسىمۇ سۇ بېرىڭ، سۇ...

— ۋاي نېمە بولدىڭىز؟ مانا سۇ ئۇكام، مانا، مانا. قۇلاق تۈۋىمدىلا ئاڭلانغان ئۈنگە دەرەشتىن ئۆزۈمگە كەلدىم. خۇددى قاتتىق ئۇيقۇدىن بەكمۇ تەسلىكتە ئويغانغاندەك، مەن ئاۋاز چىققان تەرەپكە ئاستا بۇرۇلدۇم. ھېلىقى ئادەم سۇدانىنى ماڭا تەڭلەپ تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ كۆزلىرى چۆچۈشتىن چەكچىيىپ قاپتۇ. چىرايى ئۆمسىلە. مەن كۆزلىرىمنى ئۇنىڭ كۆكۈش كۆزلىرىدىن قاچۇرۇپ يولغا قارىۋالدىم. نېمىلەرنى دەپ كەتكەندىمەن، كۆڭۈلۈمدە جۆيلۈپ.

— مانا سۇ، بىر ئۇتلىۋېلىڭ، سىزگە نېمە بولدى ئۇكام؟

— ماشىنا گۈلدۈرلەپ كېتىۋاتىدۇ. يول ئويمان - دوڭغۇل. ئەگرى - بۈگرى، تۆپا -

توزان. سەللا دىققەت قىلمىساڭ ماشىنا كوبۇتقا بېشىچىلاپ تىقىلىدۇ. توپا يول - لوغۇلداپ تىترەپ تۇرغان، شەيتاندەك شەكىلسىز، ھېلىگەر چۆل ئالۋۇنى ئىچىگە سوزۇلغان ئەگرى - بۈگرى، ئايىغىغا كۆز يەتمەس ۋە تارغىنە توپا يول...

— ھېچ، ھېچنېمە بولمىدىم. سەل ئۇسساپتىمەن...

مەن ئۇنىڭ قولىدىن سۇدانىنى بىر قولۇم بىلەن ئېلىپ، ئىلمانىلىشىپ قالغان سۇنى گۈپپۈلدىتىپ ئىچتىم.

— يۈز - كۆزىڭىز ئۇنۇقۇپ كېتىپتۇ، چىرايىڭىز قارىداپ، كالپۇكىڭىز يېرىلىپ قاناپ كېتىپتۇ.

ئۇ قولۇمدىكى سۇدانىنى ئېلىشىنىڭ ئورنىغا قولىنى ئۇزارتىپ پېشانەمنى تۇتتى.

— ۋاي نېمە ئىش بۇ؟! قىزىپ چوغ بولۇپ كېتىپسىز. ۋاي خۇدايىم، ئاغرىپ قاپسىز ئەمەسمۇ؟! مەن سىزگە بىھۇدە ئازار بېرىپتىمەن - دە!

ئۇ گويا ئوغرىلىق ئۈستىدە قولغا چۈشۈپ قالغاندەك ھودۇقۇپ قالغانىدى.

— ياقەي، نەدىكى گەپنى قىلىسىز. ئاغرىپ قالمىدىم، سەل - پەل قىزىۋاتىمەن. ھاۋا ئىسسىق ئەمەسمۇ! سىزدىن خاپا بولمەنمۇ بىكارغىلا...

مەن ئۇنىڭغا قارىماسلىققا تىرىشىپ زورۇقۇپ كۈلۈمسىرىدىم.

— ماشىنىنى مەن ھەيدەي، سىز بىردەم - يېرىمدەم كۆز يۇمۇۋېلىڭ.

— چاتاق يوق، بىز دېگەن ياش ئاكا، ئون ئادەمنىڭ كېسىلىنى تارتقۇچىلىكىمىز بار شۇ تاپتا، — مەن چاقچاق قىلىشقا تىرىشتىم. لېكىن چاقچىقىم قولاشمىدى. بۇنى ئۆزۈممۇ سەزدىم - دە، خىجالەت بولدۇم. ئۆلسەممۇ رولدىن چۈشمەسمەنا ئىگەركىم! بىرىنچى سەپەردىلا ۋاك دەيمەنمۇ! مېنىڭ نەرىم شوپۇر، ئۇنداق قىلسام! ئۇ ئادەم تۆت - بەش كۈندىن بېرى مېنىڭ ئۆز سۆزلۈكلۈكىمنى بىلىپ قالغانىدى. ئۇ ئەزۋەيلەۋېرىشنى ئەپ كۆرمەي، نائىلاج جىم بولدى. نېمىشقىدۇر كۆزۈمگە بىر قىزىللىق تېپ قىلغاندەك بولدى - دە، كۆز ئالدىم خىرەلەشكەندەك بولدى. مەن بېشىمنى كۈچ بىلەن سىلكىپ، كۆزۈمنى يوغان ئاچتىم. ماشىنامنىڭ ئالدى چاقى بىر كوبۇتقا يېقىنلاپ قاپتۇ. مەن شىددەت بىلەن رولنى سولغا ئۇرۇپ، كوبۇتتىن قاچۇرۇپ ئەگىپ ئۆتۈپ كەتتىم دەپ ئويلىدىم. لېكىن ماشىنىنىڭ ئارقا چاقى كوبۇتقا چۈشۈپ كەتتى - دە، ماشىنا قاتتىق قېيىقىلىپ كەتتى. ئۇ ئادەم تۇيۇقسىز ئولتۇرغاچقا قاتتىق سىلكىنىشتىن قاڭقىپ چىقىپ كابىنكىنىڭ تورۇسىغا ئۇسۇۋالدى، راڭ - راڭ قىلغان بىلەن بۇنداق يوللارغا چولتامەن - دە، ھازىرچە. مەن قىزىرىپ كەتتىم. بۇ مېنىڭ پەمسىزلىكىمدىن بولغانىدى. مەن لېۋىمنى يىمىرىپ، قوشۇمامنى تۈرۈۋالدىم. ماشىنا قېيىقىلىپ - سوقۇلۇپ ئىلگىرىلەپ كېتىۋەردى.

يولنىڭ سول تەرىپىدە ئىسكىلىتتەك قۇرۇپ ياتقان قاغجىراق تاقىر تاغ، گاھ يولغا دىۋەيلەپ، يېقىنلاپ كېلىدۇ. گاھ ئارقىسىغا شوخشۇپ، يىراق - يىراقلاردىن يولغا بېزىرىپ قاراپ ياتىدۇ. ئۇ تاغلار قاچانلاردا قانداق پەيدا بولغاندىكىن؟ ئۇنىڭ جىسمىدا نە رەڭ، نە ھەرىكەتنىڭ بولگىسى بىلىنمەيدۇ. ئۆزىراپ ياتقىنى ياتقان. خۇددى

ئۆلۈكتەك قېتىپ قالغان. ئۇ يەردە پەقەت ئەبەدىيلىك، تىمتاسلىق ھۆكۈمران. ئۇنىڭدا ياشلىق، قېرىلىق، ياشناش، يوقىلىشلار مەۋجۇت ئەمەس. تاغنىڭ ئۆزى بىر قانۇنىيەت. خۇددى ئۆلۈمدەك. تاشلاندۇق، قۇدرەتلىك، قورقۇنچلۇق، ھەرىكەتسىز، ئۈن - تىنسىز، خۇددى باشلىنىشى بىلەن ئاخىرلىشىشىنىڭ تۇرغۇسى يوق. مەنىسىز مەۋجۇتلۇق، خۇددى تۇغۇلۇش بىلەن ئۆلۈشتەك. ئۆلۈم بىر قىزىق ئىكەن، ھەممە كىشى قاچىدىكەن، لېكىن ھېچكىم قۇتۇلالمايدىكەن، نېمىشقا قاچىمىزكەن؟ قورقۇپ؟ نېمىدىن؟ تارتىنىپ؟ نېمىگە؟ قىزغا، كۈنگە، گۈلگە، يىغىغا، كۈلكىگە...؟

روزىكام ئەمەسمۇ دەيدىغان بىر كىشى بولىدىغان. مەن كالونىغا تەقسىم قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆلۈپ كەتتى. ئېگىز بويلۇق، قاتاڭغۇر ۋە قارامتۇل ئادەم ئىدى. قاشلىرى ئۆسۈپ، كۆزلىرىنى يېپىۋالغانىدى. شۇڭا ئۇنىڭ ئولتۇرۇشاڭغۇ كۆزلىرى ماڭا قويۇق چاتقال ئارىسىدا غىل - پال كۆرۈنۈپ تۇرغان چاشقان تۆشۈكىنى ئەسلەتتەتتى. ئۆزى تۇرغانلا تەرسا، غەلىتە مىجەزى بار ئادەم ئىدى. كالوندا ھەممىلا ئادەم ئۇنىڭدىن تەپ تارتاتتى. بۇ ئادەم ھەر بىر ئېغىز گېپىنىڭ ئايىغىغا، كەلسىدۇ، كەلمىسىدۇ «ئەمدى ئەمەسمۇ!» دېگەننى قوشۇۋالىدىغىنى ئۈچۈن ھەممە ئادەم ئۇنى «روزىكام ئەمەسمۇ» دەپ چاقىرىشاتتى. بىر ئۆمۈر تەنھا ئۆتكەن ئادەم ئىدى. خوتۇن دېگەننىڭ يېنىغا يولاپمۇ باقمىغانىكەن. خەقلەر: «بۇ ئادەمدە ھەۋەس يوق، خوتۇن كىشىدىن قورقىدۇ...» دېيىشەتتى. سىمدىن يۆگەپ - چۆگەپ ياسىۋالغان قەلەندەرنىڭ ساپايىسىغا ئوخشايدىغان، نەچچە ئون تال ھالقىلىق بىر نەرسىنى زادىلا قولىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئەتىدىن - كەچكىچە ھېلىقى قاتار - قاتار ھالقىلارنى ئۇياققا سۈرۈپ، بۇياققا سۈرۈپ، ئۇنى ئىككىنچى بىر تىزىقىقا ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ ھالقىلارنى بىر تىزىقتىن يەنە بىر تىزىقىقا يولى بىلەن ئۆتكۈزمەك بەك مۈشكۈل ئىدى. بىر قارىسا سېھىرگەرنىڭ ئويۇنىغا ئوخشاپمۇ قالاتتى. كالوندا: «مەندۇرمەن!» دەيدىغان كىشىلەرمۇ بۇ ھالقىنى ئاسانلىقچە بىر يەرگە يىغالمايتتى. مەنمۇ 10 — 20 كۈن ھەپىلىشىپ يېقىنمۇ كەلتۈرەلمىگەنىدىم. پەقەت ئاشۇ روزىكام ئەمەسمۇلا قىلالايتتى. نېمىشقىدۇر ماڭا ئۇ ئادەم ئۇ نەرسىدىن باشقا كىشىلەر تېخى بىلىپ بولالمىغان بىر ھېكمەتنى بىلىۋالغاندەك، يەنە ئېچىلمىغان نۇرغۇن سىرلار بولۇپ، روزىكام ئەمەسمۇ ھېلىقى ئوقەتتىن ئاشۇ يوشۇرۇنۇۋالغان سىرلارنى ئىزدەۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. مەن ئۇزۇنىدىن - ئۇزۇنغا نېمە سىر باردۇ - ھە بۇ ئادەم ئىزدەپ ھارمايدىغان، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىلا بىر تېپىشماقتەك ئادەم ئىكەن، ئەكسىچە بۇ ئادەم باشلىقىدىن بويان يەنە بىر تېپىشماقنى تېپىش ئۈچۈن ھەپىلىشىپ كېلىۋېتىپتۇ... باشقىلار ئەھمىيەتسىز، مەنىسىز دەپ ئانچە پىسەنت قىلىپ كەتمەيدىغان ئاشۇ نەرسە بىلەن بىر ئۆمۈر ھەپىلىشىپ كەپتۇ. ئۇ زادى نېمىنى ئىزدەيدىغاندۇ؟... دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. دېمىسىمۇ روزىكام ئەمەسمۇ ئاشۇ نەرسىدىن بۆلەك ھېچ نەرسىگە قىزىقمايدىغاندەك ئىدى. ئۇ ئادەملەرگە ئېغىز يېرىپ گەپ قىلمايتتى - يۇ، كىملەردۇر ئاغرىپ تارتىپ قالسا، ياكى بىر ماشىنا ھادىسىسى بىلەن كۆڭۈلسىزلىككە دۇچار بولسا ياكى كىملەرنىڭدۇر بىرەر ئىش تۈپەيلى كۆلپەت، قىيىنچىلىقىغا

دۇچار بولغىنىنى بىلىپ قالسا، كۈتمىگەن يەردىن پەيدا بولاتتى - دە، بىر ئوبدان پا-
راڭ قىلىپ بېرەتتى ۋە ئاخىرىدا ئۆزىنىڭ يەكەن بايلىرىنىڭ ھەمىيىنىغا ئوخشايدىغان
تېرە ھەمىيىنىدىن پۇل چىقىرىپ، كۆرپىنىڭ ئاستىغا تىقىپ قويۇپ چىقىپ كېتەتتى.
ئادەتتە ئادەملەردىن قېچىپ يۈرۈيدىغان، ھەممە كىشىنى يات كۆرىدىغان، پۇلغا كەلگەندە
بىرەر تىيىن ئۈستىدە تىترەيدىغان بولۇپ كۆرۈنىدىغان بۇ ئادەم بۇ قىلىقلىرى بىلەن
ھەممە ئادەمنى گاڭگىرىتىپ قوياتتى. ئۇ ئادەم مۇشۇ كالون قۇرۇلغان كۈندىن تارتىپلا
تۆمۈرچى بولۇپ ئىشلەپ كەلگەنىكەن. ئاڭلىسام روزىكام ئەمەسمۇ ياش چېغىدا بىر
قىز بىلەن ناھايىتى تەسلىكتە تېپىشىپ قالغانىكەنمىش. كېيىن ئۇ قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى
«شوپۇر دېگەنگە يولدا خوتۇن، ئۇنداق يىلتىزى يوق قامغاققا بېرىدىغان قىزىمىز يوق»
دەپ قىزىنى بىر ئەپەندىچاققا بېرىۋېتىپتىمىش. ئۇ قىزمۇ غىڭ قىلمايلا ھېلىقى ئەپەن-
دىچاقنىڭ ئارقىسىدىن كېتىپ قاپتۇ. بۇ ئىش روزىكامغا بەك ھار كەپتۇ. ھەپتە - ئون
كۈن ئاغزىغا بىر تېمىم سۇ ئالغىلى ئۇنىماي ئىشكىنى دۈم تاقاپ يېتىۋاپتۇ. شۇنىڭدىن
بۇيان، ئەسلىدە تولىمۇ خۇش چاقچاق، چىقىشقاق ۋە ئەلتەك كەلگەن بۇ ئادەم تۇرغانلا
بىر تەرسا، گاجگۇن ۋە جىمغۇر ئادەم بولۇپ ئۆزگىرىپتۇ. شۇ سەۋەبتىن خوتۇن كى-
شىنى كۆرسە قۇيقا چېچى تىك بولۇپ، خوتۇن ئەدىبايىدىن 10 كۈنلۈك يىراققا
قاچىدىكەن... روزىكام ئەمەسمۇ كونا ۋە تەجرىبىلىك ئىشچى بولغاچ، مائاشى ناھايىتى
يۇقىرى ئىدى. ئاڭلىسام شىركەت جىگىلىسىنىڭ مائاشىمۇ ئۇنىڭغا يەتمەسمىش. ئۇنىڭ
ئۈستىگە بۇ ئادەم تەنھا ئىدى. مىراسىغا ئىگە بولغۇدەك بىرەر ئادىمى يوق ئىدى.
ئارتۇق چىقىمى بولمىغاچقا خېلىلا جىق ئېشىنىدى پۇلى بارمىشكەن. شۇڭا شىركەت
تەۋەسىدىكى ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇل خوتۇنلار قېرى - ياش دېيىشمەي ئۇنىڭغا بەس-
بەس بىلەن يېقىنچىلىق قىلىدىكەن. لېكىن ئۇ زاھىدىنىڭ ئىسمىلىك، كۆزلىرى كۆپ-
كۆك، سارالغېتىش، ۋاتىلداق بىر خوتۇنىنىڭ ئۆيىگىلا ئانچە - مۇنچە كىرىپ چىقىدىكەن،
باشقا خوتۇنلارغا بولسا كۆزىنىڭ قىرىنى سېلىپ قويمايدىكەن. مەن كالونغا كەلگەن
كۈنلىرىمدە روزىكام يەتمىش ياشتىن ھالقىپ كۆزى ئاجىزلاپ قالغانىكەن. ئۇ ئەسلىدىلا
ئۆي - ماكان تۇتۇپ ئۆتمىگەن ئادەم بولغاچقا، شۇ كۈنلەردە كالوننىڭ نۆۋەتچىخانى-
سىنى ياتاق قىلىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كىر - قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرىدىغان، ئاش تامىقىنى
ئېتىپ بېرىدىغان بىرەر ئادەم بولمىغاچقا بەك قىينىلاتتى. شۇڭا شىركەت ۋە كالون
چوڭلىرى روزىكام ئەمەسمۇنى ئۆيلەپ قويۇش قارارىغا كېلىپ بۇ مەسلىھەتنى روزى-
كام ئەمەسمۇغا يەتكۈزۈپتۇ. روزىكام ئەمەسمۇ بۇ گەپنى ئاڭلاپ، گەپ كۆتۈرۈپ كەل-
گەن كىشىنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقىرىپتۇ. ئەسلىدىمۇ بۇنداق گەپ - سۆزلەر ئۇنىڭ
جېنىغا تېگەتتى. كالوندىكى بىكار تەلەتلەر گاھىدا روزىكامنى رەللە قىلىپ ئويناپ
ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولغىنىدا «روزىكا، خوتۇن ئالامسەن، ئۆيلەپ قويايلىمۇ؟»
دەپلا قويسا، روزىكام ئاغزىنى بۇزۇپ، ئۇلارنىڭ يەتمىش پۇشتىغىچە تىللايتتى. چوڭلار
ئۇنداق ئېيتىپ، مۇنداق ئېيتىپ كېيىنى يېگۈزەلمىگەندىن كېيىن ئاخىرى كالوننىڭ
يېنىدىكى مەسچىتنىڭ ئىمامىنى ئارىغا قويۇپتۇ، ئىمام پانسى ۋە باقىيدىن سۆزلەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

ھالال ۋە مەھرودىن، پەرز ۋە قەرزدىن ۋەز ئوقۇپتۇ. گۆرنىڭ ئازابى ھەم قىيامەتنىڭ جازاسى بىلەن قورقىتىپتۇ. روزىكام بىر ئاش پىشىمغىچە ھا-شا دېمەي گۆشۈرۈپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. بىر كەمدە روزىكام ئەمەسىنۇ تولۇەدىن توقماق چىقىقاندەك پوسۇقىدە قىلىپ: «ھەي ئىمام، گېپىڭ راست بولسا سېنىڭ خوتۇنۇڭغا نىكاھلاپ قويغىن ئەمىسە، ئەمدى ئەمەسمۇ!» دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئىمامنىڭ جان-پېنى چىقىپ، «ھوي، دوزاخ تۇترۇقى كاپىر!» دېگىنىچە چالۋاقاپ مەسىدىنى يەكپاي كېيگىنىچە پالاقلاپ قېچىپ چىقىپتۇ. كېيىن شىركەت چوڭلىرى «پارتىيىنىڭ بۇيرۇقى خوتۇن ئالماسلىق پارتىيەسىنى تونۇمايدۇ!» دەپ يالغان ھەيۋە قىلىپ ئۇنى ئۆيلىنىشكە مىڭ بالادا ئاران كۆندۈرۈپتۇ. ئۇنى دېمەك، بۇنى دېمەك بىلەن ئاخىرى زاھىدىخاننى ئېلىپ بەرمەكچى بولۇپتۇ ۋە زاھىدىخاننىڭ ئۆيىدە قازان قاينىتىپ، روزىكامنى ئېلىپ چىقىپ نىكاھ ئوقۇتۇپ قويۇپتۇ. شىركەت چوڭلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرىدىن مەمنۇن بولۇشۇپتۇ ۋە بىردەم-يېرىمدەم ئولتۇرغان بولۇپ، «توي» دىن تارقىغان بولۇپتۇ. كالون باشلىقى تېخى ئىشىكى ئالدىغا يېتىپ كەلگىچە ئارقىسىدىن زاھىدىخان پايپاسلاپ كەپتۇ-دە، «روزاخۇن قېچىپ كەتتى» دەپ يىغا ساپتۇ. كالون باشلىقى ئۆيىگىمۇ كىرمەي ئارقىسىغا يېنىپ زاھىدىخاننى ئارقىسىغا سېلىپ كالونغا يۈگۈرۈپتۇ. قارىغۇدەك بولسا يېڭى تويى بولغان روزىكام ئۆزىنىڭ نۆۋەتچىخانىدىكى تۆشىكىدە ھېلىقى ھالقىلىرىنى ئويناپ ئولتۇرغۇدەك. كالون باشلىقى «ۋاي روزىكا، نېمە قىلغىنىڭ بۇ بىزنى ئەخمەق ئېتىپ؟ ماڭ يۈگۈر، ئۆيۈڭگە چىقىپ خوتۇنۇڭ بىلەن يات...» دەپتىكەن، روزىكام باشلىققا يەۋېتىدىغاندەك ھومىيىپ: «توي قىلغىن دېدىڭ، قىلدىم، ئەمدى نېمە قىل دەيسەن؟ نېمىشقا ئۇ خوتۇن بىلەن ياتقۇدەكمەن، مەن يا خوتۇن كىشى بولمىسام ئەمدى ئەمەسمۇ؟...» دەپ گۈركىرەپتۇ. بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىچارە زاھىدىخان ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلىغىنىچە چىقىپ كېتىپتۇ. باشلىقمۇ گەپ قىلغىنىغا بۇرنى-قۇلىقىغىچە تويۇپ يېنىپ چىقىپتۇ. ئەسلىدە روزىكام ئەمەسمۇ زاھىدىخاننىڭ باققۇچىسى يوقلۇقىنى كۆرۈپ ھەر ئايلىق مائاشىنى ئالغاندا ئون يۈەن، گۆش-پۆش ئېلىپ كىرىپ تۇل خوتۇننى يوقلاپ تۇرىدىكەن. ئاغرىپ تارتىپ قالسا ھەمراھ بولىدىكەن...

شۇنداق قىلىپ روزىكام ئەمەسمۇ يەنىلا تەنھا ياشاۋەردى. لېكىن زاھىدىخاننى يوقلاشنى تاشلىمىدى. زاھىدىخانلا ئەمەس، يەنە بىر ئەما بولۇپ قالغان، بالىلىرى ئۇششاق تۇڭگان شوپۇرنىمۇ يوقلاپ تۇردى.

ئۇزۇن ئۆتمەي روزىكام ئەمەسمۇ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ۋە بىر كۈنى جىمجىتلا ئۆلۈپ قالدى. ئۇنىڭ ھېچكىمى يوق ئىدى. ئۇ گويا بۇ دۇنياغا ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلۇپ ئەمەس، ئاشۇ تەنھا پېتى توككىدە پەيدا بولۇپ قالغاندەك ئادەم ئىدى. كالوندىكىلەر ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن كۆمۈپ قويدۇق. زاھىدىخان، ھېلىقى ئەما تۇڭگان شوپۇرنىڭ بالا-ۋاقىلىرى، يەنە بىرمۇنچە ئادەملەر يىغا-زارە بىلەن ئۇزاتتى. كېيىن ئۇقساق، بۇ كىشىلەر روزىكام ھايات ۋاقتىدا روزىكامنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرۈشكەن يېقىن ئەتراپتىكى دېھقانلار ئىكەن...

ماشىنام يۈزلىگەن، مىڭلىغان، ئون مىڭلىغان ماشىنا چاقلىرىنىڭ توختاۋسىز، شەپقەتسىز ۋە ئاچكۆزلەرچە بېسىشى بىلەن يانجىلغان كونا، قۇرغاق، توزۇندا تاشيولنىڭ يۈزىدە تارىقىشىپ، چالداقىشىپ كېتىۋاتاتتى، ئەزايى بەدىنىم كالتەك بىلەن ئۇرۇپ چېقىۋەتكەندەك سىرقىراپ ئاغرىيتتى. لەۋلىرىم قۇرۇپ، تامىقىم شالدەك قاتقانىدى. بۇرنۇمدىن ھەر نەپەستە بىر يېقىمسىز ئاچچىق، قۇرغاق قىزىقلىق سىرتقا تېپەتتى. ئىچىمدە بىر بوشلۇق ھۇۋۇلايتتى. بۇ بوشلۇق قىزغۇچ، ئوي-دوڭغۇل ۋە چەكسىز ئىدى. كۆزگە كۆرۈنىدىغان ھەر قانداق چەكسىزلىكنىڭ بىر چېكى بولىدۇ. لېكىن شۇ تاپتا مېنىڭ ئىچىمدە ھۇۋۇلاۋاتقان بايىقى بوشلۇقنىڭ ئاخىرقى چېكى زادىلا كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يەردە ھەتتا ئۇپۇق سىزىقىمۇ يوق ئىدى.

بۇ بوشلۇقتا ھېچقانداق جىسىم يوق ئىدى. پەقەت بىر خىل قىزغۇچ، قويۇق، غودۇر-بۇدۇر، ئۇيۇز-ئۇيۇر تۇرمەللىك كۆپچۈپ، لەيلەپ يۈرەتتى. بۇ تۇرمەللەرنىڭ شەكلى ھەر خىل ۋە ئۆزگىرىشچان ئىدى. ھەر دەقىقىدە، ھەر نەپەستە، ۋاقىتنىڭ ئەڭ كىچىك، ھېسابلاپ چىققۇسىز ۋە ئات-جون قويغۇسىز بىرلىكىدە ئۆزگىرىپ تۇراتتى، سېزىۋالغۇسىز تېزلىكتە ھېچ بىلىندۈرمەي يۆتكىلىپ، سۇرۇلۇپ، ھەرىكەتلىنىپ تۇراتتى، خۇددى «ئەبەدىي» ۋە «مەڭگۈ» دېگەن ئۇقۇملارغا ئوخشاش... مېنىڭ تەپەككۇرۇم بىردىنلا ئەنە شۇ تۇرمەللەرنىڭ ئاراشلىرىدا قىسىلىپ قالدى. مەن تەپەككۇرىمنىڭ، خىياللىرىمنىڭ ئاشۇ ئېغىر لېكىن بولۇتتەك لەيلەپ تۇرغان قىزغۇچ تۇرمەللەرنىڭ ئاراشلىرىدا قىستىلىپ تولغىنىشلىرىغا، زورۇقۇشلىرىغا، كۆچىنىشلىرىگە، يۇلقۇنۇشلىرىغا يىراقتىن قاراپ تۇراتتىم. ئۇلارنى نەزەرىمدىن قاچۇرۇپ قويماسلىققا تىرىشىپ، پۈتۈن كۈچۈم ۋە دىققىتىم بىلەن قادىلاتتىم. بىر كەمدە مېنىڭ تەپەككۇرۇم، مېنىڭ ئىزچىل خىياللىرىم بىر غەلىتە بارلىق بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى، ئۇنىڭغا بەتمۇ-بەت تىكىلەندى. بۇ بارلىقمۇ قىزغۇچ ئىدى. لېكىن ئۇ بايىقى تۇرمەللەردەك پارچە-پارچە ئەمەس، بىر پۈتۈن، غايەت قېلىن، ئۇيۇل ۋە زور ئىدى. ئۇنىڭ زورلۇقى خۇددى بايىقى بوشلۇقتەك چەكسىز ئىدى... ئادەتتە كۆزىمىزگە كۆرۈنىدىغان ھەرقانداق جىسىمنىڭ ئۇ ھەر قانچە زور بولسىمۇ ئېگىزلىكى، كەڭلىكى، دائىرىسى ۋە تەرەپلىرىنىڭ كېسىشكەن نۇقتىلىرى بولىدۇ. لېكىن بايىقى بارلىقنىڭ ھېچقانداق چېكى يەنى گېئومېترىك شەكلى يوق ئىدى، ئۇ زور ئىدى، قېلىن ئىدى، غايەت ئېگىز ئىدى. مېنىڭ تەپەككۇرۇم ۋە خىياللىرىم يەنە يۇلقۇندى، زورۇقتى، دەم ئارقىسىغا شوخشۇپ، دەم ئالدىغا — ھېلىقى ئاجايىپ بارلىققا، ئاشۇ تەڭداشسىز بارلىققا قاراپ ئىنتىلدى. ئاخىرىدا مەن ھېلىقى بارلىقنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ئىپادە قىلالايدىغان بىر مۇۋاپىق سۆزنىڭ بىر يەردە غىل-پال كۆرۈنۈۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدىم. تازا تىكىلىنىپ قېدىرىدىم. خىياللىرىم شادلىنىپ كەتتى. تەپەككۇرۇم تەنتەنە قىلدى. چۈنكى ئۇلار ھېلىقى سۆزنى تېپىۋالغانىدى، ئۇ چەكسىز دېگەن سۆز ئىدى. توغرا چەكسىزلىك! ئۇ بارلىقنىڭ ئېتى چەكسىزلىك ئىدى. ئۇنى پەقەت مۇشۇ سۆز بىلەنلا ئېنىقلىمىغا ئىگە قىلىش مۇمكىن ئىدى. لېكىن يەنە تۇرۇپلا كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى، چۈنكى بۇ مېنىڭ يېڭى بايقىشىم ئەمەس ئىدى.

بۇ ئەسلىدە يەنىلا بايىقى قىزغۇچ بوشلۇقنىڭ تەكرار سۈرەتلىنىشى — قوش سۈرىتى ئىكەن. چۈنكى مەن بايا ئۇ بوشلۇقنى «چەكسىز» دېگەن سۈپەت بىلەن سۈرەتلىگەنىدىم. ئەمدى كېلىپ مانا ماۋۇ غەلىتە «مەخلۇق» نىمۇ چەكسىزلىك دەپ سۈرەتلەۋاتىمەن. ياق، ئەڭ توغرا، ئەڭ ئېنىق ئىسمىنى تاپاي...

باياتىدىن بېرى بۇ «مەخلۇق» نىڭ ئالدىدا مەڭدەپ قالغان تەپەككۇرۇم بىردىنلا ئېتىكلىنىپ، جانلىنىپ كەتتى. ئۇلار مەن تەرەپكە قاراپ تەبەسسۇم قىلىشتى، جىلمىيىشتى، يەنە ھېلىقى مەخلۇققا قاراپ ئىشارەت قىلدى. بىر بۆلۈكىدىن يەنە بىر سۆزنىڭ، بىر خىل يېڭى ئۇقۇمنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈنۈپ قالدى. دېمەك، ئەمدى ئۇ مەخلۇققا چىن مەنىدىكى ئاتتىن بىرنى قويالايدىغان بولدۇم. كۆز ئالدىمدا بىردىنلا ھېلىقى سۆز ئۆز روشەنلىكى بىلەن نامايان بولدى. ئۇ «ئۆلۈم» دېگەن سۆز ئىدى. ئاشۇ بارلىقنىڭ ئاشۇ زور ۋە كېلەڭسىز بارلىقنىڭ ئېتى ئۆلۈم ئىكەن... مەن بىردىنلا بايا نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنىڭ تۇرۇپلا روزىكام ئەمەسمۇنى ئەسلەپ قالغىنىمنى ئەمدىرەك ھېس قىلىشقا باشلىدىم. تۇرۇپلا يادىمغا كېچىپ قالدى-يا، تۇۋا دەيمەن... ئەسلىدە، مېنىڭ ئېڭىمنىڭ ھەرىكىتى ناھايىتى قانۇنىيەتلىك ۋە زەنجىرسىمان بولغانىكەن — مەن ئىسكىلىتتەك قۇرغاق ھەم قاغجىراپ ياتقان تاغنى كۆردۈم. بۇ تاغ ئېگىز ۋە قېرى ئىدى. ئۇ ئۆلۈپ ياتاتتى — روزىكام ئەمەسمۇ ئاشۇنداق قاتاڭغۇر، ئېگىز ئادەم ئىدى، ئۇ ئۆلگەنىدى. ئىش تولىمۇ ئاددىي ئىكەن — ئېگىز ۋە قاغجىراق قېرى تاغنىڭ سوزۇلۇپ يېتىشىنى كۆرۈپ ئۆلۈمنى ئويلاپ قالغانىدىم. مەن ئۆلۈم دېگەن ئۇقۇمنى ئاشۇنداق قۇدرەتلىك، يۈكسەك، شەكىلسىز، ھەرىكەتسىز، لېكىن يەنە ئەجەللىك تۇشقان ئادەمگە قاراپ ئۈن-تىنسىز ئاستا-ئاستا يامراپ كېلىدىغان بىر بارلىق دەپ تەسەۋۋۇر قىلاتتىم. ئۇ روزىكام ئەمەسمۇنى ئەنە شۇنداق جىمجىتلا ئېلىپ كەتكەنىدى. ئېگىز ۋە قېلىن دېگەن ئۇقۇممۇ روزىكام ئەمەسمۇنىڭ كاللامدىكى سۈرىتىدىن كەلگەنىدى. ئۇ بوۋاي قىشمۇ-ياز قېلىن ۋە ئۇزۇن كېلەڭسىز كەلگەن جۇۋىسىغا يۆگىنىپ يۈرەتتى. جان ئۈزگەن كۈنى يەنىلا ئاشۇ جۇۋىسىغا يۆگىنىپ ياتقانىدى. شۇ چاغدا ئۇ ماڭا تولىمۇ زور، كېلەڭسىز ۋە قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈپ كەتكەنىدى، دېمەك، مېنىڭ «ئۆلۈم» توغرىسىدىكى تەسەۋۋۇرۇم ئەمەلدىمۇ روزىكام ئەمەسمۇنىڭ تاشقى قىياپىتىدىن كەلگەنىدى. مەن ئۈچۈن روزىكام ئەمەسمۇنىڭ ئۆزى ئۆلۈم ئىدى. ئۆلۈم — روزىكام ئەمەسمۇ ئىدى — ئېگىز، كېلەڭسىز ۋە بەك قېرى، خۇددى ئاشۇ تاغلاردەك. شۇڭا ئاشۇ تاغلارنى كۆرۈپلا ئۆلۈم يادىمغا كەچكەنىدى. نېمىشقا؟ نېمە ئۈچۈندۇر بارغانسېرى ھالسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. چىدىغۇسىز ئاغرىق پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى غاجىلاۋاتاتتى. ئاشۇ ئاغرىقنىڭ ئازابى بىلەن تەپەككۇرۇم ھايات ۋە ئۆلۈم يولىغا ئىزدىنىشكە ئاتلانغانىدى. خۇددى خۇداغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم جان ئۈزۈش ئالدىدا ئۇشتۇمتۇت «خۇدا، ئاللا!» دەپ نىدا قىلغاندەك، 80 ياشلىق بوۋايمۇ جېنى ئاغرىغاندا «ئانامەي!» دەپ بالا بولۇپ زارلىغاندەك ۋە ياكى زادىلا ئاغرىپ باقمىغان ئادەم قۇلىقى غوڭۇلداپ قالسا راك بولۇپ قالدىممىكىن؟ دەپ ۋەھىمە يېگەندەك...

كۆلنىڭ قەدىمى ئىتتىكلەپ كېتىپتۇ، ھەش-پەش دېگۈچە قوزا چۆش مەھەللە
بولۇپ قالدى. ماشىنام گويا چېپىشقا چۈشكەن ئاتتەك تەرلەپ-تەپچىرەپ، ھاسىراپ-
ھۆمۈدەپ ئالغا تاشلىنىدۇ. ماشىنا ماتورىدىن كېلىۋاتقان ئاچچىق ئىس-گاز، ماشىنا چاق-
لىرىنىڭ كوبۇتقا چۈشۈشىدىن سىلكىنگەندە ئېغىر كوزۇپىنىڭ زارلىنىپ غىچىرلاشلىرى،
بارابان ۋە دېپىردىن كېلىۋاتقان غۇڭغۇلداش، گۈلشىتىلدىن كېلىۋاتقان گۈركىرەش ئاۋا-
زى... ھەممىسى قوشۇلۇپ بىر بۇلۇت قاتلىمىنى ھاسىل قىلىدۇ. قاتمۇ قات، يىرىك،
ئوي-دوڭغۇل بۇلۇت قاتلىمى مېنى ئورايدۇ، يېنىمدىكى ئادىمىكامنى ئورايدۇ، ھارغان،
جاپاكەش، چارىسىز، قەيسەر ماشىنامنى لەيلىتىدۇ. بىردىنلا بۇ بۇلۇتلار سېرىق ھەل-
زەر بىلەن زەرلەندى. سۇس، ئاچ سېرىق، قويۇق بۇلۇتلار مېنى قوپال تەۋرىتىدۇ، يېنىمدا
ھېلىدىن-ھېلىغا خەۋپسىرەپ چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇرغان ئادىمىكامنى تەۋرىتىدۇ،
ماشىنامنى لەپىشىتىدۇ، شامالدىن ئۆرلىگەن كۆل سۈيى كىچىككىنە، يەڭگىل ۋە كونى
رىغان قولۋاقنى لەپىشىتىپ ئالدىغا تاشلىغاندەك... ئۇ بۇلۇتلار، زېمىن، ئاسمان، تاغلارنى
ئورايدۇ، باغاشلايدۇ، چەكسىز چۆل، تاقىر دەشت، گاھ لوغۇلداپ، گاھ چىمىلداپ،
گاھ جىمىرلاۋاتقان لەنەتگەردى سېرىقلىق ئىچىدە ھاسىراپ، ئېغىر تىنىپ ياتىدۇ...

مەن رولدا بېھوش بولغاندەك ئۈن-تىنسىز، قىمىر قىلماي ئۇدۇلۇمغا چەكچىيىپ
ئولتۇرىمەن. يۈرىكىمنىڭ سوقۇشى شۇ قەدەر ئاجىز...

ئادىمكام (يېنىمدىكى كۆك كۆز قاراۋۇلنى كۆڭلۈمدە شۇنداق ئاتىۋالدىم) ئىسسىق-
نىڭ دەستىدىن جىمبىلگە سالغان ياكيۇدەك ھوردىنىپ، پىشىلداپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ
ساقال-بۇرۇتلىرىنىڭ ئارىسىدىن مەينەت تەر تامچىلىرى شورقىرايدۇ. كۆزلىرىدە بىر
خىل ۋەھىمە، ئىچ ئاغرىتىش، نائۈمىدلىك، بىچارىلىك ۋە تەڭقىسلىق لىپىلدايدۇ...

يول بىردىنلا ئوساللاشتى: ئوساللاشقاندىمۇ ئاجايىپلا ناچار يول، ماشىنا سۆر-
ئىتىنىڭ ئاستىلىقى، كالونغا يېتىپ بارالارمەنمۇ؟ دېگەن ئەندىشە قوشۇلۇپ ئىچىمنى
سىغدىماقتا، يەنە تۆپىلەپ ئاغرىپ قالغىنىمچۇ تېخى! قىزىتما ئاخىرى جېنىمنى ئالدى-
غان ئوخشايدۇ، دەپ قالدىم نەچچە قېتىم... مېڭەمدە نەدىكى غەلىتە سۈرەتلەر ئەكسلە-
نىپ تۇراتتى ھەمدە بۇ سۈرەتلەر بەكمۇ تېز ئالمىشاتتى: تەنھا ماشىنام، تاقىر تاغ،
باش سۆڭەكلىرىدەك ئاقىرىپ ياتقان سانسىز تاشلارنى قويىنغا ئېلىپ ياتقان بۇ ئۆلۈك
دەشتتە گاھىدا كۆزۈمگە ئالىلىقاندەك بوستانلىق، سۈزۈك كۆل، قىرغاقلىرىنى بولۇق
ئوت-چۆپلەر قاپلىغان، سۈيى سۈپسۈزۈك ۋە تىنچىقىنا ئاقىدىغان كەڭرى دەريا، دەريا
ياقىسىنى قاپلاپ كۆۋۈللەپ تۇرغان قويۇق ئورمان... ئورمان ئىچىدە، قويۇق چاتقاللار ئارىسىدا
چاچىنىڭ ياسىنىدەك غىل-پال كۆرۈنۈپ تۇرغان يالغۇز ئاياغ يول. بۇ يەر مېنىڭ ئانا
يۇرتۇم، مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يەر ئىدى. مەن ئاشۇ دەريا بويىدا بېلىق، ئۈچقۇر
پاقا تۇتۇپ ئويناپ، سۇلىرىغا چۆمۈلۈپ، قۇملىرىغا كۆمۈلۈپ ئۆسكەن. تالىزار ئارىلاردا
ياۋا ئۆردەك، ياۋا غاز قوغلاپ قىلىغىتقان، قوي باققان، چۆپ ئورىغان، ئوتۇن تەرگەن...
بۇ مەنزىرىلەر قانداق بولۇپ مانا شۇ ھالاكەت ئۈپقانىدا ئەكسلىنىپ قالدى؟ بۇنىڭغا ھەي-
ران بولاتتىم، خۇشال بولغاندەك قىلاتتىم. لېكىن يەنە نېمىشقىدۇر يىغلىغىم كېلەتتى.

ئۇشتۇمتۇت جۆيىلۈپ كېتەتتىم، رولدا كۆزۈم ئوچۇق كېتىۋېتىپ جۆيلۈش! ئاھ خۇدا...

ئەھۋالىمنىڭ بارغانسېرى ئېغىرلىشىۋاتقانلىقى ماڭا ئايان ئىدى. يول ئۈستىدە يىقىلىپ قالسام، ئۇ چاغدا... ئەتە كەچقۇرۇن كالونغا ئۇنۇنۇشۇم كېرەك، شۇندا كال ون بەلگىلەپ بەرگەن مۆھلەت ئىچىدە قايتقان بولىمەن. پەقەت شۇ چاغدىلا ئۇھ دەيمەن، ماڭا سۆزلەشكە سۆز چىقىدۇ. جان چىقىدىغان ئىش بولسىمۇ، كالون دەرۋازىسىدىن كىرىۋالغاندىن كېيىن چىقسۇن... قېرىشقاندەك يولنىڭ بۇ قەدەر بۇزۇلۇپ كەتكىنىنى دېمەمدىغان! مەن شۇ تاپتا كېتىۋاتقان بۇ يول ئەمەس، بەئەينى پېلەكلىرىنى يۇلۇپ تاشلىغان قوغۇنلۇقنىڭ ئۆزى ئىدى. نەچچە كۈندىن بېرى ماشىنام يۈزى خۇددى كىر يۇيۇش تاختىسىنىڭ يۈزىدەك بولۇپ كەتكەن يولدا قېقىلىپ، سىلكىنىۋەرگەچكە، ئوجۇر-بوجۇرىدىن چۇۋۇلۇپ كېتەمدىكىن دەپ قورقۇپ قالغانىدىم، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تاشلىنىپ قالغاچقا، ھەر قەدەمدە يېرىم مېتىر چوڭقۇرلۇقتا چۆنەك بولۇپ كەتكەن «يول» غا دۇچ كەلگەنىدىم. بۇنداق يولدا تېزرەك ماڭايچۇ دەپمۇ ماڭغىلى بولمايتتى. ماشىنىنىڭ ئالدى چاقى چۆنەككە چۈشكەندە، ماشىنىنىڭ تۇمشۇقى خۇددى ئېگىزدىن تاشلانغاندەك قېقىلىپ، كىرلو، كاپوت جالاقلاپ لەپشىپ كېتەتتى. كابىنكا ئاسمانغا ئۇچۇۋاتقاندەك كۆتۈرۈلۈپ قاڭقىپ چۈشەتتى. ئادەم ئۆزىنى باشقۇرالماي كابىنكىدا پوكزەكتەك كۆكلەپ چىقىپ تورۇسقا ئۇسۇپ، يەنە سىدىنلىككە دومىلاپ چۈشەتتى. رولنى ئىختىيارىغا قويۇپ بەرمىسە، شوپۇرمۇ قول بېغىشى ياكى بارماقلىرىنى سۇندۇرۇۋالاتتى. ئۆزۈمچە رەللە بولۇپ ئاغزىمنى بۇزۇپ كىملەرنىدۇر تازا تىللىدىم.

— ئەمدى، ئەمدى زورۇقۇپ كەتمەيلى ئۇكام، ماشىنا بىزەر نەرسە بولمىسۇن يەنە... بەل ئاستىراق...

ئەمدىلىكتە ئادىمىكامىمۇ نائىلاج قالغانىدى. ئۇ ئالدىدىكى تۇتقۇچىنى ئىككى قولى بىلەن مەھكەم قاماللىۋېلىپ، تورۇستىن بېشىنى قاچۇرۇش ئۇچۇن بويىنىنى ئېگىپ، مۈكچىيىۋالغانىدى. ئامال قانچە؟ ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلماي بولمىدى. مەن گازنى يەڭگىللىتىپ، سۈرئەتنى ئاستىلاتتىم. ئېغىر ماشىنا ئۆردەكتەك ئىرغاڭلاپ، كالا ھارۋىسى سۈرئىتىدە يۈرۈشكە باشلىدى.

ھاۋا بارغانسېرى قىزىماقتا ئىدى. يول يۈزىدىن پۇرقىراپ كۆتۈرۈلگەن ئاچچىق چاڭدىن ئالدى تەرەپنى زادىلا كۆرگىلى بولمايتتى. كابىنكىغا يوپۇرۇلۇپ كىرىۋاتقان توزاندىن بۇرنۇم ئېچىشىپ، كۆزلىرىمدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. مەن ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان بىرەر بېشى ئىششىپ قالغان ماشىنىنىڭ مېنىڭ ماشىنامغا گۈرس قىلىپ ئۇسۇۋېلىشىدىن قورقۇپ، چوڭ چىراغنى يېقىشقا مەجبۇر بولدۇم. چىراغنىڭ سۇس يورۇقى قويۇق توزاننىڭ باغرىغا شۇڭغۇدى. ئاھ خۇدا! قانداق يول بۇ ئەمدى! ئۈستۈگدە ئوتلۇق قوياش پارلاپ تۇرسىمۇ، يولنى كۆرگىلى بولماي، چوڭ چىراغنى يېقىپ قويۇۋاتىمەن!

چۆلنىڭ ئىسسىقى، ماشىنىنى چۇلغىۋالغان قويۇق چاڭ-توزان، ئەزايىمىنىڭ كاۋاپ بولۇپ قىزىشى، پۇت-قولۇمنىڭ چىقىپ ئاغرىشى، تامىقىمنىڭ كەكرىدەك ئاچچىق بولۇپ شالدەك قېتىۋېلىشى، كۆزۈمگە قۇم تىقىۋەتكەندەك قاپاقلىرىمنىڭ چىڭقىلىنىشى، كۆزۈمنىڭ پۈرۈلۈپ-يۇمۇلۇپ يولغا قارىشىمغا دەخلى قىلىشى ... شۇ تاپتا ماڭا دوزاخ ئازابىنى كۆرسەتمەكتە ئىدى. مەن چىشلىرىمنى غۇچۇرلاتقىنىمچە ئىچ-ئىچىمدىن بوغۇلۇپ ئاران ئولتۇرىمەن. ماشىنامۇ تۇنجۇقۇشتىن پۇشقۇرۇپ ئاران-ئاران كېتىۋاتىدۇ. يېنىمدىكى ئادىمىكامىمۇ جىنىنى قويارغا جاي تاپالماي قالغاندەك پات-پات ئۇھ سىنىپ، ئۇچلۇق ئېڭىكىنى «بوغۇچلاپ» قويىدۇ. كابىنكىدىكى تىنجىقتىن نەپسى قىسىلىپ ئاغزىنى كاك-كۈكتەك ئېچىۋېلىپ، ئىمىنىدۇر دەم تارتىۋاتقاندەك ئىچىگە ئۇرۇپ تىنىدۇ. ئۇنىڭ دورداي ۋە قېلىن كالپۇكلىرى قۇرۇپ يېرىلغان، چاڭ بىلەن لايلانغان تەر تامچىلىرى كۆزىنىڭ چۆرىسىدىكى قورۇقلارغا قويۇلۇپ، يىگىنە ئۇچىدەك ئاپئاق يالتىراپ تۇرغان قويۇق ساقال-بۇرۇتلىرىنىڭ ئارىسىغا سىرغىپ شۇرقىراپ ئاقىدۇ...

ئاشۇ تەرىزدە ئالاھەزەل ئىككى سائەتكە يېقىن يۈرگەندىن كېيىن يول سەل-پەل سوزۇلگەندەك بولدى. چاڭلار شالاڭلاشقان ئىدى. ماشىنامۇ ئانچە قاتتىق سىلكىنمەي، سەل تىنچلىنىپ قالغاندەك بولدى. قارىسام ھېلىقى چۆنەكلىك ئاخىرلىشىپ قاپتۇ. ئەمدىكى يول ئەنە شۇ كىر يۇيۇش تاختىسىدەك بولۇپ قالغان يول ئىدى. خۇددى گازموز يەللىكتىدەك قويۇق قىرچاق يېرولدا يۈرۈش يەنىلا ناھايىتى ئازابلىق بولسىمۇ، بايىقى چۆنەكلىكتىن مىڭ ھەسسە ياخشى ئىدى. بۇنداق گازمون يولدا قانداقلا بولمىسۇن كىلومېتىر ئاپىبىرىدا 40 — 45 نى كۆرسىتىپ ماڭغىلى بولاتتى. بىردىنلا كۆڭلۈم سەلكىنە كۆتۈرۈلۈپ قالغاندەك بولدى. مەن پۇت-قولۇمنىڭ ئاغرىقىنى، قىزىتمامنىڭ كۆيدۈرۈشىنى ئۇنتۇپ، قەدىمىمنى زورغا زوسلىدىم-دە، رول گەردىشىنى قايتىدىن مەھكەم قامالاپ، گازنى بارا-بارا كۈچەيتتىم. بۇنداق يولدا ئاستا ماڭسا تېخىمۇ بەك قېقىلىدىكەن، بۇنى نەچچە كۈندىن بۇيانقى تەجرىبىلىرىمدە كۆرگەنىدىم. شۇڭا نېمە بولۇشىنى پېشانەمدىن كۆرۈپ، بىر مېڭىپ بېقىش خىيالىغا كەلدىم-دە، گازنى كۈچەيتتىم. ماشىنامنىڭ سۈرئىتى بارا-بارا ئېشىشقا باشلىدى. ئاكىسلاتورنى تېخىمۇ شىپقىدىم. شۇنىڭ بىلەن ماشىنام ئۈركۈپ كەتكەندەك بىراقلا ئالغا تاشلاندى.

ماشىنىنىڭ پۈتۈن قىسىملىرى جالاقلاپ تىترەيتتى. ماتور ھۆركىرەيتتى؛ رول گەردىشى تىترەيتتى. ماشىنا چاقى بەزىدە چوڭقۇرغا جالاقلاپ چۈشۈپ، ئالدى ئۇس كۆتۈرۈلۈپ تاشلىناتتى. گاھىدا يول قىرچاقلىرىنىڭ قويۇقلۇقىدىن چاق ئالدىغا يۈرەلمەي ئۆز ئورنىدا تاكىراڭلاپ سەكرەيتتى. گاھىدا بولسا، خۇددى تولغىما ئۇسسۇل ئوينىۋاتقاندەك، ئىككى تەرەپكە تولغىنىپ ئورنىدا جالاقلايتتى. شۇ تاپتا مېنىڭ كۆزلىرىمگە قان تولغانىدى. ئىككى چېكەم چوغ باسقاندەك قىزىپ كەتتى. جىمى قانلىرىم مېڭەمگە ئۆرلەپ، تومۇرلىرىم چىڭقىلىپ كەتتى، رول گەردىشىنى قامالىغان بارماقلىرىم كىرىشىپ ئاغرىپ كەتتى.

ئىچىمدە بىر تەرسالىق، بىر ياۋايىلىق، بىر تەلۋە كۈچ ئۆرىدەيتتى. بۇ كۈچ

www.uyghurkitap.com

مېنى گازلى تېخىمۇ قاتتىقراق بېسىشقا، ھېچنېمىگە قارىماي ئالغا تاشلىنىشقا، ماشىنا سۈرئىتىنى ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە كۆتۈرۈشكە دەۋەت قىلاتتى. شۇ مىنۇتتا ھەر قانداق شوپۇرنى ھەر نەپەستە ئېھتىياتلاندۇرىدىغان ماشىنىنىڭ ئاغدۇرۇلۇش خەۋپى، ئوس ياكى رام، رېسسورلارنىڭ سۇنۇپ كېتىش ئېھتىمالى، ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالغان بىرەر ماشىنىغا ئۇسۇۋېلىش مۇمكىنلىكى دېگەنلەر كاللامغا كىرىپمۇ قويمايتتى. بىر چاغدا ھېلىقى ئادىمكام نېمىلەرنىدۇر دەپ تووۇلىغاندەك قىلدى، مەن ئۇنىڭ نېمە دەپ ۋارقىرىغىنىنى ئاڭقىرمىدىم ۋە پىسەنتىمۇ قىلمىدىم، ھەتتا ئۇنىڭغا بۇرۇلۇپ قاراپمۇ قويمىدىم، ئەكسىچە رولنى ئويىنىتىپ، ئاكسىلاتورنى قۇلاقىچە پاتۇردۇم. شۇ تاپتا مەن گويا غالجىرلاشقان بىر ئىت ــ ئەقلىدىن ئېزىپ ھەر تەرەپكە ئۆزىنى تاشلاۋاتقان تەلۋە ئىت ئىدىم. كۆزۈمگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. پەقەت ئالغا تاشلىناتتىم، گازنى بولۇشىغا باستىم. ئالغا! ئالغا! پەقەت ئالغا!

بىر چاغدا ماشىنامنىڭ ئالدى چاقى بىر چوڭقۇرلۇققا جالاقلاپ چۈشتى، ئادىمكام ۋە مەن قاڭقىپ چىقىپ تورۇسقا ئۇسۇپ سېدىنىلىككە يىقىلدۇق. مەن رول تۇتۇپ ئولتۇرغاچقا، پەقەت چوققاملا كابىنكا تورۇسىغا تەگدى، بېشىم ھېچقانچە ئاغرىپ كەتمىدى. لېكىن ئۇنىڭ تىنىم رولۋاينىڭ چېتىق بولتىسىغا شۇنداق قاتتىق تەگدىكى، ئاغرىق ئازابىدىن كۆزۈمدىن ئوت چىقىپ كەتتى، رول سىلكىنۋەتكەچكە، ئۇنىڭ قولۇمنىڭ بېغىشى قايرىلىپ كەتتى. ھېلىقى ئادىمكام قاڭقىپ چۈشۈپ بۇرنى بىلەن كارمانغا ئۇسۇۋالدى. قاڭشىرى شۇ ھامان كۆكىرىپ، قىر-بەلدەم بولۇپ ئىششىپ چىقتى. مەن يەنە گازنى كۈچەپ باستىم، ماشىنىنىڭ ئالدى چاقى ھېلىقى چوڭقۇرلۇقتىن تۇرتۇلۇپ چىقىپ كەتتى-دە، ماشىنام ئالدىغا بىر ئوقچۇپ، ئۇدۇل يان تەرەپتىكى ساي ئېرىقى تەرەپكە چاپتى. مەن رولنى ناھايىتى تېزلىكتە سول تەرەپكە جېنىمنىڭ بارىچە ئۇردۇم، لېكىن ماشىنا نېمىشقىدۇر رولغا زادىلا بويسۇنماي يول قىرىدىكى ساي ئېرىقىغا تىقىلدى ۋە شۇ ھامان ئۇ ئېرىقتىن قاڭقىپ ئېتىلىپ چىقىپ، ساي تەرەپكە گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ كەتتى. قارىسام قولۇمدىكى رول گەردىشى بويىنى تۇتمايۋاتقاندەك قۇرۇق پىرقىراۋاتاتتى. مەن ھېچ ئامال قىلالماي، پۈتۈن كۈچۈم بىلەن پۇت تورمۇزىنى باستىم ۋە رولنى قويۇپ بېرىپ، ئىككى قولۇم بىلەن قول تورمۇزىنى ئارقىغا تارتتىم. بويۇنتۇرۇقىنى ئۈزۈپ قاچقان بۇقىدەك ھېچنېمىگە قارىماي ساي تۈۋىنىگە قاراپ گۈلدۈرلەپ چۈشۈپ كېتىۋاتقان ماشىنا پۇت ۋە قول تورمۇزلىرىنىڭ تەڭلا قىسىشى بىلەن يولدىن چىقىپ، 50 — 60 مېتر ئارىلىقتا قىڭغىيىپ توختاپ قالدى. مەن كابىنكىدىن ئۆزۈمنى يەرگە ئاتتىم-دە، ماشىنىنىڭ ئالدىغا پالاقلاپ بېرىپ، ماشىنىنىڭ ئاستىغا ئېڭىشىپ قارىدىم. ئەسلىدە رولۋاي تەگسى قاتتىق سىلكىنىشتىن چورتلا ئۈزۈلۈپ كېتىپ، ماشىنىنىڭ رول قىسمى باشقۇرۇش ئىقتىدارىنى يوقاتقان ئىكەن، شۇڭا ماشىنام بېشى قايغان تەرەپكە چاپقانىكەن. مېڭەمدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى. پۇت-قولۇمغا تىترەك ئولاشتى. مۇبادا بۇ يەردە ھاڭ بولسا، ياكى يولنىڭ چېتىدە ئۆي-پۆي، ئادەم-ئۇلاغ بولغان بولسا قانداق قورقۇنچلۇق ئىش يۈز بېرەر ئىدىكىن؟

مەن ئاخىردىنى ئويلاشقا جۈرئەت قىلالماي، قورقۇنچتىن ھالسىزلىنىپ، رولۋاي
تەگىنىڭ ئۈزۈكىگە چەكچەيگىنىمچە ئولتۇرۇپ قالدىم. ئاگىچە كابىنكىنىڭ يەنە بىر
ئىشىكى ئېچىلىپ، ئۈگسولى قالمىغان ئادىمكام كابىنكىدىن ئالدىراپ چۈشۈپ كەلدى ۋە
يېنىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ قولى بىلەن تىزىغا تايىنىپ ماشىنىنىڭ ئاستىغا بويۇندى - دە،
رەڭگىرويى شۇ ھامان ئۆچۈپ، تىنىقى ئىتتىكلەپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا
تىكىلىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالمىدىم. لېكىن ئۇنىڭ تىزىغا تىرەجەپ تۇرغان قوللىرىغا
كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىدىم. ئۇنىڭ تىزلىرى تىترەۋاتاتتى. ئۇ، ئورۇق ۋە قاتمال
بارماقلىرى بىلەن ئاسلاننىڭ بېشىنى قاماللىغاندەك تىزلىرىنى مەھكەم قامالليۋالغانىدى.

مەن چوگراق تىنىشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ئادىمكامنىڭ «يېرىلىشىنى» كۈتتۈم.
ئەمدى نېمە دېسە، نېمە قىلسا ئۇ ھەقلىق ئىدى. ھەتتا ئاغزىنى بۇزۇپ تىللىسىمۇ،
باش - كۆزلىرىمگە مۇشت - پەشۋا بىلەن سىلىۋەتسىمۇ ... بىر چاغدا ئۇ ئادەمنىڭ بارماقلى-
رى تىزلىرىدىن تەسلىكتە ئاجراپ، ئۇنىڭ ئىگىشگىلىك قەددى ئاستا - ئاستا رۇسلاندى.
مەن بېشىمنى كۆتۈرەلمەي، زوگزايغىنىمچە ئولتۇرۇۋەردىم. قۇلاقلىرىم ئۇنىڭ ئىزا - ئاھا-
نەتلىرىگە تەييار ئىدى ... ئادىمكام چوگقۇر بىر تىنىۋەتكەندىن كېيىن تەسلىكتە
خىرىلدىدى:

— بولغۇلۇق بولدى، ئەمدى قانداق قىلارمىز - ھە؟

ئۇ تىللىمىدى، ۋارقىراپ، جارقىراپ كەتمىدى. لېكىن ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئاخى-
رىدىكى ھە؟ دېگەن سوراقتىن تومۇرلىرىمدىكى قانلىرىم مۇزلاپ، يۈرىكىمگە غاچ قىلىپ
بىر ئاغرىق كىردى. بۇ سوئال تولىمۇ ھەسرەتلىك، ئېغىر، قورقۇنچلۇق ئىدى. ئۇزايى-
دىن ئۇ ئادەم گويا مۇشۇنداق بولۇشىنى ئالدىنقاچان بىلگەندەك ئىدى. مەن قىمىر قىل-
ماي، زۇۋانىم تۇتۇلغىنىچە ئولتۇرۇۋەردىم. ئۇ ئادەم ئەتراپقا ئالاگلاپ قارىدى. غەزەپ-



لىك قۇياشقا قاقلىنىپ ئوت - ئاتەش بولۇپ قىزىپ ياتقان چېكى يوق ساي. ئاشۇ بى-
پايان كەڭلىكتە قاغجىراپ - قۇرۇپ كەتكەن بىھېساب تاشلاردىن بۆلەك چۈمۈلىگە كۆ-

www.uyghurkitap.com

لەڭگە بولغۇدەك بىرەر تال گىياھ يوق. كۆز يېتىم يەردە يا بىرەر ئىنسى - جىن، يا بىرەر ماشىنا - پاشىنا كۆرۈنمەيدۇ.

مەن ئەلەملىك ئۇھسىندىم، ھەممىسى تۈگەشتى. زادى تېگىدىن يارىماس ئىكەنمەن ئۆزۈم. تۈنجى سەپەردىلا چاندۇردۇم.

— سىز ... ئۆزىڭىز قانداقراق تۇرىسىز؟ قىزىتمىڭىز ... — ئادىمكام ماڭا ئېگىشىپ مۇلايىمغىنە سورىدى.

ئۇ ئادەمنىڭ بۇ گېپى تېخىمۇ ئېغىر كەلدى. راستىنى ئېيتسام، شۇ تاپتا ماڭا ئەڭ خۇش ياقىدىغىنى تىل - تاياق، ياكى ئۆلۈم ئىدى.

— مەن ... مەنغۇ يامان ئەمەس ...

ئۇ ئادەم غولۇمغا شاپىلاقلىدى:

— ھېچ ۋەقەسى يوق، ماشىنا دېگەن بۇزۇلۇپ تۇرىدۇ. شوپۇر دېگەنگە يولدا قېلىش سوغۇق سۇ ئىچكەنىنىڭ ئورنىدىكى گەپ. يول دېگەنگە كۆرپە سېلىپ ماڭغىلى بولمايدۇ - دە! ئەمما - زە، سىزنىڭ بىتاپ بولۇپ قالغىنىڭىز بەك يامان بولدى - دە، بىرەر يۇتۇم سۇ تاپقىلى بولسىمۇ كاشكى ... ئەمدى شۇ، مۇشۇنداق قىلىپ پىشىسىز ... ئاخىرى...

ئۆتكۈر پىچاقمۇ، تىكەنلىك تاياقمۇ؟ كىچىككىنە خاتايىم ئۈچۈن جېنى چىرقىراپ كېتىدىغان بۇ ئادەم ئەمدى بولغاندا ئەجەبمۇ... يا بولمىسا كونا شوپۇر دېگەننىڭ كۆڭلى مۇشۇنداق بولامدىغاندۇ؟ ئەمدى كېلىپ مۇشۇ ئادەمنىڭ تەسەللىسىگە، پەپىلىشىگە، ئىچ ئاغرىتىشىغا لايىق بولۇپ قالدىممۇ؟ مەن ئولتۇرغان يېرىمدىن دەس تۇرۇپ كەتتىم - دە، ئۇ ئادەمگە بەتمۇ - بەت توغرىلاندىم. ئىككىمىزنىڭ كۆزلىرى بىر - بىرىگە تىكىلىشتى. مەن نېمىشقىدۇر ئوڭايسىزلىنىپ قالدىم. گەپنىڭ راستىنى ئېيتسام، مۇشۇ نەچچە كۈندىن بۇيان بۇ ئادەم بىلەن شامۇ - سەھەر بىللە بولۇۋاتقان بولساممۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرىگە بۈگۈنكىدەك توغرىدىن - توغرا تىكىلىپ قارىمىغان ئىكەنمەن. مانا ئەمدى كۆرۈۋاتىمەن. ئۇنىڭ كۆك كۆزلىرىدىن بىر ئىسسىقلىق بالقىيدۇ. قارىشى مەھكەم، ئىشەنچلىك، بۇنداق كۆزلەردىن مانا مەن دەپ تۇرغان يۈرەكنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇنداق كۆزلەر بىر ساغلام يۈرەكنىڭ تىلى بولۇپ، سەن چۈشىنىدىغان تىلدا سۆزلىيەلەيدۇ. تېڭىرقاپ قالدىم. ئۆمەللەنگەن ئاغزىم يۇمۇلدى. كۆزلىرىمنى ساي تەرەپكە قاچۇردۇم. لېكىن ئۇ كۆزلەر ئاشۇ ساي يۈزىنى چىرمىۋالغان ئوتلۇق ۋىل - ۋىل ئىچىدە يىراقتىن ماڭا مۇلايىمغىنە تىكىلىپ تۇرىدۇ. مەن يېنىمدىكى ئادەمنىڭ كۆزلىرىگە ئەمەس، ئاشۇ يىراقتىكى ۋىل - ۋىل ئىچىدە قاراپ تۇرغان كۆزلەرگە تىكىلدىم. سىنچىلاپ قارىدىم. خېلى ياشانغان ئادەمنىڭ بولسىمۇ، قىزلارنىڭكىدەك كىرپىكلىرى تال - تال قويۇق، قايرىما، قىسىلىپ تۇرغىنى ئۈچۈن قارىغان ئادەمگە تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز دەرىجىدە يېقىملىق كۆرۈنىدىغان، كىشىنىڭ يۈرىكىدە ھۆرمەت ۋە بىر خىل ئەيمىنىش ھىسسىياتىنى قوزغايدىغان كۆك كۆزلەر ...

مەن يىراقتىن - يىراققا سوزۇلۇپ، قىل قۇيرۇق بولۇپ ياتقان تاشيول تەرەپكە قاراپ تۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇت بۇ ئادەمنىڭ كۆزلىرىنى كىمنىڭكىدۇر كۆزلىرىگە ئوخشىتىپ

قالدىم. توۋا، كىمنىڭ كۆزلىرىگە ئوخشايدىكىن؟ نەدە كۆرۈۋىدىمىكىن؟ يا بولمىسا، نەچچە كۈندىن بېرى شەكىللەنگەن تەسىراتىممىكىن؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ كۆزلىرىگە قويۇپ قويغاندەك ئوخشايدۇ... لېكىن كىمنىڭ؟ نەدە كۆردۈم؛ قاراپباق، ئۇنىڭ قاراشلىرىدىكى دىدىللىك، خۇش خۇيلۇق، مۇلايىملىق، تېگى-تېگىدىن بالقىپ تۇرغان ئىسسىقلىق... كاساپەت، كىمنىڭ كۆزلىرى بولغىيدى-ھە؟!

مەن ئەسلىدە، بۇ ئادەمنىڭ بايىقى سۆزلىرى ئۈچۈن ئۆزۈمنى خورلانغاندەك ھېس قىلغانىدىم. شۇڭا چاچراپ قوپقان پېتى ئۇنىڭغا نېمىلەرنىدۇر دېمەكچى ئىدىم. لېكىن ئاشۇ كۆزلەر، ئۇ كۆزلەردە پارلاپ تۇرغان نېمىدۇر بىر نەرسە مېنى تەمتىرىتىپ قويدى. نېمىلەرنى دەيتتىمكىن؟ بىشەملىك قىلاتتىممىكىن؟ ئاشۇ بىشەملىكىم بىلەن ئۆزۈمنىڭ بەتباشلىقىنى، ئاجىزلىقىنى، يارىماسلىقىنى يوشۇرماقچى، ئاقلىماقچى، شۇ ئارقىلىق ئۆزۈمگە تەسەللى تاپماقچى ئىدىممىكىن؟ ئۇ ئادەم نېمىشقىكىن بىردىنلا ئۆزىنگە ئوخشىماي قېلىۋاتىدىغۇ؟ ھېلىقى پايلاقچى، كوت-كوت، قورقۇنچاق بۇ ئادەم نېمىنىسى بىلەندۇ كىشىگە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قىلىدىغان، مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل، كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، خۇش خۇي بىرىگە ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ.

بىر چېكىت، سۇس قارامتۇل، بەكمۇ كىچىك، ھەتتا بىر تال چاڭ-توزان زەررىچىسىدىنمۇ كىچىك بىر تال چېكىت. چېكىت ئاستا، بەكمۇ ئاستا چوڭىيىشقا باشلىدى.

ئاھ خۇدا، ئىشىمىزنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن!

ماشىنا، راستىنلا بىر ماشىنا كېلىۋاتىدۇ. بىر ئۈمىد، بىر پۇرسەت...

يۈرىكىم ئويناپ كەتتى. ئۆزۈمدىن باشقا يەنە بىر ئادەمنىڭ قىممىتىنى ئۇشتۇمتۇت ھېس قىلىپ قالدىم. ئۆزۈمنىڭ — بىر ئادەمنىڭ نەقەدەر بىچارە ۋە ئاجىز بولىدىغانلىقىنى تونۇپ قالدىم... بولۇپمۇ يالغۇز قالغاندا...

— ماشىنا... قاراڭ، ماشىنا كېلىۋاتىدۇ...

مەن خۇشاللىقىمدىن ھودۇقۇپ، كېكەچلەپ خىرقىرىدىم. ئادىمكام ئۈن چىقارمىدى، ئۇمۇ ھودۇقۇش ئىچىدە ئۇپۇققا سوزۇلغان يولنىڭ ئايىغىغا تىكىلىپ قاراپ قالغانىدى، دېمەك ئۇمۇ كۆرۈپتۇ.

— زاپاس ئېلىۋالغان بىرەر تال رولۋاي تەگىنىشى چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — مەن ئۆزۈم ئاڭلىغۇدەكلا غودۇڭشىدىم.

— ئېيتقىنىڭىز كەلسۇن ئىلاھىم...

ئىككىمىز يىراقتىن كۆرۈنۈۋاتقان چېكىتكە پۈتۈن دىققىتىمىز بىلەن قادالدۇق. چېكىت بەك ئاستا قىمىرلايتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر ئېنىقلىقىقا ئۆزگىرىشى ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت ماڭا بىر يىلدەك بىلىنىپ كەتتى. لېكىن ئۇ ھەر ھالدا قىمىرلاپ كەلمەكتە ئىدى. بىز تەرەپكە قاراپ، ئاستا-ئاستا...

ماشىنا يىراقتىنلا سۈرئەتنى ئاستىلىتىپ كېلىپ توختىدى.

— ئۇستام!... — دەپ تەڭلا مۇراجىئەت قىلدۇق ئىككىلىمىز كېلىشىۋالغاندەك، كابىنكىدىن چۈشۈپ كېلىۋاتقان ساقاللىق، بەستلىك شوپۇرغا دىۋاناندەك تەلمۈرۈپ.

www.uyghurkitap.com

ئۇ 50 ياشلارغا بېرىپ قالغىنىدا قارىماي ياش يىگىتلەردەك مەغرۇر ۋە كېلىشكەن كۆرۈ-
نەتتى. ئۇنىڭ قاڭشارلىق يوغان بۇرنى، ئاقىرىشقا باشلىغان قويۇق، تەبىئىي بۇدۇر
چېچى ۋە يۈز-كۆزىنى چۈمكىۋالغان قىزغۇچ ساقىلى ئۇنى يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى
پالۋانلارغا ئوخشاش سۈرلۈك كۆرسىتەتتى.

— قېچىپ سايغا چىقىپتۇ-دە!

ئۇنىڭ ئاۋازى بەستىگە يارىشا گۈركىرەپ چىقتى. ئۇ ئاپتاپتىن قىسىلغان چېقىر
كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، بىزگە ئىرەنسىزگىنە قاراپ قويدى، ئاندىن بارماقلىرىنى ئارا
قىلىپ چېچىنى تارىۋەتتى-دە، تازا بىر كېرىلىۋېتىپ بىزنىڭ ماشىنىمىز تەرەپكە ماڭدى.
ئادىمكام ئۇنىڭغا سوزداشتى.

— رولۋاي تەگىسى سۇنۇپ كەتتى.

ئىككىلىسى ماشىنىنىڭ تۇمشۇقىغا كېلىپ زوڭزايدى. مەن پەرۋاسىزغىنە قىياپەتتە
ئۆرە تۇرۇۋەردىم، شۇ تاپتا نېمىشقىدۇر ئۇ شوپۇرغا ئۆچلۈكۈم كېلىپ قالدى. پاھ، ئۇنىڭ
كۆرەڭلىكىنى، ئايروپىلان ھەيدەپ كەلگەندەك. ئادەمگە ياخشىلىق قىلىدىغان ئەپتى
يوق ئۇنىڭ! مۇشۇ يولدا سەن بىلەن مەنلا بولسام، سېنىڭمۇ مېنىڭ ئالدىمغا تالاي
قېتىم قول كۆتۈرۈپ كېلىدىغان چاغلىرىڭ بولار ئوغرى!

— زاپاس تەگ يوق، ياخشىسى بۇ يەردىن دەررۇ كەتكىنىڭلار تۈزۈك، بولمىسا
پىشىپ قالىسىلەر، كەتسەڭلار ماشىنامغا سېلىۋالاي، بۇنىڭدىن باشقا ياردەم قىلالمىغۇدەكمەن...

دېگىنىمىدەك بولدى. بىزنى شۇ قەدەر خۇشال قىلغان ئاخىرقى ئۈمىد يىپ-يىپى
ئۈزۈلدى. قۇلاقلىرىم ۋىڭىلداپ كەتتى. يۈرىكىم ئىچىمگە تارتىپ، پۇت-قولۇم دەرمانسىز-
لاندى. ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟

ئۇ شوپۇر ئورنىدىن تۇرۇپ، ماشىنىسى تەرەپكە ماڭدى. ئادىمكام مېنىڭ يېنىمغا
سالپىيىپ كەلدى. ئۇ تېخىمۇ سالپىيىپ كەتكەنىدى. بىز بىر-بىرىمىزگە ئۈن-تىنسىز
قاراشتۇق.

— قېنى، ماڭامسىلەر؟ ئۇزۇن كۈتەلمەيمەن، رادىئاتور ئېقىۋاتىدۇ. زاپاس سۇ
يوق، — ھېلىقى شوپۇر كابىنكىسىدا ئولتۇرۇپ ۋارقىرىدى.

— بۇمۇ ئەسقاتمىدى. ماشىنىنى تاشلاپ كېتەلمەيمىز، شۇنداقتىمۇ بىرىمىز ئارقىغا
قايتىپ رولۋاي تەگىسى تېپىپ كەلمىسەك بولمايدىغان بولدى. سىز ئاۋۇ ماشىنا بىلەن
قايتىپ بېرىپ، دوختۇرغا كۆرۈنگەچ سايمان ئېلىپ كەلسىڭىز، مەن ماشىنىنى قورۇقلاپ
تۇراي.

ئارقامغا قايتىمەن؟ مەن ئادىمكامغا لەپپىدە قارىدىم.

— ياق ئاكا، ماشىنىنى مەن ھەيدەپ كەلگەن، بالانى مەن تېرىدىم. ماشىنىدىن
بىر قەدەممۇ ئايرىلالمايمەن، نېمە بولسام مەيلى، مەن ھېچنەگە بارمايمەن، سىز بېرىڭ،
بارغۇڭىز كەلسە ...

— ياق، ياق، نېمە دېگىنىڭىز؟ ئىككىلىمىز شوپۇر، سىزنىڭلا ئىشىڭىز ئەمەس،
نېمە كەلسە تەڭ تارتىمىز، مۇھىمى سىز ئاغرىپ قالدىڭىز، بۇ يەردە تۇرۇپ قالسىڭىز بولمايدۇ.

— تولا كورو-كورۈك قىلماي ماڭسىڭىز مېڭىلى ئاكا، مەن دېدىم-غۇ ماشىنىنى تاشلاپ ھېچنەگە بارمايمەن دەپ!

مەن تەرسالارچە بويىنۇمنى تولغاپ ساي تەرەپكە قارىۋالدىم.

— نېمە تۈگىمەيدىغان گەپ ئۇ، ماڭمىساڭلار مەن كەتتىم.

ساقاللىق شوپۇر زەردىسى بىلەن توۋلىدى-دە، ماشىنىسىنى ئۇرت ئالدۇردى، ئادىمكام ئەمدى ئالدىراپ قالدى.

— ئاپلا ... ما بالىنى، — ئۇ دەم شوپۇر تەرەپكە، دەم مەن تەرەپكە ئىنتىلىپ چارىسىزلىك ئىچىدە قوللىرىنى ئىشقىلىدى. مەن قىمىر قىلماي تۇرۇۋەردىم. ئۇ ئىلاجىسىز ھالدا، — بوپتۇ ئەمىسە، مەن باراي، كېچىچە بولسىمۇ يېنىپ كېلىمەن، سىز ... ئاپلا، ... مەشەدە، يا يەيدىغان نەرسە بولمىسا، مەن ئۇسسۇزلۇق بىلەن نان-پان ئالغاچ كېلىمەن، — دېدى-دە، ماڭا قىيماي ساراڭ بولغان قوزىدەك ئۆز ئورنىدا نەچچىنى پىرقىرىۋەتتى ۋە ئامالسىز يولدىكى ماشىنا تەرەپكە يۈگۈردى.

— ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىرىپ يېتىپ ئارام ئېلىڭ، ئاپتاپتا تۇرماڭ، مەن ... مەن ... — ئۇ كابىنكىغا چىقىۋېتىپ ماڭا بويۇنداپ ۋارقىرىدى. مەن قوزغىلىۋاتقان ماشىنىغا بۇتتەك قېتىپ قاراپ قالدىم. ئۇ ماشىنا توپا-چاڭ توزۇتۇپ بىردەمدىلا يىراقلاپ كۆزدىن يىتتى. بىردىنلا كۆزۈمگە بىر سېرىقلىق تىقىلىپ، تىزلىرىم پۈكۈلدى-دە، تۇرغان جايىمغىلا تىزلىنىپ يىقىلدىم.

بىر سۇيۇقلۇق — كۆيدۈرىدىغان، يىرىك تىللىرى بىلەن كۆيدۈرۈپ يالايدىغان يېقىمسىز، شىلىمشىق ھەم ئۇچلۇق بىر سۇيۇق ئېقىم پۇت-قولۇمنىڭ تىرناقلىرىنىڭ ئۇچىدىن كىرىپ كەلدى-دە، تومۇرلىرىمنىڭ دىۋارلىرىنى جىجاپ كۆيدۈرۈپ، ئۆگە-ئۆگىلىرىمگە قاراپ شىرقىرىدى. مەن تومۇر ئۆگىلىرىمدە شىرقىراپ ئېقىۋاتقان، قورتتەك قىمىرلاۋاتقان بۇ سۇيۇقلۇقنى كۆرۈپ تۇراتتىم. توغرا، بۇ سۇيۇقلۇقمۇ رەڭلىك ئىدى. قىزىل؟ ياق، كۆل رەڭ؟ يېشىل؟ سۆسۈن؟ ياق ... ۋاي تاڭەي ... ئۇ لۆمۈلدەيدۇ. ئۇ سۇيۇقلۇق بوغۇم-بوغۇم، تۈكلۈك ئىدى. تېخى قىسقىغىنە، لېكىن يىڭنىدەك ئۇچلۇق مۈڭگۈزىمۇ بار، ئۇ سۇيۇقلۇق لۆمۈلدەيدۇ. ئاستا-ئاستا ۋە خۇشاللىق ئىچىدە قىمىرلايدۇ. ۋاي كاساپەت، ئۇ تېخى مېنى كۆرسۇن دېگەندەك مۈڭگۈزى بار بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇياق-بۇياققا قاراپ قويىدۇ. تومۇرلىرىمنىڭ دىۋارىغا ئۇسۇپ قويىدۇ ۋە يەنە نېمىگىدۇر رازى بولمىغاندەك، يۇقىرىغا، دەل مېنىڭ يۈرىكىمگە قاراپ تاقەتسىزلىك ئىچىدە سىلجىيدۇ ... سىلجىيدۇ ... يۈرەك، مېنىڭ يۈرىكىم، ھال رەڭ شىلىمشىق، يەڭگىل، سىلىق ۋە سىدام يۈرەك ...

بايىقى غەلىتە سۇيۇقلۇق ساناقسىز ئۇششاق پۇتلىرى بىلەن يۈرەككە يامىشىدۇ، گاھ تۈگۈلۈپ، گاھ ئۈزىراپ سويلاپ سىلجىيدۇ. ئاندىن تېخىمۇ يۇقىرىغا، مېڭە ئۇيۇلمىسىنىڭ ئاراشلىرىغا قاراپ شۇڭغۇيدۇ، مېڭە ئۇيۇلمىسىنىڭ جىرالىرىدا، قىناقلىرىدا راھەتلىنىپ ئۈزىدۇ. ئۇچلۇق ۋە سەل ئەگمەچ كەلگەن يىڭنىدەك قاتتىق مۈڭگۈزىنى يۇمران يۈرەككە ۋە مېڭىمنىڭ يۇمشاق لىغىرلاپ تۇرغان يېپىشقاق، ئاقۇچ ئۇيۇتمىسىغا

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى

سانجىپ ـ سانجىپ قويىدۇ. پوستىدىن ئاجرىتىلغان ئۈيۈل ياغاچ ۋە مېغىز رەڭ مېڭەمنىڭ غودۇر ـ بودۇر يۈزىنى يۇمشاق لېكىن كۆيىدۇرگۈ چىشلىرى بىلەن غاجايدۇ. ئۇھ ... مەن شۇلارنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، نېمە دېگەن قىزىق ـ ھە؟ يەرمۇ، ئاسمانمۇ، قانمۇ، يۈرەكمۇ ھەممىسىلا چوغ ... مەن كېتىۋاتىمەن، ماشىنام ئالدىغا ئەمەس، ئارقىسىغا ياق، يېنىچىلاپ كېتىۋاتىدۇ ... دېنامىنىڭ ئاۋازى ساكىسنىڭ ئاۋازىدەك يېقىملىق، لىگوچكىنىڭ چۇكۇلداشلىرى شۇ قەدەر كۆڭۈللۈككى، خۇددى قىزلارنىڭ سۆيۈشىدەك، دارازا، ئۈزۈنچاق ئېگىز چاقلار، ئېللىپس شەكلىدىكى چاقلار، ئۇنىڭ گۇللىرى تېخى يېڭى، ياش ۋە كۇلگۈنچەك. بۇ چاقلار ئالدىغا، ئارقىسىغا ۋە يېنىچە پىرقىراپ ئېرىنگەن قارىماي يول يۈزىدە كەشتە توقۇيدۇ. ھەر خىل گۇللەرنى، ياپراقلارنى، تامغا ـ نەقىشلەرنى ... ئىدىيىنى، پۇلنى، كۇلكىنى، چۇشنى، يەنە ... يەنىچۇ؟ ناخشىنى، روھنى، ۋاي كاساپەتەي ... يەنە ئارماننى ... غۇرۇرنى! تاس قاپتىمەن ـ ھە! تىۋۋا ... رول سۆيۈملۈك رايىش ۋە ئوماق قىز، قۇچۇقۇمدا ۋىلىقلاپ كۇلۈپ ئوينايدۇ. ھەتتىگىنەي! مېنى ھارغۇزىدۇ، ئەخمەق قىز، ھىيلىگەر قىز ... قۇۋ قىز ... ئاكسىلاتور مېنىڭ دوستۇم ـ خۇش خۇي، هاراقكەش، مەرد، شاللاق، قارام، يالغانچى دوستۇم. مېنى دەي ـ دەيگە سالىدۇ، مېنى قۇترىتىدۇ، مېنى يىغلىتىدۇ، كۇلدۇرىدۇ ... ئاشۇ زىبا ئاۋازلار مېنى سىلايدۇ، ئەتيېنىمنى پۇرايدۇ، قىزىق ـ قۇرغاق كۆيىدۇرگۈ بارماقلىرى بىلەن غىدىقلايدۇ. مېنى ئوتلۇق ئالقىنىمدا يەلپۈيدۇ، قىزىق ھاۋا بىلەن تەۋرىتىدۇ، لەيلىتىدۇ ... مەن كالون دەرۋازىسىدىن گۇلدۇرلەپ كىرىپ ماشىنامنى توختاتتىم. سەپەرنىڭ چاڭ ـ توزانلىرى بىلەن بۇلغانغان ماشىنام، ماشىنامنىڭ ئۈستىدىكى يۈكلەر ۋە مەن ـــ ھەممىمىز ھارغىنلىق، خۇشاللىق، مەغرۇرلۇق ئىچىدە راھەتلىنىپ ئۇھ دېدۇق، بىز ئۈچىمىز، بىر ـ بىرىمىزگە قاراپ دوستانىلىق بىلەن كۇلىمىز، ماشىنام سەل خاپا، لېكىن ئۇمۇ كۇلدى ئاخىرى ... قالتىس ھە! مەن ماشىنامنىڭ چاقلىرىغا، كاردان بولتىلىرىغا، رولۋاي چېتىقلىرىغا ئېگىلىشىپ قارىدىم، ھەممىسى خۇشال، ئۇلارنى ئىسماسكا قىلىش كېرەك. يەنە رولۋاي تەگىسىنى، بولۇپمۇ دېپىرىنى ... مەن كالون ئىچىگە كۆز يۈگۈرتتۈم؛ رېمونت كۈتۈپ ياتقان ماشىنىلار ئۇ يەر ـ بۇ يەردە باشلىرىنى سېلىشىپ مۆگدەپ ياتىدۇ، چىرايلىرى سۇلغۇن، كۆزلىرى خۇنۇك ئۇلارنىڭ ... ئېھ، بىچارىلەر! ئۇلار مېنىڭ ماشىنامغا ھەسەتخورلۇق ئىچىدە، بىر كۆيىدۇرگۈ چىدىماسلىق ئىچىدە مۆلدۈرلەپ قارايدۇ، ئۈن چىقارمايدۇ، ئۆلگۈرلەر! رېمونتخانىلاردا، ستانوك ئىشخانىلىرىدا، تۆمۈرچىخانىدا، چاقخانىدا، ياغاچچىلىق ئۆيلىرىدە ئىش ئالدىراش. قول ـ قولغا تەگمەيدۇ. ئادەملەر بېشىچىلاپ يۈگۈرەيدۇ ... شۇ ئەسنادا، مېنىڭ ماشىنامنىڭ يېنىغا يەنە بىر ماشىنا كېلىپ توختىدى. ماشىنىغا لىپمۇلىپ سۇ قاچىلانغانىدى. كۆرۈنۈشىدىنلا مۇزدەك سۇ دېگۈدەكمەن. راستتىنلا ياغاچ كوزۇپنىڭ ئاراشلىرىدىن كۆپكۆك، مۇزدەك سالقىن، سۈزۈك سۇ كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. داۋالغۇپمۇ قويمايدۇ. بەك چوڭقۇر بولسا كېرەك ـ ھە! كۆلدەك، باغراش كۆلدەك، شۇڭا ئېغىر ۋە تېپتىنچ كۆرۈنىدۇ، ۋاي ـ ۋۇي ... كابىنكىدىن ھەسەن پولۇ چۈشۈپ كەلدى. ۋاي پەتەك، يەر مەدىكى، تاپانچا! ئۇنىڭ پەلىيى ئاپئاق، كىر قونمىغان. كاداڭ گويىنىڭ بالىسى ... ئەجەب

ئېيتمىنى ئېلىۋالدى-ھە!؟ ئۇ ماڭا قاراپ ئىچقارلىق بىلەن ھىجايدى:

— يىغلاپسەن-دە! — شۇنداق دەيتتى زادى! تۇرقىدىن بىلگەنىدىم. تاماكا ئورىغان بولۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بەت-بەشرىسىگە قاراشتىن ئۆزۈمنى قاچۇردۇم. لېكىن ئۇنىڭ كوزۇپ-دىكى كۆپكۆك سۇغا پات-پات قاراپ قويدۇم، ئۇسساپ جېنىم چىقىۋاتىدۇ، پاقىدەك بىر چۆمۈۋالسام ئاشۇ سۇغا... لېكىن ئاشۇ ھەسەن پولۇنى-زە! نېمىسىگە شۇنچە ئالچاڭشىيدۇ-ئۇ؟ ئۇنىڭچىلىك شوپۇر بولالماسمەنمۇ مەن؟ لېكىن، بىراق... بۈگۈن چاتاقچۇ؟! بىرگە نۆلنى قوشسا نېمە بولىدۇ؟ ھەسەن پولۇ سەت ھىجىيىپ قېشىمغا كەلدى. «ئاناڭنىڭ بېشى بولىدۇ تازا!» مەن ئۇنىڭ قىسىق كۆزلىرىگە تىكىلىپ جاۋاب بەردىم. ئۇ كۈلدى: «ياقەي، لاتا بولىدۇ! نېمە، ئەت يېنىڭ سەپسىن كونا پاختىغۇ؟ ئۆزۈڭ ئاتقان-ھە؟! پاختىچى! كالون باشلىقى ئالدىدا... كالون ئالدىدا... رەسمىي پاختىچى بولدۇڭ-ئەمدى!» شۇ ھامان ئەتراپتىن قاقاقلىغان كۈلكە ياڭرىدى. مەن بېشىمنى كۆتۈردۇم. قاتار-قاتار كەتكەن ئۇستىخانىلارنىڭ ئىشىكلىرى قىيا ئېچىلغانىدى. ھەربىر ئىشىكنىڭ يان كې-شىكىگە زىققا ئۆتكۈزۈلگەن كاۋاپ توغرامچىلىرىدەك قاتىرىسىغا ئادەم كاللىسى تىزىلىپ كەتكەنىدى. گەۋدىسى كۆرۈنمەيدۇ، پەقەت كاللىلار، چاچلىق، چاچسىز، ساقاللىق، ساقالسىز... مايلاشقان، تەر باسقان، ھەينەت باشلار... ئاشۇ باشلار كۈلۈۋاتاتتى. ئاغزىلىرىنى كالچايى-تىپ، كۆزلىرىنى قىسىشىپ، تاماكىدىن سارغايغان چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ كۈلۈشۈۋاتاتتى. كۈلكە ئاۋازى ئۇستۇمدىنمۇ ئاڭلاندى. مەن رېمونتخانا بىناسىنىڭ يۇقىرى قەۋەتلىرىگە كۆز تاشلىدىم. «ئالالمىدى-ھە! ھە!...» بىنالارنىڭ دېرىزىسىدە ئادەملەرنىڭ بېشى، گەۋدىسى، قولى كۆرۈنىدۇ. ئۇلارنىڭ پۇتى يوق، ھەممىسى پۇتسىز، ئەرلەر، ئاياللار.. ئاشۇلار ۋارقىرىشىپ كۈلۈشىدۇ! «ئالالمىدى، ھە! ھە!...» پۇت-قولۇم كۆيمەكتە. ئوتقا تىققان كۆسەيدەك پۇچۇلىنىپ كۆيمەكتە. بايىقى قىزىق، كۆيدۈرگۈ سۇيۇقلۇق يەنە كۆزۈمگە كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ئۇ سۇيۇقلۇق، ئاشۇ رەڭلىك، يۇمشاق توكلىرى ۋە ساناقسىز پۇتلىرى بار قۇرتتەك سۇيۇقلۇق تومۇرلىرىمدىكى قاننى ھەدەپ قوسۇۋاتىدۇ. قىپقىزىل ۋە كۆيدۈرگۈ قانلار يۈز-كۆزۈمگە چاچرىدى. يەرگە تامچىدى. خەپ دەيمەن جۇمۇ! خەپ! شۇنداق بولۇپ كېتەمدۇ ئەمدى! ياشىماق ئەجەب تەسكىنا، خۇدايىم! نېمە گەپ-ئۆزى-ھە! مەن كالوننىڭ تۆمۈرچىخانىسىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ قويۇلغان بىر كونا سەن-دەلگە كېلىپ ئولتۇردۇم. سەندەل ئاپتاپ تەپتىدىن مەشتەك قىزىپ كەتكەنىدى. مەن كاستامىنىڭ كۆيگىنىگە پىسەنت قىلماي ئولتۇرۇۋەردىم. بىردىنلا سەندەل مېنى چاقىرغان-دەك قىلدى: سەندەل قىچقاردى، ئېتىمنى ناھايىتى ئېنىق قىلىپ قىچقاردى. ئىشقىلىپ ئۆزۈمنىڭ ئېتىمنى ئاڭلىدىم. سەندەل قىچقاردى دېگۈدەكمەن. راستىنلا شۇ قىچقاردى. مەن ئالقىنىم بىلەن ئاستىمدىكى قىزىق سەندەلنى سىلىدىم ۋە ئۇنىڭغا تىكىلدىم. مەن ئەزەلدىن بۇ سەندەلگە قاراپمۇ قويمىغانىدىم. ئەمدى ئۇنى سىلىۋېدىم، شۇ ھامان ۋۇجۇدۇمنى بىر خىل يېپيېڭى تۇيغۇ چۇلغىۋالدى. لېكىن بۇ تۇيغۇلار ھېلىقى قىپقىزىل قان ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالغانىدى. مەن پۈتۈن زېھنىمنى بىر نۇقتىغا يىغىپ، ھېلىقى قىزىللىق ئىچىدىن ماڭا نېمىسى بىلەندۇر بېشارەت بەرگەن تۇيغۇنى ئىزدەشكە، چاقىرىشقا باشلىدىم.

www.uyghurkitap.com

جىددىيلەشكىنىمدىن يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. ئىككى چېكەم قوچۇلۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنىڭ پەي-سەڭگەرلىرى تارشا بولۇپ ئەڭ ئاخىرقى چەككىچە تارتىشىپ قالدى. ئەت يېنىمدىن شۇرقىراپ تەر قۇيۇلدى. مەن تەرسالارچە تىركىشىپ، ھېلىقى تۇيغۇنى ئېنىقلاشقا تىرىشتىم.

... سەندەلنىڭ يۈزىنى يۇقىقا، قىزغۇچ، سېرىق دات باسقانىدى. ئۇ داتلار قۇمسىمان چوقۇرچاقلارنى، يىپتەك ئىنچىكە ۋە تېيىز جىجاقلارنى قاپلىۋالغان، داتنىڭ ئالتىنى قارا-كۆك ئىدى، ئاشۇ ئۈستى قىزغۇچ-سېرىق، ئالتىنى قارا كۆك كەلگەن داتنىڭ ئۆزى قارىماققا قابىل كۆرۈنسىمۇ، شۇ تاپتا ئاشۇ سەندەلنىڭ تېنىدە ئاجىز، بىچارە كۆرۈنەتتى. چۈنكى ئۇنىڭ شۇ تاپتا دۇچ كەلگىنى ۋاقىتنىڭ ئالدىدا، داتنىڭ ئىقتىدارى ئالدىدا چارىسىز قالغان بويسۇنغۇچى، يۇمشاق تەبىئەتلىك، چىدىماس بىر مىتال ئەمەس، ئەكسىچە ۋاقىتتىن ھالقىپ كەتكەن، ۋاقىتقا بويسۇنماس، ھەممىنى بەربات قىلالايدىغان، ۋاقىتنىمۇ تەمتىرىتىپ قويىدىغان بىر كۈچ — قۇدرەت، بىر روھ ئىدى... مۇنداقلا قارىساڭ، بىر سەندەل. تېنى ئېغىر، بەكمۇ ئېغىر ۋە مەھكەم. ئۇنىڭدا كىچىككىنىمۇ ئاراش يوق، زەررىچە سىقچىلىك ئاراش يوق، ھەتتا ھاۋا كىرىۋالغۇدەكمۇ بوشلۇق يوق، زىچ، ئۇيۇل، سەندەل ئۆزى سارغايغان، بېنزىن، ئاپتول ۋە تەر بىلەن نەمدىلىپ قارايغان تۇپراق ئۇنى بېلىگىچە كۆمگەن. قار-بوران، يەل-يېشىندا چىقىلغان. بىر ئۆمۈر قىپقىزىل ئوت ۋە ئېغىر بازغانلارنىڭ سوققىسى بىلەن چارچىشىپ ئۆتكەن... ئاشۇ قەدەر ئۇزۇن ۋاقىت بىلەن يامان شارائىت، ئاچار مۇھىت پەقەت ئۇنىڭ يۈزىگە ناھايىتى ئۇششاق چوقۇرچاقلارنىلا، ناھايىتىمۇ تېيىز جىجاقلارنىلا، تېيىز بىر قەۋەت سىزىقلارنىلا قالدۇرالىغان، پەقەت شۇلا، ئۇندىن ئۆزگە ھېچنېمە. بۇ قوپال بارلىق ئاخىرقى ھېسابتا بىر روھقا ئايلىنىپ كەتكەن. ئادەم ياراتقان ماددىدىن يەنە ئادەمنى باشقۇرىدىغان بىر روھقا ئۆزگىرىپ كەتكەن. ۋاقىت ھەممىگە قادىر، ۋاقىت ھەممىگە ھۆكۈمران، پەقەت روھلا ۋاقىتنىڭ تىزگىنىگە، ئۇنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنمايدۇ. بۇ سەندەل دەل ئاشۇ روھقا ئۆزگىرىپ كەتكەن... چۈنكى ئۇنىڭ تېنىگە ئادەمنىڭ ئىرادىسى، ئادەمنىڭ كۈچ-قۇدرىتى، ئادەمنىڭ غۇرۇرى، ئادەمنىڭ نومۇسى، ئىقتىدارى، ئېتىقادى يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن...

پەۋەس ئاشلىق بېسىلغان ماشىنىلار مەنزىلگە ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى، بۇ سۇ ئاپىتى بىلەن ماكانسىز قالغانلارنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن توشۇلۇۋاتقان ئاشلىق ئىدى. ئاشلىقنى دېگەن ۋاقىت ئىچىدە يەتكۈزۈپ بارمىسا، نۇرغۇن ئادەم ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتەتتى. ماشىنا ئەتىرىتى كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يول يۈرۈۋاتاتتى. ئۈچ كۈندىن بۇيان ئۇلاردا نە ئۇيقۇ، نە ئارام ئېلىش يوق، يول بەكمۇ خەتەرلىك ئىدى. بولۇپمۇ بۈگۈنكى قارلىق داۋان. داۋان بەك ئېگىز. بىر ماشىنا ئاران ماڭالايدىغان تارغىنە يول قاتمۇ قات تىك چوققىلارنىڭ بېلىدە تاسمىدەك يۆگىشىپ ياتىدۇ. سەللا بايقىمىساڭ ھاڭغا غۇلايسەن...

قاش قارايغان مەھەلدە بىردىنلا شۇئىرغان ھۇشقۇرتۇپ، لەپىلدەپ قار يېغىپ كەتتى. يولنى ئوچۇق كۆرگىلى بولمايتتى. ماشىنىلار مەزگىلدىن ئىلگىرى چىراغ تارتىپ، تاش پاقىدەك ئۆمىلىشىپ داۋانغا يامىشىپ بەكمۇ ئاستا كېتىۋاتاتتى. بىركەمدە شۇئىرغان

بورانغا ئايلاندى. قارلىق بوران غالجىرلاشقان ھايۋاندەك ئالدى تەرەپتىن ماشىنىغا تاش-
لىنىدۇ. بوراننىڭ قورقۇنچلۇق ھۆركىرىشىدىن كىشىنىڭ تېنى جۇغۇلدايدۇ. ئەمدى چىد-
راغلارمۇ كارغا كەلمىدى. ئاپئاقچىنىقتىن باشقا ھېچ نەرسىنى ئىلغا قىلغىلى بولمايتتى.
غالجىر بوران ئۇچۇرۇپ كېلىۋاتقان قېلىن قار بۇ تار جىلغىدا خۇددى دەريا تاشقىنىدەك
گۈركىرەپ ماشىنىغا بېسىپ كەلدى. ماشىنىلارنىڭ ئالدىدا ھەش-پەش دېگۈچە ئۆيدەك-
ئۆيدەك قار دۆۋىسى پەيدا بولدى. ئەڭ ئالدىدا كېتىۋاتقان ماشىنىنىڭ تۇمشۇقى يولغا
دۆۋىلىنىپ كەتكەن قارغا تىقىلىپ قالدى. بىركەمدە گۈلدۈر-غالاپ قىلىپ قالدى. ئالدىدا
كېتىۋاتقان ھېلىقى ماشىنا سىلكىنىپ كەتتى-دە، كابىنىكىنىڭ ئەينەكلىرى پۈتۈنلەي
ئېتىلىپ قالدى. ئەسلىدە تاغقا دۆۋىلىنىشۋەرگەن قار تېمى نەق ماشىنىنىڭ بېشىغا ئۆرۈ-
لۈپ، ماشىنىنى كۆمۈۋەتكەنىدى. ئەمدى توگەشتىم، دەپ ئويلىدى رولدا ئولتۇرغان ياش
شوپۇر قورقۇنچ ئىچىدە. ئۇنىڭ تىزلىرى دىر-دىر تىترەيتتى. ئۇ كۆلتۈك قارنى تورتۇپ
چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ جىننىڭ بارىچە گاز بەردى. لېكىن قانچە گاز بەرسەڭمۇ چاق-
لار بوكسۇۋايىت قىلىپ، ئۆز ئورنىدا تېيىلىپ قۇرۇق پىرقىرايتتى. ياش شوپۇر پۈتۈن
ئۈمىدىنى گازغا باغلاپ ھەدەپ گاز باساتتى، لېكىن ماشىنا جالاقلاپ تىترەيتتى-يۇ،
ئالدىغا كىچىككىنە سىلجىپ قويمايتتى. ماشىنىنىڭ ئالدىغا دۆۋىلەنگەن قار تېمى ئەمدى-
لىكتە بىر كىچىك تاغ بولغانىدى. ياش شوپۇر ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە يېنىدىكى قارامتۇل
ۋە قاتمال كەلگەن بوۋايغا چەكچىيىپ قارىدى. ئۇ ئادەممۇ ئوتتا سارغايغان شاپ بۇرۇ-
تىنىڭ ئۇچىنى چىشلەپ ئىندىمەي ئولتۇراتتى. ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىدىن بىر تاقەتسىز-
لىك، پەرىشانلىق چىقىپ تۇراتتى. ياش شوپۇر يېنىدىكى ئادەمنىڭ ئۈن چىقارمىغىنىغا قاراپ
چۆچۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزىدە ئۆلۈم قورقۇنچى ئەلەڭگىيتتى.

بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ نېمە بولىدىغانلىقى ئۇلارغا ئايان ئىدى. تالاي شو-
پۇرلار مۇشۇنداق قار ئاستىدا قېلىپ، جاققىدە قېتىپ قېلىشقانىدى.

ياش شوپۇر ئارقىسىدىكى ماشىنىلارغا بەلگە سىگنالى بەردى. سىگنال ئاۋازى بوغۇق
چىقتى. سىگنالنى ماشىنىنى بېسىۋالغان قار سۈمۈرۈۋالغانىدى. دېگەندەك، ئارقا تەرەپتىن
ھېچقانداق سىگنال ئاڭلانمىدى. دېمەك، ئارقىدىكى ماشىنىلارمۇ قارنىڭ تېگىدە قاپتۇ!
دەھشەتلىك بوران ھۇۋلايدۇ. ئېغىر ماشىنا ئۆچەككە كىرگەن قوڭغۇزدەك قېلىن قار
ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتىدۇ. يا ئالدىغا، يا ئارقىغا بىرەر قەدەم سىلجىيالمايدۇ. كابىنكىنىڭ
ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ. ئامپېرلار خىرە-شىرە بولۇپ ئارانلا كۆرۈنىدۇ. بۇنداق ئەھۋالدا
ماتورنى ئۆچۈرسە، ھايال بولمايلا ماتور توڭلاپ قالىدۇ-دە، يېرىلىپ كېتىدۇ. ھېلىغۇ
ماتور ئىشكەن، كابىنكىدىكى ئادەممۇ ھە دېمەيلا شىيىنىدەك قېتىپ قالىدۇ. ئۆچۈرمىسەڭ
باكتىكى ماي بىكار كۆيۈپ تۈگەيدۇ. بۇ يەردە قاچىلاشقا ماي تۇرماق، ئادەمنىڭ نەپسى
ئۇچۇن ھاۋامۇ يېتىشمەيدۇ. بۇ ئەھۋالدا بۇلارنى ئەمدى ھېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ، ھېچكىم...
مانا، ئۇلارغا ئەمدى ئۆلۈم يېپۇرۇلۇپ كېلىۋاتىدۇ! ئاھ خۇدا، ھېچ بەلگە-نىشانسىز
ئۆلۈپ قالارمىزمۇ؟ قورقۇنچتىن ياش شوپۇرنىڭ چىرايى تاتىرىپ كەتتى. بۇ يىگىت
پىراكتىكا ئۈستىدە ئىدى. ئۇنىڭ پىراكتىكا ئۈستىسى ئاشلىق بېسىۋاتقان ماشىنىدىن يىقىلىپ

www.uyghurkitap.com

كېتىپ ياتاقتا يېتىپ قالغانىدى. باشقا زاپاس شوپۇر بولمىغاچ ماشىنىنى ئۇنىڭ ھەيدەپ قايتىشىغا توغرا كەلگەنىدى. ئۆزى قىزىقىپ قالدى - دە، ئاتىسكاچىلىق قىلىپ، بىر ھەيدەپ باقاي دەپ قالغانىدى. غىت قىسىۋالسا بوپتىكەن ئۇستىسى بولمىغاندىن كېيىن! ئەمدى قاراپ تۇرۇپ ئۆزىنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردى... ئۇ ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى قاتتىق چىشلىگەن ئادەم شوپۇر بولىدۇ، دەپ ئاڭلىغانىدى. تېخى رەسمىي شوپۇر بولماي تۇرۇپلا ياش جېنىدىن ئايرىلىدىغان بولدى، ھەي ئىست! ئەمدى كۈتمەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى. نېمىنى كۈتىدۇ؟ ئۆلۈمنى! ھەئە، سوغۇق، قارىغۇ، شەپقەتسىز، تەلۋە ئۆلۈمنى! مۇنۇ قېرىغۇ مەيلى، يەيدىغىنىنى يەپ، ياشايدىغىنىنى ياشاپ بولغان، نەدىسلا ۋە قاچان ئۆلسە ئۇنىڭغا بەرىبىر، ناھايىتى پەقەت كالۋندىن بىر تەرسا قېرى، بىر ئاددىي تۆمۈرچى ئازلايدۇ شۇ! ئۇنىڭ تارتىشىدىغان نە خوتۇن - بالىلىرى، نە خۇشاللىقى يوق، ئۇچۇ؟! ئۇ تېخى ھېچنېمىگە قانمىغان ئىدىغۇ؟ ھاياتنىڭ ھېچبىر خوۋلۇقىنى كۆرمىۋىدىغۇ؟! ئۇنىڭ يۈرىكى مۇزلاپ، ئەزايى دەرمانسىزلاندى. ئىچ - ئىچىدىن بىر يىغا قاينايتتى. شۇ ئەسنادا ھېلىقى قېرى ئادەم سوغۇقتىن تولاراق قورقۇنچتىن لاغىلداپ تىترەپ ئولتۇرغان ياش شوپۇرغا ئىچ ئاغرىتقاندەك قاراپ قويۇپ، قولىنى سوزۇپلا ماتورنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىۋەتتى. ياش شوپۇر ئۇ كىشىنىڭ بېنزىننى ئاياۋاتقانلىقىنى چۈشەندى. باياتىن بېرى ماتورنىڭ قىزىقى بىلەن ئاران يىلىنىپ تۇرغان كابىنكا ھەش - پەش دېگۈچە كۆكتات گەمىسىدەك مۇزلاپ كەتتى. كابىنكىنىڭ يوچۇقلىرىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن سوغۇق ئۇلارنىڭ ئەت - يېنىنى چاياندەك چېقىشقا باشلىدى. ئۇلار جۇۋىلىرىنى تېخىمۇ بەكرەك قىمدىشىپ، كابىنكىنىڭ بۇلۇڭىغا شۈمشىيىپ تىقىلىشتى. ئۇلارنىڭ ساقال - بۇرۇتلىرىنى، قاش - كىرپىكلىرىنى، قولاقچا ۋە جۇۋىلىرىنىڭ ياقىسىنى بىر دەمنىڭ ئىچىدە قىراۋ باغلاپ كەتتى. بىر كەمدە ھېلىقى ئادەم سېپدىنلىكىنىڭ ئاستىدىن ماتور قىزىتىشقا ئىشلىتىدىغان ئوتلۇقنى ئېلىپ ئوت ياقتى. ئوتلۇق گۇركىرەپ، كۆپكۆك ئوت پۈركۈشكە باشلىدى. كابىنكا سەلگىنە يىلىلغاندەك بولدى. لېكىن ئوتلۇقتىن پۈركۈلۈۋاتقان بېنزىننىڭ ئاچچىق ئىسى ئۇلارنىڭ دېمىنى كەستى. نەپەس ئالماق بارغانسېرى قىيىنلاشتى. بېنزىن ئىسىنىڭ زەھەرلىك دۈتى ئۇدۇل مېڭىگە تېگىپ، باشنىڭ ئىچى قىزىپ چىڭقىلاتتى. ئادەم شوك بولغاندەك يېرىم بېھوش ھالەتكە چۈشۈپ قالاتتى. ئادەم ئۆزىگە ئىگە بولالماي بىر تۇمانلىق خىيال ئىچىدە تىركىشىپ قالاتتى، زەھەرلىك بېنزىن ئىسى كۆزلەرنى كىسلاتا قويۇۋەتكەندەك ئاغرىتىپ ئېچىشتۇراتتى. كۆزلەردىن ياش قۇيۇلۇپ، ئاچقىلى بولمايتتى. ئاخىرى ھېلىقى ئادەم ئوتلۇقنىڭ ئوتىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. كابىنكىنىڭ ئىچىنى گۆر قاراڭغۇلۇقى باستى. ئۇلار پۈشۈلدىشىپ بەكمۇ تەسلىكتە نەپەس ئېلىپ ئولتۇراتتى. بېنزىن ئىسىدىن ئۇلارنىڭ يۈزى قۇرۇم سۈركۈۋالغاندەك قاپقارا بولۇپ كەتكەنىدى. پەقەت كۆزلىرىلا قاراڭغۇلۇق ئىچىدە ئۇچۇۋاتقان ئاداققى چوغدەك ئاران پىلدىرلاپ پارقىرايتتى. كابىنكىنىڭ ئىچى يەنە مۇزلاپ كەتتى. يوچۇقلاردىن شۇڭغۇپ كىرگەن نەشتەردەك سوغۇق ياش شوپۇرنىڭ ۋۇجۇدىنى مۇزدەك تىلى بىلەن يالاپ يالماشقا باشلىدى. ئىچ - ئىچىدىن كېلىۋاتقان قورقۇنچلۇق تىترەكتىن ئۇنىڭ چىشلىرى كاسىلدايتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ بەدىنىدىكى ھەر

بىر تال تۈكنىڭ سوغۇقتىن بىر - بىرلەپ تىكلىشىپ ئۆرە بولۇۋاتقىنىنى، ئەت- ئېنىنىڭ توك سوقۇۋەتكەندەك غۇژۇلداپ توخۇ ئېتى بولۇپ بۈرتۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئولتۇراتتى. سوغۇقتىن ئۇنىڭ پۈتىنىڭ بارماقلىرى چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتتى، ئاغرىق بىر كەم بولغاندا ئاستا - ئاستا يۇقىرىغا ئۆرلەپ، ئۇنىڭ مېڭىسىنى تورمۇزلىۋالدى. بۇ ئاغرىق ئەمدى بىر يىللىق ئېتىمغا، بىر خىل شېرىن كەيپكە ئۆزگەرمەكتە ئىدى. بىردىنلا ئۇ ئۆزىنى بارغانسېرى يەڭگىللەپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى بايىقى قورقۇنچلۇق خىياللار ئۆلۈم ۋەھىمىسى، ئۈمىدسىزلىك ۋە ھالاكەت تۇيغۇسى ئاللىقاياقلارغا يوقالغانىدى. ئېمىشقىدۇر ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ سوقۇشى بارغانسېرى ئاستىلاشقا، نەپەس ئېلىشىمۇ يېنىكلەشكە باشلىماقتا ئىدى. ياش شوپۇر ئۆزىنى قوچۇۋاتقان بىر خىل شېرىن ۋە يىللىق سېزىم ئىچىدە چايقىلىپ - لەيلىمەكتە ئىدى. توغرا، لەيلىمەكتە، ئۇنىڭ مېڭىسى لەيلەيدۇ، يۈرىكى لەيلەيدۇ، ۋۇجۇدى، پىكىر - تۇيغۇسى لەيلەيدۇ. قاپقارا ۋە ئېغىر ماشىنا بۈيۈك ۋە ھەيۋەت قارلىق تاغلار، قارغا كۆمۈلگەن بىپايان دۇنيا، پۈتۈن كائىنات، جىمى ھاياتلىق لەيلەيدۇ، كېلىۋاتقان ئۆلۈممۇ لەيلەيدۇ... ياش شوپۇر بىر خىل ھوزۇر ۋە لەرزان چايقىلىش ئىچىدە راھەتلىنىپ ئاستا - ئاستا كۆزلىرىنى يۇمدى...

بۆشۈك، نەقىشلەنگەن، رەڭگا رەڭ سىرلانغان، يۇمشاق ۋە ئىسسىق بۆشۈك. بۆشۈكنىڭ تەۋرەتكۈچىسىگە بىر تال ھوشۇق ئېسىپ قويۇلغان، بۆرە ھوشۇقى، بۇ ھوشۇق شۇنچە سىلىق، ئىسسىق ۋە غىلىتاڭ، يۇلتۇزدەك يالىلدايدۇ. بۆشۈك يەڭگىل ۋە بىر خىلدا چايقىلىدۇ. بۆرە ھوشۇقى ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدا رىتىملىق تەۋرەيدۇ. ئۇ بۆشۈككە بۆلەنگەن ھالدا ھوشۇققا كۆز تىكىپ راھەتلىنىپ ياتىدۇ.

لاچىن يىگىت، بوز يىگىت،
بەگقۇلىدەك ئۇز يىگىت.
چاچىڭ قاما، يۈزۈڭ كۈن،
كۆزلەرىڭ يۇلتۇز يىگىت.

بوۋاڭ كېلىپ پۇرايدۇ،
ئاتاڭ كېلىپ پۇرايدۇ.
قاچان ئاتقا يارار دەپ،
قىزلار كېلىپ سورايدۇ.

تە، تە قىلىپ ئۆرە بول،
چوڭۇپ ئۆينىڭ زورى بول.
ئەلنىڭ بېشى — تۆرى بول،
قىز باللارغا جۆرە بول.
بوۋاڭ سەندىن سۆيۈنسۇن،
باتۇر ئەركەك بۆرە بول...

www.uyghurkitap.com

ئەللەي ناخشىسى، مۇڭلۇق، غەمكىن، يېقىملىق بۆشۈك ناخشىسى. ئانىسىنىڭ ئاھاڭى يىغلىغاندەك تىترەك ۋە دولقۇنلۇق. شۇنداق، ئانىسىنىڭ يۈرىكىدىن بىر مۇڭ ئۆرلەيدۇ، ئاشۇ مۇڭنىڭ كۈچىدىن ئۆي تەۋرەيدۇ، زېمىن تەۋرەيدۇ، ئانىسىنىڭ ئەللەي ناخشىسى ئالەمنى تەۋرىتىدۇ، ئىككى دۇنيانى بىر-بىرىگە باغلايدۇ، زېمىن بىلەن ئاسمانىنى بىر-بىرىگە يېقىن قىلىدۇ. ئۇ ئانىسىنىڭ ناخشىسىنى، مۇڭ-زارىنى باغاشلاپ، بۆشۈكنىڭ، ئالەمنىڭ يەڭگىل ۋە ئارامبەخش تەۋرىشى ئىچىدە ئاستا-ئاستا شېرىن ئۇيقۇغا كېتىدۇ...

«كۆزۈڭنى ئاچ، ئۇخلاپ قالساق ئۆلۈپ قالىمىز!» ئۇ كۈلدى. ئىسسىق بۆشۈك، بۆشۈكنىڭ تەۋرىشى شۇ قەدەر راھەتلىك، ئالەمنىڭ چايقىلىشى شۇ قەدەر ھۇزۇرلىنارلىق... «كۆزۈڭنى ئاچ، دەيمەن! ئاچقىن كۆزۈڭنى...» قاتتىق يۇلقۇشلاشتىن ئەللەي ناخشىسى ئۈزۈلۈپ قالدى. يەڭگىل تەۋرەش، راھەتلىك چايقىلىش توختاپ قالدى. ئۇ تىرمىشىپ كۆزلىرىنى يىرتىپ ئاچتى.

لەخمىدەك قاراڭغۇ ۋە سوغۇق كابىنىكىدا سوغۇقتىن پۇت-قوللىرى شىشىندەك قېتىپ قالغان. ئىچ-ئىچىدىن بىر ئەسەبىي تىترەك يامرايدۇ...

— كۆزۈڭنى ئاچتىڭمۇ؟ بىر ئامال قىلمىساق ئۆلۈپ قالىمىز، بىز سىلجىمىساق ئارقىدىكى ماشىنىلارمۇ قىمىرلىيالمايدۇ، ئۇنى نەچچە ئادەم شۇ تاپتا قار ئاستىدا قالدى دېگىنە... مەن بىر ئامال قىلىپ پەسكە چۈشۈپ قارنى كۆرەپ يول ئاچاي، سەن ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ، چىراغ تارتىپ ئىز بېسىپ ماڭغىن... ئاشۇ چوققىغا چىقىۋالساقلا قۇتۇلدۇق دېگەن گەپ، بولە!

ئۆلگۈسى كەلدىمۇ-نېمە؟ مۇشۇ قېرى پەسكە چۈشەمدۇ؟ قار كۆرەمدۇ... توڭلىمىدىمىكىن؟ تۆمۈرچى دېگەن ئۇچىيۈز ئاتمىش كۈن ئوتنىڭ ئالدىدا تۇرغاچ توڭلىمايدىغان چېغى. ياقەي... ئاغزى گەپكە قولاشمايۋاتىدىغۇ، توڭلىمامدۇ. ئاشۇنچىلا قاتتىق شۇۋىرغاندا پەسكە چۈشۈپ جان قىينىغىچە مۇشۇ كابىنكىدا جىممىدە ئولتۇرۇپ جان بەرگۈلۈك. ھامىنى ئۆلىدىغان گەپ... توۋا، مۇنۇ قېرىنى دەيمىنا؟ ئۇ نېمىنى ئويلاۋاتىدىغاندۇ؟ كۆزىنى نېمە چاغلايدىغاندۇ؟ ئۆلمەيمەن دېسە كېرەك-ھە، قىزىق...

ئۇ ئادەم ئۆزى تەرەپتىكى كابىنكا ئىشىكىنىڭ تۇتقۇچىنى قايرىپ، ئىشىكنى تېشىغا ئىتتەردى. قېلىن قار قاپلىشىۋالغىنى ئۈچۈن ئىشىك ئازراق قىيا بولۇپ تۇرۇۋالدى. ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن شۇۋىرغان ھۇۋلىغىنىچە ئېتىلىپ كىردى، ئۇ خۇددى غالجىرلاشقان ئاق ئىتلاردەك ئۆتكۈر ۋە ئۇچلۇق چىشلىرىنى ھىڭگايتىپ، تارغىنە كابىنكا ئىچىدە ئۆزىنى ئۇدۇل كەلگەن يەرگە ئۇراتتى. چىرقىراپ-خىرقىراپ بوغۇلاتتى. ئادەمنىڭ جىمى ئەزايىنى، ئامپېرىنى، رىچاگىنى، ئەينەكنى ئەسەبىيلەرچە تالايتتى... ياش شوپۇر كالتە جۇۋىسىنىڭ ياقىسىنى تارتىشتۇرۇپ، شۈمشىيىپ تۈگۈلۈۋالدى. ئۇ شۇ تاپتا پەقەت شۇنىلا قىلالايتتى. ھېلىقى ئادەم كابىنكىغا باستۇرۇپ كىرگەن بورانغا بوي بەرمەي، تۈگۈلۈپ تۇرۇپ، ئىككى پۇتىنى جۈپلەپ كابىنكا ئىشىكىگە تىرەجەپ، ئىشىكنى پۈتۈن كۈچى بىلەن سىرتقا ئىتتەردى. ئاخىرى ئىشىك ئادەم پاتقۇدەك ئېچىلدى. ئۇ ئادەم ئىشىك يوچۇقىدىن قىستىلىپ مىڭ بىر جاپادا سىرتقا چىقتى. لېكىن چىقىپلا يامپىشىغىچە كۆلتۈك قارغا پېتىپ قالدى.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

مەسئۇل مۇھەررىر　　ئالىمجان ئىسمائىل

ئەممىن ئەخمەدى

# جەنۇب قىزلىرى

## ئارمان

ئەسىر چۈشتۈم ساڭا ئۈچ نۆۋەت
يەڭگىدى مېنى ناخشاڭ ۋە شاراب.
ئەقلىم ئالدى گەپلىرىڭ دەسلەپ
بىھوش بولدۇم كۆزۈڭگە قاراپ.
قەدەھ تۇتتۇڭ ئىچە - ئىچمەيلا
بىر ئوت بىلەن قالدىم ئالدىراپ.
يەڭسەڭ مەيلى تۆتىنچى نۆۋەت
مۇددىئايىم ئاخىرقى جاۋاب.

## كۆڭۈل

مۆكۈشمەكنى باشلىدۇق، ئورمان
قوغۇنلۇقنىڭ يولىدەك ساڭا.
تۇتۇۋالساڭ ئۇتقىنىڭ دېدىڭ
تۇتۇش نېسىپ بولمىدى ماڭا.
سەن ئۇتتۇرساڭ بەرمەك بولدۇڭ گۈل
ئۇتۇشىڭدىن سۆزلىمىدىڭ شەرت.
مەن ئۇتتۇلۇپ ئۇرسام قۇرۇق قول
بۇ سىناقتا بولاتتىم نامەرد.
بولدى قىزچاق مەنلا ئۇتتۇلاي
لېكىن شەرتىم ئەمەس بىر تال گۈل.
ماقۇل دېسەڭ سېنىڭلا بولۇپ
كۆڭلۈڭ بىلەن قالسۇن بۇ كۆڭۈل.

## قېرىنداش

قىيا بېقىپ قاراۋەرمىگىن
ھەيران بولما ئوخشىمايمىز دەپ.
يۈرەك بىردەك سوقسىلا بولدى
شۇنىڭ ئۆزى مۇڭداش دېگەن گەپ.
قۇملۇقلارغا ئاشىق ئىكەنسەن
مەنمۇ مۇشتاق بوستانلىرىڭغا.
نازۇك بويۇڭ، لېۋەن سۆزۈڭنى
قوشۇۋالدىم داستانلىرىمغا.
چىرايىمدىن چىقارما ھۆكۈم
تىنىقىمغا قۇلاق سالساڭ بەس.
گەر ياق دېسەڭ نېمىشقا كۆكسۈڭ
مىدىرلايدۇ بولۇپ ئىگىز - پەس؟

## زېمىن

تاغقا دېدىڭ ئەگەشتىم يېقىن
ھېرىقتۇردى يولنىڭ يىراقى.
كۆكۈچ تۇمان بەئەينى ئېقىن
تارتقۇشلىدى زېمىن پىراقى.
چىقماق بولدۇڭ تېخىمۇ ئېگىز
جەننەتكە دەپ مېنى قۇچاقلاپ.
بۇلۇتلارنىڭ ئاستىدا دېڭىز
ئېسەدەيتتى بىزلەرنى ساقلاپ.

پەرىلەرنىڭ غەمسىز كۈلكىسى
ئۆلۈكلەرنىڭ روھىغا ئەللەي.
بەختىمىزنى تاپايلى يەردىن
يامغۇر تىلەپ بۇلۇتنى ئەمەي.

## دېڭىزلار، قىزلار

گاھى دېڭىز، گاھى قىزلارنى
يازىسەن دەپ سورىما شامال.
ئىككىسىنى ئىگەم بىراقلا
ياساپ خاتا قىلغان ئېھتىمال.
يا بولمىسا قىزلار قەلبىنى
ئايرىپ چىققان ئويغاق دېڭىزدىن.
يا بولمىسا دولقۇن مەۋجىنى
يوللاپ بەرگەن قىرغاقتا قىزدىن.
شۇ تۇپەيلى ئىلھام ئارامسىز
ۋىسال ئىزدەپ ئىككى مەڭزى نەم.
ئاق قەغەزلەر مىسرا تالاشسا
سۆيگۈ بىلەن يۇيىدۇ قەلەم.
ئەيىبلىمە بىزنى شاماللار
خىيالىڭدا زادى كىم باردەپ.
يازمايمىزمۇ دېڭىزلار، قىزلار
قۇچاقلىسا شائىرنى يار دەپ.

## ئوت

كۈنلۈك تۇتماي مېڭىڭلار قىزلار
قۇياش سىزدىن يالقۇن سورايدۇ.
مەڭزىڭىزگە قونۇپ ھەر سەھەر
ئوت شورايدۇ، سۆيگۈ شورايدۇ.
كۈندۈز يېنىپ كېچە يانمىغاچ
قۇياش كۆزى تولدۇ ياشقا.
قىزلار سىزدە ئوت بار ئاجايىپ
كۈندۈز باشقا، كېچىلەر باشقا.
كۈنلۈك تۇتماي مېڭىڭ چوڭ يولدا
كائىناتقا خۇشاللىق بېرىڭ.
يېرىم دۇنياسىز بىلەن پۈتۈن
پۈتۈنلۈكنى ئوت بىلەن تېرىڭ.

## بايرام

ماڭا بايرام يىلدا بىر قېتىم
دەپ كۆزۈڭدىن تۆكۈلمىسۇن ياش.
ھېچكىم بىلمەس بايراملىرىڭنى
ياخشى ئىشمۇ قىلىپ قويسام پاش؟
لېۋىڭدىكى تۇنجى تەبەسسۇم
پېقىردىكى ۋاپالىق قاراش.
سۇغا چىققان چاغدا يىراقتىن
غايىبانە ئەتكىنىم باغاش.
ئۇلۇغ - كىچىك تىنغان كېچىلەر
دېرىزەڭنى تىرىقلاتقان تاش.
ئايدىڭدىكى پىچىر - پىچىر گەپ
خىلۋەتلەردە يېقىنلاشقان باش.
قايسىبىرى بايرىمىڭ ئەمەس
قالغان يەنە نېمە قېيداش؟
بىر كۈن بولۇپ قالمىز تېخى
تونۇشلۇقتىن ئۆمۈرلۈك يولداش.
نىگاھىڭدىن كۈلكە تۆكۈلەر
ئېغىزىڭدىن سۆيگۈ تۆكۈلەر
تۇنجى پەرزەنت يېڭى بىر قىتئە
كەبى كەلگەن چاغدا جاھانغا.
بىزدىن رازى بولۇپ قاقاقلار
تۇزغا مىلەپ يېگەن نان، توقاچ.
مەن يۆلەرمەن سېنى باغلاردا
سەن يۆلەرسەن مېنى تاغلاردا.
قېرىلىقتا بېرەر تەسەللى
بېسىپ ئۆتكەن يوللارغا قاراش.
ماڭا بايرام يىلدا بىر قېتىم
دەپ كۆزۈڭدىن تۆكۈلمىسۇن ياش.
ھېچكىم بىلمەس بايراملىرىمىز
بىلەن بىزدە ئۆمۈر مەڭگۈ ياش.

1992 - يىلى شاڭخەي.

www.uyghurkitap.com

روزى سايىت

## ئىتتىپاقلىق توغرىسىدا نەزمىلەر

گەر شۇنداق كۈن كەلسە: ئاسمان دۇم بولسا،
يۇلتۇزلار ئۈزۈلۈپ، زېمىن گۇم بولسا.
شۇندىمۇ ئۈلمەيمىز تاش مىجەز بىلەن،
هالى تەس كىمنىكى چاچقۇن، قۇم بولسا!

*　　*

مىللەتلەر ئۈملۈكى كاتتا ئىمارەت،
يىقىلار تۈۋرۈكنى بوش قويسا خارەت①.
چۈشەندىڭ «تۈۋرۈك» لىك بۇرچۇڭنى ئۆتە،
بۇ دېمەك، ھەمكارلىق ــ شانغا كاپالەت.

*　　*

دىل ئۈيۈك دوستلارغا بولسۇن كەڭ، ئوچۇق،
بىر ناننى بىللە يە قىلىپ تەڭ پۇچۇق.
ئىشىكلەر ئاچمىغىن بۆلگۈنچىلەرگە،
قويمىغىن كىرگۈدەك بىرەرمۇ يوچۇق.

*　　*

بىرلىكتىن يۈزلىنەر ئەلگە ئاسانلىق،
ۋاپادا يەكدىللىق، گۈللەر ئىنسانلىق.
ئىزاھىنىڭ شامىلى ئۈششۈتەر گۈلنى،
كۆردۈڭمۇ، توزغاقنىڭ هالى سەرسانلىق.

*　　*

ئەخمەقنىڭ دوستى كۆپ، دېيىشىدۇ خەق،
دوست دېگەن كۆپ بولسا بولمامدۇ؟ ناھەق!
ئىشەنمە ئۇ گەپكە، يالغۇز ئاقىلدىن ــ
مىڭ ئەۋزەل بىز كەبى دوستى كۆپ ئەخمەق.

*　　*

ياراشماس يارەنلەر ئارا ساختىلىق،
ساختىلىق ھەممىدىن يارىماس قىلىق.

بىر گەپ بار ئەمەسمۇ: «ياغاچ قازاندا
بىر قېتىم ئاش پىشار» بۇنى بىل ئېنىق!

*　　*

ئۈملۈكتە كۈچ دېگەن، ئۈملە شكىن ــ بىرلىك،
يالغۇز جان ئۈلۈكتۇر يۈرگەنگە تىرىك.
«ئايرىلسا ئېيىق يەر، بۆلۈنسە بۆرە»
بۇ ئەجەب يامانمۇر، بۇ هالدىن زېرىك!

*　　*

بىر قۇلاق كەم بولسا «چوناق» سەن ئاداش،
بىر قولۇڭ كەم بولسا «چولاق» سەن ئاداش.
ئۈملۈكتە راھىتىڭ، بەخت - ئامىتىڭ،
بۇ سۆزگە دائىم تۇت قۇلاق سەن، ئاداش.

*　　*

قۇشلار جۈپ ئۇچىدۇ ئۇۋا - ئۇچەكتىن،
غاز، ئۆردەك «ئۆي» تۇتار جۈپ - جۈپ، كۆل-
چەكتىن.
قىسايلى ئۈملۈكنىڭ گۈلىنى دوستلار،
ئامەتلەر قاچىدۇ روهىي پۇچەكتىن.

*　　*

ئىناقلىق جاهاندا ھەممىدىن دۇرۇس،
ئىزاھىنىڭ كۈچىتى قاچان ئۈستى رۇس؟
دەرەخنىڭ غولىنى ئېگەلمەس بوران،
ئەگرى شاخ سۇنىدۇ قاراسۇ - قۇرۇس.

① خارەت ــ ياغاچچى.



توختى ئايۇپ

# سەۋدايىلىق

(ھېكايە)

## 1

ئايشىخان ئېرىنىڭ باش-ئۇچى يوق تۆگمەس كېپىدىن زېرىكىپ مۆگدەك ئارىلاش ئەسنەشكە باشلىدى. سېيلىمجانمۇ قىزىق ئادەم. ئۇ بىرەر ئىشتىن خۇش بولۇپ ياكى رەنجىپ قالسا، گەپنى لەڭمەندەك سوزۇپ، قۇم-كېپەكتەك سۆزلىگىلى تۇرىدۇ.

بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. ئۇ نېمىگدۇر خۇشال ئىدى، نېمىدىندۇر ھاياجانلانغان، خۇش كەيىپ بولغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆزى ئۇخلىغىلى تەمشىلىپ يوتقانغا كىردى-يۇ، ئېغىزى يەنە توختىمىدى:

— ئەستا... كېسەل توخۇدەك مۆگدىمەي بىردەم كېپىمنى ئاڭلاپ تۇرساڭچۇ خوتۇن! نېمە؟ قۇلىقىم ئاغرىپ كەتتى، ئۇخلىسىلا دەمسىنا؟ ھەي... مۇشۇ كۈندە نېمانچە كالىدەك دۆتلىشىپ كېتىدىغانسەن؟ مۇشۇنداق ھەر كۈنى توخۇ قونداققا چىققاماستا ئۇخلاپ ئوتتۇز يىلنى ئۆتكۈزۈپتۇق. ئوتتۇز يىل ئۇخلاپ نېمە تاپتۇق؟ ئالتە بالا! ئۇيقۇدىن ئېرىشكىنىمىز نېمە؟ كەمبەغەللىك، موھتاجلىق... نېمىشقىمۇ بۇرۇنراق پېنسىيەگە چىقىپ پۇل تېپىشقا كىرىشمىگەن بولغىيدىم دەيمەن. خۇددى كوممۇنىزمنى مەنلا قۇرۇۋېتىدىغاندەك ئىشلەپتىمەن... ئىشلەپتىمەن. ھۆكۈمەتكە بىكاردىن-بىكار بەش يىل ئوشۇق ئىشلەپ، پۇل تاپىدىغان ئەڭ ياخشى پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇپتىمەن. بۇ قېتىم ئۆيدىن بىر ھەپتە يوقاپ كەتكىنىم ئۈچۈن خاپا بولۇۋاتىسەنغۇ تايىنلىق؟ ئۆيدىن شۇ كۈنى ئەتىگەندە چىقىپ كەتكىنىمچە ئەل-ئاغىنە، ئۇرۇق-تۇغقان، تونۇش-بىلىشلەرنىڭكىدە ھال-مۇڭ بولۇپ ئولتۇرۇپ كېلىمەن دەپ بىر ھەپتىنى ئۆتكۈزۈۋەتكىنىم راست. بىراق سەن بۇنىڭ ئۈچۈن ئېرىڭدىن خاپا بولما، ئەكسىچە خۇشال بول، نېمىشقا دېسەڭ بۇ بىر ھەپتە ئىچىدە سېنى قاقشىتىدىغان ناھايىتى چوڭ گۇناھلىق بىر ئىشتىن قول ئۈزۈپتىمەن. يەنى ھاراق ئىچمەيتىمەن. بۇنىڭ بەدىلىگە ناھايىتى

مۇھىم بىر نەرسىگە ئېرىشىپتىمەن. يەنى
پۇل تېپىشنىڭ تۈرلۈك - تۈمەن چارە -
ئۇسۇللىرى بىلەن تونۇشۇپتىمەن. ھەي
خوتۇن... ئەخمەق بولۇپ پۇلنى ئۇتتۇز
نەچچە يىل يېپەن قىپتىمىز. ئاخىرى
بېرىپ شۇ پۇلغا يالۋۇرىدىغان، ئۇنىڭغا قۇل
بولىدىغان ئوخشايمىز. ئەل - ئاغىنە، ئۇرۇق-
تۇغقانلىرىم شۇ پۇلنى دەپ بۇرۇنقى ھا -
رامخورلۇقىنى تاشلاپتۇ. قارىساڭ ئۇلار كۆن-
دۈزىمۇ، كېچىسىمۇ ئالدىراش. ئۇلارغا بىز-
نىڭكىگە ئوخشاش تاتلىق ئۇيقۇ نەدە؟
ئولتۇرسا، قوپسا تىجارەتنىڭ، پۇلنىڭ گېپى.
بۇرۇنقى ھاراقكەش، ئويۇنچى ئاغىنىلىرىم
ئەمدى بىراقلا ئۇ ئادىتىدىن قالدىمۇ ياكى
باي بولغانىېرى ئالقىنىدىكىنى سىقىپ
سۈيىنى يالايدىغان بېخىل - پىخسىقلارغا
ئايلىنىپ كەتتىمۇ بىلمىدىم. سوراپ باقسام
ھەممىسىنىڭ بازاردىن ئاچقان بىردىن - ئىك-
كىدىن سودا دۇكانلىرى، ئاشخانىلىرى بار-
مىش. بۇرۇنلاردا ئون مىڭ يۈەنلىك ئائىلە
دېسە ئاغزىمىزنى ئېچىپ ھاڭۋېقىپ قالات-
تۇق. ئون مىڭ يۈەن ھازىر ئۇلار ئۈچۈن
نېمە؟ يۈز مىڭ يۈەنچى بوپ كېتىپتۇ
دېگىنە! ئويلاپ باق، يۈزمىڭ يۈەن!
ئۇلارنىڭ شۇنچە باي بولۇپ كەتكىنىگە
ئىچىم ئاداپ شەھەر كوچىلىرىنى خۇددى
ساراڭدەك نەچچە كۈن ئايلاندىم. زىيالىي
تىلى بىلەن ئېيتقاندا جەمئىيەتنى بىر
قېتىم ئىجتىمائىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بار -
دىم. خۇدايا تۇۋا! بۇرۇن ئەجەب سەپسال-
مىغان ئىكەنمەنا. ھازىر قارىساڭ شەھەر -
نىڭ ھەممە كوچىسى دۇكان، ئاشخانا...
ئۇلارنىڭ خوجايىنلىرىدىن سوراپ باقتىم.
چوڭراق ئاشخانىلارنىڭ بىر كۈنلۈك ساپ
كىرىمى مىڭ يۈەندىن، كىچىكرەكلىرىنىڭ
ئىككى - ئۈچ يۈز يۈەندىن چۈشمەيدىكەن.
روزى توكۇرنى بىلىسەنغۇ. ھېلىقى چوڭ
تېردەك تۈۋدىكى تونىكىچى... شۇ توكۇر
چېغىدا تونىكىچىلىك ھۈنىرىنى تاشلاپ
دۇكىنىنى ئاشخانىغا ئۆزگەرتىۋالغانىكەن،
ھازىر مېنىڭ بىر ئايلىق پېنسىيە مائاشىم-
نى بىر كۈندە تاپارمىش. ھەي خوتۇن...
گەپنىڭ پوسكاللىسى، ھازىر جېنى بارلىكى
ئادەم پۇل تېپىشقا ئاتلىنىپتۇ. تېخىچە
تەۋرىمەي ياتقانلاردىن پەقەت بىزلا قاپتى-
مىز. ئېسىت دەيمەن، ھۆكۈمەتكە ئوتتۇز
بەش يىل ئىشلەپتىمەنۇ، بانكىغا قويغان
بىر پۇڭ پۇلىمىز ياكى ئۆيدە «پەش» دېگۈ-
لى مۈشۈكىمىز يوقكەن. دېمىسىمۇ بۇ بىز-
گە نېمە كۈن؟ ئالغان مائاشىم يا سەك -
كىز جاننىڭ گېلىغا يەتمىسە، يا ئۈچىن-
غا... ئەمدى ئۇيقۇمىزنى ئاچمىساق بولمى-
غۇدەك خوتۇن. سېنىڭچە نېمە قىلساق
بولار؟ دۇكان ئاچساق قامىلشارمۇ ياكى
ئاشخانىمۇ؟

سېلىمجاننىڭ باياتىن بېرى كۆيۈپ -
تەرلەپ، ئېچىنىش ۋە ھاياجان بىلەن سۆز-
لىگەن بۇ سۆزىگە ئايشىخان ئۆزىنىڭ
سوزۇپ - سوزۇپ خاتىرجەم تارتىۋاتقان خو-
رىكى ئارقىلىق جاۋاب بەردى. سېلىمجان
ئاچچىقىدىن يېرىلغۇدەك بولۇپ خوتۇنىغا
ئەلەم بىلەن چەكچىيىپ قارىدى. مانا...
ئۇنىڭ يېنىدا خۇددى ياپونىيىنىڭ سورتلۇق
مېكىيىنىدەك تۇغۇمچان، ئەمما تۇغۇشتىن
باشقا ھېچ ئىش قولىدىن كەلمەيدىغان ئوت-
تۇز يىللىق قەدىناس خوتۇنى يېتىپتۇ.
ئۇ كىرگە پىشىپ ئەسلىدىكى ئاق رەڭگىنى
يوقاتقان، يىرتىقلىرىدىن ساڭگىلاپ قال -
غان پاختىلىرىمۇ قارىداپ كەتكەن نېپىز
كونا يوتقان ئىچىدە خۇددى سامان تىقىلغان

www.uyghurkitap.com

تاغاردەك كۆپۈپ ياتىدۇ. ئۈستى بىر قەۋەت توپا-چاڭدىن قارىداپ غۇۋالىشىپ قالغان لامپۇچكىنىڭ ئاجىز، قىزغۇچ يورۇقىدا ئۇنىڭ لىبىگەندەك كېرىلىپ-يېيىلىپ تۇرغان يۈزى، ياڭيۇدەك كۆپۈپ چىققان بۇرنى، ئىششىپ ساڭگىلىغان قاپاقلىرى گويا سىبلىمجاننىڭ سەۋدايىلارچە سۆزلەۋاتقان ھاياجانلىق ئاۋازىنى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ جاھاننىڭ جىمى غەم-غۇسسىلىرىدىن بىخەۋەر تارتىۋاتقان خورىكى شۇنچىلىك سالماق ۋە رىتىملىق. بۇ ئاۋازغا ماس ھالدا ئۇنىڭ كۆشلۈك قېلىن لەۋلىرى تىترەيدۇ. پۈرلىشىپ بىر چاغلاردىكى سۈت داغلىرىنىڭ ئالا-تاغىل ئىزناسى قالغان، تىكمىشلىرى سۆكۈلۈپ ئۆڭۈپ كەتكەن كونا رۇباشكىسى ئىچىدىكى تولغان كۆكسى راھەتلىك نەپەسلىنىشتىن گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ پەسىيىپ تۇرىدۇ.

نىھايەت، سىبلىمجان بۇلارغا بىر ئۆمۈر جۇۋازغا قېتىلىپ ئۇنىڭ تىنىمسىز غىچىلداشلىرىغا ئۆگىنىپ كەتكەن كالىدەك كۆنۈك. يالغۇز بۇلا ئەمەس، خوتۇنىنىڭ خېلى كۈنلەردىن بېرى تارغاق تەگمەي كىگىزدەك چىگىشلىشىپ پاخپىيىپ-سالۋاراپ كەتكەن چاچلىرىمۇ، ھەتتا ئەتىگەندىن بېرى يۇيۇلماي قازاندىكى مەنتاڭغا چىلاپ قويۇلغان، ئۈستىدە بىزەك چىۋىنلەر گىژىلدىشىپ ئۇچۇشۇپ يۈرگەن قاچا-قۇچا، تەخسە-پىيالىلەرمۇ ئۇنىڭغا يات بىلىنمەيدۇ. لېكىن نېمىشقىدۇر سىبلىمجاننىڭ بۈگۈن بۇلارنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچتى. خوتۇنىغا ئىچ-ئىچىدىن ئۆچلۈكى كەلدى. شۇڭا ئايشىخاننىڭ يوتىسىغا كۈچەپ بىرنى تېپىپ ئۇنى غەزەپ بىلەن تىللاشقا باشلىدى:

— ھۇ قېرى قانجۇق! ھۇ مەرەز چوشقا! ھۇ ئەۋرەز يۇندىسى!

ئايشىخان چۆچۈپ ئويغىنىپ يوتىسىنى ئۇۋۇلىدى.

— ۋىيەي... ئەجەب قاتتىق تەپتىلىيا... كىمنى تىللاۋاتىلا؟

— ئىگىچە-سىڭلىڭنى! قېرى ئاپاڭنى!

— ئۆلگەن ئادەمنى تىللىمىسىلىيا... گۇناھىنى ئارتىپ...

— ئىسىت! سېنىڭ ئادەم بولۇپ قالغىنىڭغا! ئۇخلاۋېرەمسەن مۈشۈنداق مۈشۈكتەك خورۇلداپ؟

— ئۇخلىسام ئۇخلىغاندىمەن... يېنىمدا سىلىدەك ئېرىم بولغاندىكىن...

— كاپشىما! سەن نېمە غەمدە، مەن نېمە غەمدە شۇ تاپتا!

— غەم؟ مەندە نېمە غەم بولسۇن دەيلا؟ — ئايشىخان ھېچ ئىش بولمىغاندەك بىزەڭلىك بىلەن ھىجايدى، — ھەر ئايدا چىقىپ تۇرىدىغان مائاشلىرى تۇرسا...

ئايشىخان ئېرىنچەكلىك بىلەن ئەسنەپ قويۇپ باللىرى تەرەپكە ئۆرۈلۈپ ياتتى. ھايال ئۆتمەي بۇرنىدىن ئۇششاق باللارنىڭ چالغان پۈشتىكىدەك ئىنچىكە، چىرقىراق ئاۋاز ئاڭلاندى.

ئىنسان ئۇچۇن غەمسىزلىكمۇ بىر راھەت-تە! شۇڭا ئايشىخان بۇ ئۆيدە ئەزەلدىن ئۆزىنى بەختسىز ھېس قىلىپ باققان ئەمەس. بەرسەڭ يەيمەن، ئۇرساڭ ئۆلىمەن دەپ سىبلىمجاننىڭ ئازغىنە پېنسىيە مائاشىغا ئاغزىنى ھاڭدەك ئېچىپ ياتقان يالغۇز ئايشىخانلا ئەمەس، ئىچكىرىكى ئۆيدىكى چوڭ قىزى پاتىمەدىن باشقا بەش بالىسى! ئەنە، ئۇنىڭ بىرلىرى يوتقاندا، بىرلىرى يوتقان سىرتىدا، يەنە بىرلىرى

داق كاڭغا سىلىنغان يىپ ئەدىيال ئۈستىدە. يىتىشلىرى ئوڭ-تەتۈر، ئوڭغۇل-سوڭغۇل... ھەممىسى كىيىنىش-يېيىش ئۈچۈن تۈرەلگەن ناتىقىپلار. ھىلىمۇ ياخشى ھۆكۈمەتنىڭ پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتىنى يولغا قويۇپ قالغىنى، بولمىسا مۇنۇ ھورۇن مۇشۇك مۇنداق ھارامتاماقلاردىن يەنە نەچچىنى تۇغاتتىكىن؟ بۇ ئۆيدە سىلىمجاننىڭ دەردىگە دەرمان بولىدىغىنى يالغۇز بىرلا پاتىمە. ئۇ ئالىي مەكتەپكە ئۆتەلمەي گىلەم كارخانىسىغا كىرىپ كەتكەنچە ھازىرغىچە شۇ يەردە. ئۇ بىر پەسىلدە بىر قېتىم ئالىدىغان ئازغىنە ئىش ھەققى ئۈچۈن تورغاي چۇچۇلماستا قوپۇپ ئىشقا كېتىپ، كەچتە كۆز باغلانغىچە دەستىگاھ ئالدىدا ئىشلەشكە مەجبۇر. سىلىمجاننىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغىنى پاتىمەنىڭ سەھەر كېتىپ كەچ كېلىدىغىنى بىلەن ئالىدىغان ئىش ھەققىنىڭ ئازلىقى ئەمەس، يىشىنىڭ يىگىرمە تۆتتىن ھالقىپ قالغىنىغا قارىماي قېرى قىز بولۇپ تېخىچە ئەرسىز ئولتۇرۇپ قالغىنى.

سىلىمجان ئۆيدىنى ئەل-ئاغىنە، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭكى بىلەن سىلىشتۇرۇپ زەھەر يۇتقاندەك تولغىنىپ كەتتى. كۆزلىرىدىن ئۇيقۇ قاچتى. مانا... ئوتتۇز يىلدىن بېرى تۇتۇپ كەلگىنىگە قارىماي ھەتتا يېڭىراق بىرەر پارچە كىگىزمۇ بولمىغان بىساتسىز ئۆي. ئۇزۇن يىل ئاقلانمىغانلىقتىن تۆت تام كىر يوتقاندەك قارىداپ، تورۇس-بۇلۇڭلارنى ئۆمۈچۈك تورلىرى قاپلاپ كەتكەن. ئۆينىڭ بۇلۇڭ-پۇشقاقلىرى ماكچىيىپ تۈۋى تېشىلىپ كەتكەن كونا داس-چېلەك، ئەسكى پايپاق، كونا ئاياغ، تاشلىرى يىرتىلغان كىتاب-دەپتەر، يىرتىق كىيىم، ماز... يەنە ئاللىقانداق كېرەكسىز ئەسكى-تۈسكىلەر بىلەن تولغان. سىلىمجان بۈگۈن خوتۇن-بالىلىرىغا ۋە ئۆي ئىچىگە تۇنجى قېتىم يىرگىنىچ نەزەرى بىلەن قارىدى. ئۆزىنىڭ نامرات-كەمبەغەللىكى ئۈچۈن ئىچ-ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى. ياق! ھاياتنىڭ بۇ كاتاڭ يولىنى ئەلۋەتتە ئۆزگەرتىش كېرەك. ئۇ پۇل بىلەن خۇسۇسىيلىقنى ئوتتۇز يىل پىيەن قىلىپ نېمىگە ئېرىشتى؟ ناھايىتى بىرنەچچە پارچە تەقدىرنامىگە... بەس! بۇ نادانلىقمۇ يېتەر. ئەمدى ئۇ ۋاقتى كەلگەندە بىر پۇڭغا يارىمايدىغان ئۇنداق تەقدىرنامىگە ئەمەس، كىشىلەرنىڭ قولىدىكىدەك تاراقلاپ تۇرىدىغان پۇلغا، تۈگىمەس پۇل-بايلىققا ئېرىششى، باي بولۇشى كېرەك!

—ئۇيقۇڭ تۈگىدىمۇ ئەمدى؟—ئەتىسى ئەتىگەندە كېرىلىپ-ئەسنەپ بىر ھازاغىچە يوتقاندا يوتىسىنى قاشلاپ ئولتۇرغان خوتۇنىغا ئالىيىپ قارىدى.

—ھەئە... كېچىدىن بېرى بەك بەلەن ئۇخلاپتىمەن قارىسىلا...

سىلىمجان ئاخشامقى گېپىنى يەنە تەكرارلاپ بىر ھازا سۆزلىگەندىن كېيىن:

—قېنى گەپ قىل، سېنىڭچە قايسى ئىشنى قىلساق بولار؟—دەپ سورىدى.

—ۋىيەي، سىلىماخۇن...—ئايشىخان يەنە ئەسنەپ كېرىلىدى،—سىلە دېگەن ئۆينىڭ غوجىكىسى، بار-يوققا سىلە ئىگە بولغاندىن كېيىن ئۆزلىرى نېمە دېسىلە شۇ.

—مەسىلەن، ئاشخانا ئاچساق... مەن ئىشىك يېنىدا ئولتۇرۇپ غەللە يىغسام، پاتىمە گىلەم كارخانىسىدىن قايتىپ كېلىپ سەن بىلەن قازان بېشىغا ئۆتسە، زوھرە تاڭجاڭلىق قىلسا...

— ئەستا، ئۆزۈم تۇغۇتتا چىقىلىپ كەتتىممۇ، زادى مىجەزىم يوق قارىسىلا، بارغانسېرى مىس-مىسلىشىپ كېتىۋاتىمەن، ئۇنىڭ ئۈستىدىكە قولۇم بەك لاۋزا... ئۆز-لىرى بىلىلا...

— قانداق قىلساق بولار؟ — سېلىم-جان بېشى قېتىپ بىر پەس ئويلىنىپ كەت-تى، — بوپتۇ، ئۇستا ئاشپەزدىن بىرنى تاپايلى ئەمىسە.

— ۋاي-ۋاي... ماۋۇ ياخشى گەپ بولدى، — ئايشىخان چوڭ-چوڭ قۇۋۋەت-لىك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ئېگەك گۆش-لىرىنى لىغىلدىتىپ راھەتلىنىپ كۈلدى، — شۇنداق قىلساق مەنمۇ ئۆيدە سەككىز جان-غا تاماق ئېتىمەن دەپ جاپا تارتىپ يۈر-ەيتتىم. ھەممىمىز ئولاش-چولاش ئاشخا-نىغا بېرىپ تاماق يېسەك، ئاشخانا دېگەن ئۆزىمىزنىڭ بولغاندىكىن...

ئاشخانىغا بېرىپ تاماق يەيدىغانىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۇخلاۋاتقان باللار بېشى-نى تەڭلا يوتقاندىن چىقىرىشتى.

— ئاشخانىغا مېنىمۇ ئاپىرە! — چۇر-قىرىدى باللارنىڭ ئەڭ كىچىكى سەمەت.

— مېنىمۇ! — ئۇنىڭغا ئەگەشتى بال-لارنىڭ بەشىنچىسى ئەركىن.

— نېمە بار ئاشخانىدا سىلەرگە؟

— گۆش يەيمەن.

— مەنمۇ گۆش يەيمەن... تازا يوغان...

— ھۇ يەجۇجى-مەجۇجلەر...! — سې-لىمجاننىڭ غەزىپى ئۆرلەپ ئۇلارنىڭ يوت-قىنىنى قايرىپ ئېچىپ سۆڭگەكچىگە ساۋاش-قا باشلىدى، — گۆش ئەمەس بېشىڭنى يېيىشەرسەن! قوپۇشە! ھارامتاماقلار! مەكتەپكە مېڭىش!

باللار چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇشتى ۋە دادىسىنىڭ تويۇقسىز تەگكۈزۈپ قويىدى-غان ئاچچىق تايىقىدىن قورقۇپ جىم-جىت ئۆيدىن يوقىلىشتى.

سېلىمجان تاماكىسىنى پۇرقىرىتىپ چېكىپ كۆزلىرىنى يېرىم قىسقان ھالدا كاڭنىڭ بۇرجىكىدە خېلىغىچە خىيال سۈ-رۈپ ئولتۇردى.

— بولدى، ئىش پۈتتى... ئاشخانىلا ئاچاي، — دېدى ئۇ بىر چاغدا ئورنىدىن دەس تۇرۇپ كەسكىن بىر ئاھاڭدا، — دېمىسىمۇ مۇشۇ باللارغا ئۇۋال... ئۆيدە گاژ-كۇژ قىلىپ قوشقاچچىلىك گۆش توغراپ تاماق ئېتىپ باقمىغىنىمىزغا نەۋاق؟ باللارنىڭ ئۇچىسى ياغسىراپ قۇرۇپ كەتكەن گەپ دېگىنە. ھەي خوتۇن... ئاشخانىنى بىر ئاچدۇردۇقمۇ، بولدى! گۆش-ياغ دەمسەن، پۇل دەمسەن، ھەممە نەرسىمىز تەل بولدۇ، راستىنى ئېيتسام ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ، خوتۇن، ئالتە بالا تۇغۇپسەن، جاپايىمنى يېتىپ-ئاشقۇچە تارتىپسەن، ئەمما تارتقان شۇ جاپايىڭغا يارىشا قۇلىقىڭغا بىرەر جۈپ ئالتۇن زىرە، ئۇچاڭغا سارجىدىن بىرەر ياقىلىق كىيىم ئېلىپ بېرەلمەپتىمەن. بىلىمەن، ھەممىسى شۇ نامراتلىقتىن، قو-لۇمنىڭ قىسقىلىقىدىن بولغانغۇ، ئەمدى قاراپ تۇر خوتۇن، پۇل دېگەننى قانداق تاپىدىكەنمەن... ئەزبىرايى! ئۇ چاغدا ئۆزۈم-نى ئەمەس، ئالدى بىلەن سېنى ياسان-دۇرىمەن، قۇلىقىڭغا ئالتۇن زىرە، سارجى-دىن كاستۇم، يوپكا...

— ۋىيەي... سارجا يوپكا يارىشامدۇ ماڭا قېرىغاندا...

— ئەمىسە نېمە؟

— قارا شىپۇڭ دۇخاۋا كۆڭلەك دېسىلە.

— ماقۇل خوتۇن، يەنچۇ؟
ئىچكىرىدىكى ئۆيدىكى جوزا ئالدىدا
خىيالدىن بېرى ئۆزىدە گىرىم قىلىش
بىلەن ئاۋارە بولۇپ ئولتۇرغان ئىككىنچى
قىزى زوھرە بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۆيدىن
ئوقتەك ئېتىلىپ چىقتى:
— ئاپامغىلا ئېلىپ بېرەمسەن، ماڭىچۇ؟
— سىزگىمۇ ئاپىئاق قىزىم؟ سىزگە شۇ تاپ-
تا ئەڭ لازىمى، — دېدى سېلىمەجان ئۆيدە
بىكار ئولتۇرۇپ خۇي - مىجەزى كۈنسېرى
يامانلىشىپ كېتىۋاتقان بۇ قىزىغا ئىچ ئاغ-
رىتىشقىمۇ، مەسخىرىگىمۇ ئوخشىمايدىغان
بىر خىل مۇرەككەپ تۇيغۇ بىلەن قاراپ، —
سىزگە شۇ تاپتا ئەڭ لازىمى كىيىم ئەمەس،
ئەر... ھا... ھا... قانداق دېدىم
خوتۇن؟
زوھرە يىغلاپ كۈلۈپ ئىچكىرىدىكى
ئۆيگە قاچتى، ئايشىخان ئېرىنىڭ ئەتىسىز
ئېگىكىنى كۆچەپ چىمداپ:
— يائاللا، ئەجەب قېلىنكەنىلا، بويىغا
يېتىپ قالغان تۇرسا، — دېدى.
— شۇنىڭ ئۈچۈن دەۋاتىمەن... —
سېلىمەجان ئەمدى كېيىنكى سۆزىنى پىچىر-
لاپ دېگۈدەك ئېيتتى، — بۇمۇ ئاچىسى
بىلەن تەڭ تەييار بولدى. ئۈچۈرىدىغان
ۋاقتى كېلىپ ئېشىپمۇ كەتتى. ئەمما نېمە
ئۈچۈن ھازىرغىچە ھېچكىم دەرۋازىمىزنى
قاقمىدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى، قىزلىرىمىزنىڭ
ئىش ئورنىنىڭ يوقلۇقى، ئاندىن قالسا بىز-
نىڭ نامراتلىقىمىز. ھازىر كىشلەر ئوغۇل
ئۆيلەش، قىزىنى ياتلىق قىلىشتىن تارتىپ
قۇدىلىشىشقىچە بىر - بىرىنىڭ خىزمىتى،
ئىقتىسادىي ئەھۋالى بىلەن ھېسابلىشىدىغان
بولۇپ كېتىشتى. بايا نېمە دەۋاتاتتىم؟
ھە... ھە... سېنىڭ ئىشىڭغۇ شۇنداق بول-
دى، ئەمدى بۇ ئىككىسىنىڭ ئىشىنى ئويل-
ىشىش كېرەك. پۇل تاپالىساڭ قېنى، ئۇ
چاغدا ئۆيىمىزگە ئەلچى دېگەنلەرنىڭ قوم-
كېپەكتەك يېغىپ كەتمىگىنىنى كۆر!
— خۇدايىمەي... — ئايشىخان بىردىنلا
تەشۇيش - سارامسىمىدە چۈشۈپ كالپۇكىنى
چىشلىدى، — ئۇنداق بولۇپ قالسا، كەلگەن-
لەرنى مۇشۇ كونا ئۆيدە باشلارمىزمۇ
ئەمدى؟
— نېمە دېگىنىڭ ئۇ؟ ئاپاڭدىن قال-
غان كونا ئۆينى چېقىپ ئورنىغا ئىككى
قەۋەتلىك ئۆي سالىمىز. ئۆيدە يارىشا
ئۇنىڭ سەرەمجانلىرىمۇ ئالاھىدە بولىدۇ.
گىلەم... سافا... تېلېۋىزور، ئۈنئالغۇ،
توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ... ئەمدى گەپ ئاش-
خانا ئېچىپ پۇل تېپىشتىلا قالدى خوتۇن!
ئايشىخان ئېرىنىڭ ھاياجان ۋە
ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان بۇ سۆزىدىن تەسىر-
لىنىپ مىشىلداپ يىغلىۋەتتى. ئۇنىڭ
ياش بىلەن ھۆللىنىپ پارقىراپ كەتكەن
مەڭزىدە ۋە كۆزلىرىدە بۇرۇن ھېچقاچان زاھىر
بولمىغان ئادەتتىن تاشقىرى بىر خۇشال-
لىق ۋە بەخت تەمەسى جىلۋىلىنىپ
تۇراتتى.
سېلىمەجان ئۆز سۆزىدىن ئۆزى
روھلىنىپ پەگادا ئۇيياقتىن - بۇياققا ماڭ-
دى. چالا - بۇلا ناشتا قىلىپ كىيىم
ئاسقۇچتا خېلىدىن بېرى كىيىلمەي
توپا بېسىپ تۇرغان كاستۇمى بىلەن
شىمىنى كىيدى - دە، تەردىن چىرىپ
ئۈستى تىلىم - تىلىم كېسىلىپ كەتكەن
كونا شىبلىتىنى كۆڭۈل قويۇپ مايلىدى.
ئاندىن گەۋدىسىنى مەغرۇرانە كېرىپ،
بېشىنى تىك تۇتۇپ، بىر خىل سالاپەت
ۋە ئۇلۇغۋار قامەت بىلەن ئىشىكتىن

چىقتى. ئىشىك ئالدىدا ئۇنىڭغا بىرىنچى
بولۇپ بىر تام قوشنىسى خالىق قاساپ
ئۇچرىدى. خالىق قاساپ سېلىمجانغىلا
ئەمەس، مۇشۇ كوچىدىكى قېرى - ياش،
چوڭ - كىچىكلەرنىڭ ھەممىسىگە قاساپ-
لىق قىلىپ بىر - ئىككى يىل ئىچىدىلا
لەپپىدە كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن پۇل - باي-
لىقى بىلەن تونۇش. ئۇ تازا چېكەرمەن،
ئەمما قوتىنىدا بىرەر - ئىككى يۈز قوي،
ئون - يىگىرمە كالا بوردايدىغان، كۈندە
تاڭ يورۇماستا كېمىدە بەش - ئالتە
قوي، ياكى بىرەر كالا سويۇپ ئاشخانا،
سامسىخانىلارغا ئىككى سائەت ئىچىدە
سېتىپ تۈگىتىدىغان، ئىشى روناق تاپقان
چىۋەر قاساپ.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! ئەتىگەندە
توپىغا مېڭىشلىرىمۇ سېلىمجان؟ — دېدى
ئۇ سېلىمجاننىڭ ئۇستىبېشىغا، چىرايلىق
ياسىتىۋالغان كاكاكازچە بۇرۇتىغا ھەۋەس
بىلەن قاراپ.
— ئاشخانا ئاچماقچىمەن، شۇنىڭ
تەييارلىقىغا.
— نەگىرەك؟
— بولسا تېرەك تۈۋىگە، بولمىسا
كىنوخانا ئالدىغا.
— بولغاي - بولغاي! ئۇنداق بولسا
ھەر كۈنى ئىشلىتىدىغان گۆشلىرى مەن-
دىن، ئەتىگەندە ئىچىدىغان بىر قاچا
سويۇق ئېشىم ئاشخانىلىرىدىن بولغۇدەك
ئەمىسە!
— ئەلۋەتتە! — سېلىمجان ئايىغى-
نىڭ ئۆكچىسىنى يەرگە چىك - چىك
ئۇرۇپ بازار تەرەپكە مەغرۇر سالاپەت
بىلەن يۈرۈپ كەتتى.
— ئاشخانا ئاچماقچىمەن... ئاشخا-
نا ئاچىدىغان بولدۇم... — ئۇ ئۇچرىغانلا
كىشىگە خۇشاللىق ۋە ئىشەنچ ئارىلى-
شىپ كەتكەن تەنتەنىلىك ئاۋازدا شۇن-
داق دەپ جاكارلايتتى.

2

ئۇ بازاردىن كەچكە يېقىن
قايتىپ كەلدى. لېكىن نېمىشقىدۇر
ئۇنىڭ ئەتىگەندىكى كۆل بۇقسىنىڭكى-
دەك بوم - بوم چىقىدىغان تەنتەنىلىك
ئاۋازى ئۆچكەن، چىرايىدا توپا ئۆرلى-
گەن، بىر تەرەپكە قىيسىيىپ قالغان
شەپكىسى بىلەن تەڭ بېشىمۇ ساڭگىلاپ
كەتكەنىدى.
— قانداق بولدى؟ — ئايشىخان
كورىدىكى سوۋۇپ قالغان ئاشتىن بىر چى-
نە ئۇسۇپ سېلىمجاننىڭ ئالدىغا قويدى.
— ھەي... ئەپلەشمىگىدەك خوتۇن.
— قانداق دەيلا؟
— بىز پايدىنىلا ھېسابلاپ زىيانىنى
ھېسابلىماپتۇق، راھىتىنىلا كۆرۈپ جاپا-
سىنى كۆرمەپتۇق. باشقا ئاشخانىلاردىن
ئۇقۇشۇپ ئۆزۈمچە ھېسابلاپ باقتىم، ھەر
ئايدا دۇكان ئىجارىسىگە تۆلىگۈدەكمەن
ئىككى - ئۈچيۈز كوي، ئۇنىڭدىن كېيىن
باج پۇلى، بازار باشقۇرۇش ھەققى،
تازىلىق پۇلى، سۇ پۇلى، توك پۇلى... يەنە
قاچا - قۇچا، قازان - قومۇچ، جوزا، ئورۇن-
دۇق... ئۇنىڭغا كەتكۈدەك پاالان پۇل، ئۇس-
تىدىن بىرنى ياللىسام، ئۇنىڭ ئىش ھەققى-
نى تۆلىسەم، ئۆيدىكى سەككىز جاننىڭ
قورسىقىنى باقسام... تاپقان - تەرگىنىم
مۇشۇلار ئۈچۈن كەتسە ئاي ئاخىرىدا ماڭا
نېمە قالىدۇ؟ ھېچنېمە! تېخى ئۇلا ئە-
مەس، ئۇن - گۈرۈچ، گۆش - ياغنىڭ

باھاسىنىڭ ئۆسۈپ كەتكىنى...

— ئۇنداقمۇ ئەمەس دادا، — ئەمدىلا ئىشتىن كېلىپ دادىسىنىڭ ۋايساشلىرىنى بىرمۇ بىر ئاڭلاپ ئولتۇرغان پاتىمە ئۇنىڭ گېپىگە قارشى چىقتى، — ھەرىكەت — بەرىكەت دەيدۇ، ئاشخانا ئاچقانلار شۇنچە كۆپ، ئاز-تولا پايدا چىقمىسا قىلامدۇ شۇلار؟ بوپتۇ، ئۇستىمۇ ياللىمايلى، قازان بېشىغا ئۆزۈم چىقاي.

— گەپنى دېمەك ئاسان، قىلماق تەس، — دېدى سېلىمجان قىزىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — ئەتىگەن سائەت يەتتىگە ئۈلگۈرتۈپ تاماق چىقىرىش ئۈچۈن جەزمەن سائەت ئۈچ-تۆتلەردە تۇرۇش كېرەك. ھېسابلاپ باقتىم، كەچ سائەت سەككىزدە ئاشخانىنى تاقىدۇق دېسەك، ئونبىر، ئون ئىككىلەردە ئاران بېسىقىدىغان گەپ. ھەر كۈنى ئۈچ-تۆت سائەت ئۇخلىساڭ بۇنىڭغا چىدالامسەن؟ يالغۇز بولا ئەمەس، قاچا-قۇچا يۇيىسەن، يۇندا تۆكىسەن، ئەتىدىن كەچكىچە يۇندىغا مىلىنىپلا يۈرىسەن.

— مەيلى! — دېدى پاتىمە بېشىنى كەسكىنلىك بىلەن سىلكىپ، — مۇشۇ ئۆي غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلىدىغانلا ئىش بولسا قانچىلىك جاپا تارتسامۇ رازىمەن.

— بىراق مەن بەرداشلىق بېرەلمەگۇدەكمەن، — سېلىمجان بىردىنلا بوشىشىپ ئاۋازىمۇ پەسلەپ، تىترەپ كەتتى، — تىجارەتنىڭ ھەممىسى ئاشخانا ئېچىشلا ئەمەسقۇ، چامىم يەتكۈدەك ئىش قىلسام دەيمەن. شۇنىڭدىمۇ بىرنى ئىككى قىلالايمەن.

— جاپاسى ئاددىيراق ئىشنى دەيسىزغۇ؟

— ھەئە. مەسىلەن، دۇكان ئاچسام، مالنى ئولتۇرۇپلا ساتسام سەن گىلەم كارخانىسىنى قولدىن بەرمىسەك، ئاپاڭ ئۆينى...

— ۋاي بوپتۇ سېلىماخۇن...— ئايشىخان ئۇنىڭ ئۈچۈن يەنىلا خۇشال بولۇپ ئېرىنىڭ گىرە-گىرە قورۇقلار ئارىسىدىكى كۆزلىرىگە قارىدى، — ئاشخانىغا كۆڭۈللىرى تارتمىسا دۇكان ئاچسىلا... ھېچ بولمىسا سوپۇن، سەرەڭگە، تۇز، چاي، قەنت-ناۋات دېگەنگە پۇل تۆلەڭ يوق... خەقنىڭ دۇكىنىدىن ئالساق شۇنىڭغىمۇ ھەر ئايدا ئالەمنىڭ پۇلى كېتىدۇ جۇمۇسىلا.

پاتىمەنىڭ دادىسىغا قىلغان نەسىھەتلىرىنىڭ بەرى بىكارغا كەتتى، ئۇ دادىسىنى دۇكانغا قارىغاندا ئاشخانىنىڭ كىرىمىنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈرمەكچى بولاتتى، ئەمما سېلىمجان دۇكاننىڭ ئاشخانىنى بېسىپ چۈشىدىغان ئەۋزەللىكلىرى ھەققىدە ئاغزى بېسىلماي سۆزلەيتتى. ئۇ ئەتىلىككىلا دۇكاننىڭ ئورنىنى قىلىپ ئاندىن ئۈرۈمچىدىكى مالغا ماڭىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

— قايسى پۇلغا؟ — سورىدى پاتىمە ئاچچىقلىنىپ.

— قايسى پۇل دەپ سورىماي توقۇيدىغان گىلىمىڭنى بىل! — دېدى سېلىمجان قىزىنى سىلكىپ.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى، ئەمما سېلىمجاننىڭ دۇكان ئېچىشىدىن قىلچە شەپە يوق ئىدى.

— دادا، قانداق قىلىدىغان بولدىڭىز؟ — سورىدى پاتىمە بىر كۈنى كەچتە.

— نېمىنى؟

— دۇكاننىڭ ئىشىنىچۇ؟

سېلىمجان شۇئان ئېغىر ئەلەم چەككەن ئادەمدەك دەرد تۆككىلى تۇردى:

www.uyghurkitap.com

— ھەي ... ئويلاپ باقسام ئۇ ئىشمۇ ئەپلەشمىگۈدەك بالام.

— نېمىشقا؟

— بازاردىكى دۇكانلارنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىدە خەق مېنىڭ دۇكىنىمغا نەرسە - كېرەك ئالغىلى كېلىدۇ دەمسەن؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە دۇكان ئىجارىسى، باج پۇلى، بازار باشقۇرۇش ھەققى ... پۇكلاپ، مو- چەنلەپ تاپقان پايدام ئۇنىڭغا يەتمىگەننىڭ ئۈستىگە ئەل - ئاغىنە، تونۇش - بىلىشلىرىم كېلىپ ھاراق بىلەن پىۋىنى بىكارغا ئىچ- كىلى تۇرسا، سىلەر بېرىپ تۇز، چاي، قەنت - ناۋات، سوپۇن، سەرەڭگىنى ئۈيگە چاشقاندەك توشۇغىلى تۇرساڭلار ... ئۇ چاغدا كىمگە زىيان؟ ئەلۋەتتە ماڭا ... بىر دۇنچە دەسمايىنى يەپ تۈگىتىپ بويىنۇمغا قەرز ئارتىپ ئولتۇرسام ... بولدىلا. نېمە قىلارمەن ساق بېشىمغا پىت سېلىپ ... ئەڭ ياخشىسى، چىشىمۇ چاقماي، كالىلىمۇ يې- مەي، بار - يوققا شۈكرى - قانائەت قىلىپ ئولتۇراي دېدىمغۇ.

— ياللا دادا، — دېدى پاتىمە دادىسىنىڭ بۇ باھانە - سەۋەبلىرىدىن كەيپى ئۇچۇپ، — بىرەر ئىشنى باشلا - باشلىمايلا ئالدىمدىن يولۋاس، كەينىمدىن بۆرە چىقىپ قالارمىكىن دەپ قورقۇپ يۈرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ ئۈيدە ئادەم كۆپ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئايدا كېلىدىغان ئازغىنە مائاشىڭىزغا قاراپ قايسى كۈننى كۆرمە- دۇق؟ مانا قاراڭ، بالىلار ئارقا - ئارقىدىن چوڭ بولۇۋاتىدۇ، ئۇلارنى ئالىي مەكتەپلەر- دە ئوقۇتۇش، بېشىنى ئوڭشاش ئۈچۈن پۇل كېرەك. ياخشى ئويلاپتىكەنسىز دادا، ھېلىھەم بولسىمۇ بىر تەۋەككۈل قىلىپ باقمايلىمۇ؟

— ياق، قوي، ئاشخانا بىلەن دۇكان زادى ئەپلەشمىگۈدەك، — ئۆز كېپىدە چىڭ تۇرۇۋالدى سېلىمجان.

— ئەمىسە باقمىچىلىق قىلايلى. بۇنىڭ جاپاسى ئاز، كىرىمى كۆپ. ئۇنى سىزلا ئەمەس، ئۈيدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قىلىپ كېتەلەيدۇ.

— باقمىچىلىق؟ قانداق باقمىچىلىق؟

— ھويلا - ئارامىمىز خېلى كەڭ بولغاندىكىن توخۇ باقساق ...

— ۋاييەي ...

— توختاڭ ... توخۇ فېرمىسىدىن گۆشلۈك توخۇ چۈجىسىنىڭ ھەر بىرىنى بىرىيېرىم كويدىن ئالىمىز. ئاز بولسا بەش يۈز، كۆپ بولغاندا بىرەر مىڭنى باقىمىز - دە، ئۈچ ئايدىن كېيىن ھەربىرىنى بەش كويدىن ئاشۇرۇپ ساتىمىز. ھېسابلاپ بېقىڭا.

— قوي، قوي! مىڭ چۈجىنى ساتال- ماي نەدە ۋارقىرىتىپ يۈرىمەن؟ — دېدى سېلىمجان ئاچچىق تاماكا ئىسىدىن قېقى- لىپ يۆتىلىۋېلىپ.

— ئاشخانىلار بىلەن، نېفىت ئىشچىلى- رى بىلەن دوگوۋور تۈزسەك بولىدىغۇ.

— نېمە، سەن توخۇنىڭ غېمىدىنلا قالدىڭ؟ — ۋارقىرىدى سېلىمجان ئاخىرى رەللە بولۇپ، — دېدىمغۇ، گەپنى ئېغىزدا دېمەك ئاسان، قول سېلىپ بىر قىلىپ باق! مۇشۇ كۈندە قايسى كېسەل كۆپ؟ شېكەر سىيىش بىلەن توخۇ كېسىلى. خۇ- دايىم باركى، چۈجىلىرىڭ كېسەل تېگىپ ئارقا - ئارقىدىن بىر ئۆلگىلى تۇرسا - ھە؟ بىرى ئۆلسە بىر يېرىم كوي زىيان دېگەن شۇ. مىڭى ئۆلسە بىر مىڭ بەشيۈز كوي! زىيانغا زوڭ ئولتۇرغۇزاي دەمسەن - دە، مېنى!

— نېمە دەيدىغانسىز دادا، چۆچەلەرنى ئەكىلىمىز - دە، ۋاكسىنا ئۇردۇرىمىز، كېسەل بولۇپ قالسا دورا يېگۈزىمىز، — دېدى پاتىمە يەنىلا دادىسىنى قايىل قىلىشقا تىرىشىپ.

— ۋاي، قوي! — سېلىمجان جاھىللىق بىلەن قولىنى سىلكىدى، — توخۇ دېگەن بىر مەرەز نەرسە، ئۆلمىگەندىمۇ پوقىنىڭ سېسىقلىقى. كىچىكىمدە بىر قېتىم توخۇ پوقىنى دەسسىۋاپتىكەنمەن، تاپىنىمغا يارا چىقىپ نەچچە ئاي دەردىنى تارتقانىمەن، ئۇنىڭ جاپاسىنى تارتىپ نېمە قىلىمەن؟

— پۇل تاپايلى، باي بولايلى دەيسىزۇ، جاپاسىدىن قورقىسىز، — دېدى پاتىمە ئاچچىقىدىن شەلپەردەك قىزىرىپ، — جاپا تارتماي دېسىڭىز مانا ئۆي، ياستۇقنى قىرلاپ قويۇپ ئۇخلاڭ، چىشىڭىزنىڭ كىرىنى شوراپ يېتىۋېرىڭ!

— كۆزۈمدىن يوقال! — سېلىمجان پاتىمەگە ئۆكۈپ - تاتىرىپ غەزەپ بىلەن چەكچەيدى. ئاندىن ئەل ياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالغىنىغا قارىماي چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ كوچا تەرەپكە چىقىپ كەتتى.

ئۇ خۇددى ھاسىسىنى يوقىتىپ قويغان ئەمادەك ھەركۈنى بازارنىڭ چوڭ - كىچىك كوچىلىرىنى، ئاشخانا، دۇكان، ماگىزىنلارنى كېزىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ گاھىدا بانكىغا كىرىپ ئۇستەلگە تىزىپ قويۇلغان دەستە - دەستە پۇللارغا، پۇل رەتلەش ماشىنىسى ئىچىدىكى پۇللارنىڭ پەسكە سۇدەك شارقىراپ ئېقىشلىرىغا، ھېساباتچى قىزلارنىڭ تېز - تېز پۇل ساناۋاتقان قوللىرىغا ۋۇجۇدىنى چوغدەك كۆيدۈرۈۋاتقان ئەسەبىي ھەۋەس ۋە ئاچكۆزلۈك بىلەن قاراپ كېتەتتى. مۇنداق چاغدا ئۇ گاھى - گاھىدا ئېسىگە كېلىپ قالىدىغان ئىلاھىي مۆجىزىنىڭ سېھرىي قۇدرىتىگە ئىلتىجا قىلىپ ئۇنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن يېلىناتتى: ھەممىنى ئۇلۇغ تەڭرى - ئىلاھىم! سېنى كىشىلەر چەكسىز شەپقەتلىك ۋە بۇ دۇنيادا بارلىقنى مۇتلەق دېيىشىدۇ. ئەگەر سەن راستىنلا شۇنداق بولساڭ مېنىڭدىن شەپقەت - ئىنايىتىڭنى ئايىمىساڭ، ماڭا باشقا ھېممەت ئەمەس، پەقەت بەش مىنۇتلۇقلا غايىبلىق ئاتا قىلساڭ، ھېچكىمنىڭ ... بانكاخادىملىرىنىڭمۇ، ساقچىلارنىڭمۇ كۆزىگە كۆرۈنمىسەم، مۇشۇ پۇلدىن جىق ئەمەس، بىر سومكىلا ئېلىۋالسام ... ئۇ ئىچىدە شۇنداق دەيتتى - يۇ، تەڭرىنىڭ ئۆزىگە مۇنداق ھىممەت - شاپائەت كۆرسەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئۆز خىياللىرىدىن ئۆزى تەشۋىش - ۋەھىمىگە چۈشۈپ، گويا بانكا ساقچىلىرىنىڭ ھازىرلا كېلىپ تۇتۇۋېلىشىدىن قورقىدىغاندەك ئالدىراپ بانكىدىن چىقىپ كېتەتتى.

ئۇ مەسىلىسىز تاتلىق خىيال بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇپ كوچا ئايلىنىپ يۈرۈپ ئۇنىڭدىنمۇ زېرىكتى. پۇل ھەلەكچىلىكى ۋەموھتاجلىق خۇددى قاراقىل ئارغامچىدىن قىلىنغان سىرتماقتەك گېلىدىن بوغۇپ ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزمەكتە ئىدى. ئۇنىڭ گېلىدىن تۈزۈككىنە تاماق ئۆتمىگىنىگە، كېچىلىرى تۈزۈكرەك ئۇخلىيالمىغىنىغا قاي زامان؟ ئۇنىڭ مېڭىسىدە خۇددى ئاچقىلى بولمايدىغان چويۇن قۇلۇپتەك بىرلا ۋەھىمىلىك خىيال: ئاھ، پۇل... سېنىڭ مېھرىڭ شۇنچە ئىسسىق، قەدىر - قىممىتىڭ جاندىن ئەزىز. خۇددى يەتتە مىڭ ئالەمنى ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغان ئىلاھقا ئوخشايسەن! قاراپ

باقسام بەزىلەر ساڭا ئاسانلا ئېرىشىپتۇ. ئەمما ماڭا نېمە ئۈچۈن شۇنچە تەس؟ ئېيتقىنا، ساڭا ئېرىشىشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى نەدە؟ ئۇ بۇ سوئالغا جاۋاب تېپىش ئۈچۈن ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىك، تۈڭلۈكىنى تاقاپ نەچچە كۈن خىيال سۈرۈپ ياتتى. بۇ خىيال شۇنچىلىك مېھىرلىك، تارتىملىق، ئەمما ئۇ ئۇچىنى تاپقىلى بولمايدىغان بىر كاللەك يىپقا، ھەر قانداق قىلىپمۇ ئىچ - باغرىنى يېرىپ كۆرگىلى بولمايدىغان يوغان چويۈن توپقا ئوخشايتتى. ئۇ ئويلاپ - ئويلاپ بىردىنلا مەھەللىنىڭ تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى رەمتۇل سۇچىنى ئېسىگە ئالدى. ۋاھ، مانا ئەمدى ياخشى بولدى! سېلىمجان بۇرۇنلاردا ئېشەك بىلەن سوغىدا سايدىن سۇ توشۇپ سېتىپ جان بېقىپ يۈرىدىغان دىقماق، ئەتمەن ساقال بۇ ئادەمنىڭ يېقىنقى يىللاردا بىردىنلا بېيىپ، دەپنى - دۇنياسىنىڭ ئۆيىگە پاتماي قالغانلىقى توغرىسىدا ئاجايىپ رىۋايەتلەرنى ئاڭلىغانىدى. بەزىلەر ئۇنىڭغا خىزىر ئەلەيھىسسالام يولۇققانمىش دېسە، بەزىلەر ئۇنى قايسىبىر يىلى قىشتا گۆر كولىغۇچىلارغا ياللىنىپ ئىشلەۋېتىپ قەبرىستانلىقتىن بىر كومزەك ئالتۇن تېپىۋالغانمىش دېيىشەتتى. سېلىمجاننىڭ ئويىچە بۇ گەپلەرنىڭ ئەلۋەتتە ئاساسى بار ئىدى. رەمتۇل سۇچىنىڭ ئۈچ يىل بۇرۇن تۆت كوچا دوقمۇشىغا بېشىشىق خىشتىن ئىككى قەۋەتلىك قىلىپ سالدۇرغان كەڭرى قورۇ - جايىنىڭ ھەشەمەتلىكلىكى بۇ مەھەللىدىكى ھەرقانداق يۈزمىڭ يۈەنچى بايلارنىڭ سالغان ئۆي - ئىمارەتلىرىنى بېسىپ چۈشەتتى. باللىرىنىڭ چوڭى كىچىك ماشىنىدا، كىچىكلىرى قىممەت باھالىق موتسىكلىتتا ئۇياق - بۇياققا غارقىراپ چېپىپ يۈرۈشەتتى. ئۆزىنىڭ پەقەت قېرىلىق يېتىپ ئازراق مۈكچىيىپ قالغىنىلا بولمىسا، كىيىنىشلىرى سالاپەتلىك، ساقىلىدىن ئېشىپ قالغان كىچىككىنە يۈزى توقاچتەك پارقىراپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ بازاردا ئاچقان نە ئاشخانىسى، نە دۇكىنىمۇ يوق ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ھەمىشە تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى سامسىخانىدا ئالدىغا ناۋات سېلىنغان ئاچچىق چاينى دەملىتىپ قويۇپ ئۆزى مەخسۇس بۇيرۇتقان قىپقىزىل پەرمۇدىنى ھۇزۇرلىنىپ يېگەچ، ئۆزىنى يەلپۈپ راھەتلىنىپ ئولتۇراتتى. سېلىمجان قاراڭغۇ ئۆيدە ئۆزىچە چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئاشۇ توغرىلىق ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. مۇبادا رەمتۇل سۇچى توغرىسىدىكى ھېلىقى سۆز - چۆچەكلەر يالغان بولغان تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭغا مۇنداق ھۇزۇر - ھالاۋەت، پۇل - بايلىق نەدىن كەلگەن؟ بىكار يەپ ياتسا تاغمۇ توشۇمايدۇ - دەيدۇ. ئەمىسە ئۇ يېسە - يېسە تۈگىمەيدىغان شۇنچە كۆپ پۇل - بايلىقنى نەدىن تاپقان بولغىيدى؟ بۇنى چوقۇم رەمتۇل سۇچىدىن سوراپ بېقىش كېرەك! ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى. ئايشىخاننىڭ تاقەتسىزلەنگەن ھالدا: سېلىماخۇن، ئۆيدە نېمە؛ ياغ تۈگىگىلى نەۋاق، ئەسلىرىدىن چىقتىمۇ، دېگەن ئاغرىنىش ئارىلاش ئاۋازىغىمۇ، باللارنىڭ ئېتەكلىرىگە يېپىشىپ: دادا، نان! دەپ چۇرقىراشلىرىغىمۇ قۇلاق سالمىدى ۋە ئالدىراپ كوچىغا ماڭدى.

3

تال باراڭلىرى سايە تاشلاپ تۇرغان ئەجەب سالقىن ھويلا، قاتار تەشتەكلەردە

ئېچىلىپ كەتكەن رەڭمۇرەڭ گۈللىرى،
گۈللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياپيېشىل با-
راقسانلاپ كەتكەن ئەنجۈرى بىلەن جانغا
ھۇزۇر بېغىشلىغۇچى باغۇ - ئىرەمنىڭ ئۆ-
زى! ھويلا ئىچىدە گۈللەرنىڭ كۆڭۈلنى
مەست قىلغۇچى خۇش بۇي ھىدى ۋە ئەم-
دىلا شىرنە يىغىپ پىشىۋاتقان ئەنجۈرنىڭ
مەززىلىك پۇرىقى پۇراپ تۇراتتى. پېشاي-
ۋاننىڭ گۈللۈك نەقىشلىرىدە، رەڭدار
ھەل - بېزەكلىرىدە ياز قۇياشىنىڭ يارقىن
ئاپتىپى جۇلالىناتتى.

رەمتۇل سوچى سېلىمەجاننى دەرۋازا
تۈۋىدە قارشى ئالدى.

— كەلسىلە ... كەلسىلە ... مانا ياخشى
سائەت ... — دېدى بوۋاي سېلىمەجاننى تال
باراڭ ئاستىدىكى سۇپىغا باشلاپ، — قېنى
يۇقىرى ئۆتسىلە.

— ئەستا ... — سېلىمەجان سۇپىدىكى
گىلەمگە ئايىغى بىلەن چىقىشقا ئەيمىنىپ
ئايىغىنى سالماقچى بولدى، ئەمما پايپاق-
لىرىنىڭ پاسكىنا ھەم ھۆتمە - تۆشۈك ئى-
كەنلىكى ئېسىگە كېلىپ ئىككىلىنىپ تۇرۇپ
قالدى.

— ھېچقىسى يوق، ئاياغلىرى بىلەن
چىقىۋەرسىلە ... قېنى كۆرپىگە، — دېدى
رەمتۇل سوچى. سېلىمەجان مەخمەل كۆرپە
ئۈستىدە قورۇنۇپ - تارتىنىپ رەمتۇل سو-
چىدىن تىنچلىق - ئامانلىق سورىدى. بىر
ئېرىقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ تۇرۇپ ھازىر-
غىچە ئەھۋال سوراپ كىرەلمىگەنلىكى
ئۈچۈن تەكرار - تەكرار ئەپۇ سورىغاندىن
كېيىن ھويلا ئىچىگە، پېشايۋاننىڭ گۈل -
نەقىشلىرىگە ھەۋەس بىلەن قاراپ:

— قىرىغاندا جەننەتنىڭ راھىتىنى
كۆرۈۋېتىپلا مانا، دۆلەتلىرىگە كۆز تەگمە-
گەي، — دېدى.

— ئىنشائاللا، خۇدايىم ... دېگەنلىرى-
گە يەتكۈزگەي، — دېدى رەمتۇل سوچى
خۇشال بولۇپ. موماي داستىخان سالدى.
تەخسىدىكى ھەسەل، مېغىز، مۇرابba، ناۋات
سېلىنغان قىزىق چاي بىلەن ئۈستىگە
سىيادان سېلىپ قىزارتىپ پىشۇرۇلغان
نېپىز يۇمشاق نان تولىمۇ يېيىشلىك ئىدى.

— ھۆكۈمەتكە ئوتتۇز بەش يىل ئىشلەپ-
تىمەن، ئەمدى قارىسام ئىشلىسەممۇ، ئىشلىمى-
سەممۇ ئالىدىغان مائاشىم ئوخشاش بولغاندىكىن
پۇت - قولۇمدا ماغدۇرىمنىڭ بارىدا غاچىلا
قىلىپ پېنسىيىگە چىقىۋالدىم، قارىسىلا، —
دېدى سېلىمەجان بىر پارچە ناننى ھە-
سەلگە مىلەپ ئاغزىغا سېلىپ، ئۈستىدىن
تاۋى چىققان چاينى ئوتلاۋېتىپ، — ياخ-
شى بولدى، ئەمدى كۈندە ئىككى قېتىم
ئىدارىگە قاترايدىغان ئىش يوق. تۇرسام،
ماڭسام ئۆز ئىختىيارىم، ئەمما شۇغىنىسى
بىر ئىشنىڭ غەم - قايغۇسى ...

— خوش؟

— ئادەم ئويلىسا بۇ جاھاننىڭ ئىش-
لىرىمۇ قىزىق. بىر چاغدا پۇل تېپىشنى
خۇسۇسىيلىقتا بېرىلگەنلىك دېدۇق. ھالا
بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ پۇل تېپىشنىڭ
يوللۇق بولۇپ قالغىنى، دەرۋەقە، ئادەم
دېگەن يەيدىغان، ئىچىدىغان بولغاندىن
كېيىن پۇل بولمىسىمۇ بولمايدۇ - دە،
ئەمما - زە، شۇ پۇلنى نەدىن تېپىشنى
بىلەلمەي يۈرىمەن قارىسىلا، باش قېتىن-
چىلىق ...

— سىلىنى ئاشخانا ئاچقۇدەك دەپ
ئاڭلىۋىدىمغۇ؟ — سورىدى رەمتۇل سوچى
تەكشى ئاقارغان ئۆسكىلەك قاشلىرى ئاستى-
سىدىكى چوك - چوك كۆزلىرىنى سېلىمەجانغا

تىكىپ.

— شۇنداقمۇ ئويلىغان، كېيىن دۇكان ئاچماقچىمۇ بولدۇم، بەزىلەر يەنە باقمىچىلىق قىلىسىڭىزمىكىن دېيىشتى. دەسلەپتە بۇ ئىشقا ئوتتەك قىزىدىم. لېكىن كېيىن ئويلاپ باقسام، ئاشخانا ئاچاي، دۇكان ئاچاي، ياكى باقمىچىلىق قىلاي، ھەممىسىنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق جەبرى - جاپاسى بارىكەن قارىسىلا، ھى... ھى... ئۆمرۈمدە پېشانەم تەرلىگۈدەك كەتمەن چېپىپ باقمىغان ئادەم، بۇ ياشقا يەتكەندە جاپانى پۇلغا سېتىۋالارمىدىم دەيمەن... ئەمما يەنە پۇل بولمىسا ئۇنىڭ دەردى. بىلىمەن، ئۆزلىرى پەم - پاراسەتلىك ئادەم. باشقىلارغا ئوخشاش ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ كەتمىگەنلىرى بىلەن دۆلەتلىرى زىيادە... بەزىلەر سىلىگە خىزىر ئەلەييىسسالام دۇئا قىلغانمىش دېيىشىدىكەن...

— شۇنداق... ماڭا خىزىر ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلغان، — ھېچ ئىش بولمىغاندەك خاتىرجەم جاۋاب بەردى رەمتۇل سۇچى. سېلىمەجاننىڭ كۆزلىرى ھەۋەس ۋە تەئەججۈپتىن پارقىراپ كەتتى.

— سىلىنىڭ بىر چاغلاردىكى ئامرات سۇچىلىقتىن بىراقلا ھازىرقىدەك كاتتا بايغا ئايلىنىپ كېتىشلىرى شۇ ۋەجىدىنمۇ؟

— شۇنداق... بۇ ماڭا خۇدا بەرگەن ئامەت.

— ئامەت دېسىلە... — تەكرارلىدى سېلىمەجان رەمتۇل سۇچىنىڭ يېنىغا تېخىمۇ يېقىن سىلجىپ، — ئاھ، خۇدا!

— مېنىڭچە، پۇل تاپىمەن دەپ جاپا چېكىش سىلىگە ئەسلا مۇناسىپ ئىش ئەمەس، — دانالارچە كېسىپ ئېيتتى رەمتۇل سۇچى، — تەسادىپىي كېلىپ قالىدىغان ئامەت - تالەيىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈشلىرى ئەڭ ياخشى چارە.

— ئاغزىلىرىغا ياغ! — خۇشاللىقىدىن تولۇقلۇۋەتتى سېلىمەجان رەمتۇل سۇچىغا خۇشامەت بىلەن سۇۋۇشۇپ، — قېنى، قېنى، مۇبارەك ئاغزىلىرىدىن بىر ئاڭلاي.

— مەن سىلىگە پالتاخۇن باي توغرىلىق سۆزلەپ بېرەي.

— ئۇ زاتنى ئەللىكىنچى يىللاردا كۆپ كۆرگەنمەن، — ئالدىراپ سۆز قىستۇردى سېلىمەجان، — بۇرۇن ئۇ نامرات بوياقچى ئىكەنمىش ئاڭلىسام.

— راست، بوياقچى ئىدى. مەن ئۇنىڭ بوياقخانىسىغا سايدىن نەچچە يىل سۇ توشۇغان. بىر يىلى قەشقەردىن يانغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى بوياپ بېرىسەن دەپ يەتتە - سەككىز ھارۋا ئاق ماتانى بوياقخانىسىغا چۈشۈرۈپ بېرىپ كەتتى. كېيىن ناھايىتى مۇھىم بىر خۇپىيانە خەۋەرنى چالا - بۇلا ئاڭلاپ قالدۇق. پالتاخۇن بىر كۈنى كېچىسى ماتالارنى بوياق قازىنىغا باسماقچى بولۇپ تايلىرىنى يەشكەنىكەن، كۈتۈلمىگەندە ماتالارنىڭ ئارىسىدىن زىخچە - زىخچە ئالتۇنلار چىقىپ كېتىپتۇ. پالتاخۇن باشقا تايلارنىمۇ ئاچقانىكەن ھەممىسىدىن شۇنداق... گومىنداڭ ئەسكەرلىرى ئەسلىدە قەشقەردىن بۇلاپ چىققان ئالتۇنلىرىنى ماتالارنىڭ ئارىسىغا تىقىپ ماڭغانىكەن، كېيىن نېمىسى نېمە بولغان، ياكى ئۇ ئالتۇن بۇلغانلار سوقۇشتا ئۆلگەنمۇ... ئىرادە، تەقدىر بىلەن ئۇ ئالتۇنلار پالتاخۇننىڭ قولىغا چۈشۈپ قالسا بولىدۇ... دېمەكچىمەنكى، پالتاخۇننى كېيىن بۇ يۇرت بويىچە ئەمەس، پۈتۈن شىنجاڭ بويىچە

داغدىلىق بايىغا ئايلاندۇرۇۋەتكەن مۆجىزە ئۇنىڭ ماتا بوياپ چەككەن جاپاسى ئەمەس، ماتا ئارىسىدىن چىققان ئاشۇ ئالتۇن.

— توغرا ... توغرا ... — ھاياجانلىنىپ قوللىرىنى ئۇشقىلاپ كەتتى سېلىمەجان، — سىلىنى گۆر كولاۋېتىپ بىر كوزا ئالتۇن تېپىۋاپتىكەن دېگەن سۆزمۇ راست ئىكەن - دە، ئەمىسە؟

— ئالتۇن ئەمەس گۆھەر ... — دېدى رەمتۇل سوچى سېلىمەجاننىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— گۆھەر؟ يائاللا ... ئاشۇ كوزىدىمۇ؟

— ياق، سايدىن.

— ئۇلۇغ پەرۋەردىگار! — ھەيران بولۇپ ياقىسىنى تۇتتى سېلىمەجان، — سايدىن گۆھەر چىقىدىكەن دېسىلە!

— مېنىڭ سايدىن سۇ توشۇپ يۈرگەن چاغلىرىم ئىدى، — ئالدىرىماي ھېكايە قىلىشقا باشلىدى رەمتۇل سوچى، — تۇرمۇشۇم ئىنتايىن نامرات ئىدى. كۈندىلىك سۇ ساتقان پۇلغا ئىككى - ئۈچ نان ئېلىپ خوتۇن - باللىرىمنىڭ بىر كۈنلۈك قورسىقىنى ئارانلا تويغۇزاتتىم. بىر كۈنى چۈشۈمدە ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم، ئۇ ماڭا ئۆزىنى خىزىر مەن دېدى. مەن ئۇنىڭغا يېلىنىپ، ئايىغىغا باش قويۇپ، مەندەك بىر ناتىۋان ئاجىز كەمبەغەلگە بىر بايلىق - دۆلەت ئاتا قىلساڭ، دەپ ئىلتىجا قىلدىم. خىزىر ئەلەيھىسسالام بېشىمنى سىلاپ، ساڭا بىر گۆھەر ئاتا قىلدىم دېدى. ئاندىن ئوڭ قولىنى شىلتىپ ساي تەرەپنى كۆرسىتىپ: ئۇ گۆھەر ئاشۇ سايدا، سايىنىڭ تىرەن ئەسۈپسۈزۈك سۈيى ئارىسىدا، دېدى. مەن چۆچۈپ ئويغاندىم - دە، ساي بويىغا قاراپ چاپتىم، يازنى ياز، قىشنى قىش دېمىدىم. ماڭا تالىق ئاشۇ گۆھەرنى سايىنىڭ سۈيىدىن بىر ئۆمۈر ئىزدەپ، ئاخىرى تاپتىم.

— گۆھەر قانداق بولىدىكەن؟ ئالتۇنغا ئوخشامدىكەن؟ — نەپسى تاقىلداپ ئالدىراپ سورىدى سېلىمەجان.

— گۆھەر دېگىنىمىز قول بىلەن تۇتقىلى بولىدىغان تۇرنىڭ ئۆزى، — ئىشەنچلىك ئاۋازدا چۈشەندۈردى رەمتۇل سوچى، — ئۇ قۇياش بىلەن ئاينىڭ يەر يۈزىگە ساقىپ چۈشكەن نۇرىنىڭ بىرىكىشىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ. شۇڭا ئۇ ئۆزىدىن رەڭمۇرەڭ نۇر چىقىرىپ، كېچە - كۈندۈز ئوتتەك يېنىپ جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

— بىراق ساي بويىدا ئادەملەر شۇنچە كۆپ، گۆھەرنى شۇلار تېرىپ تۈگىتىۋەتمىگەندۇ؟ — خاۋاتىرلىنىپ سورىدى سېلىمەجان.

— ياق، ياق ... — خاتىرجەم جاۋاب بەردى رەمتۇل سوچى، — گۆھەر ئۇدۇل كەلگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە نېسىپ بولىۋەرمەيدۇ. بۈگۈنكى زامان كىشىلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىكى، ئەقىل ئىشلىتىش، جاپا - مۇشەققەت چېكىش بەدىلىگە پۇل تېپىش. ساي بويىدا قىمىر قىلماي سەۋرى - تاقەت بىلەن ئولتۇرۇشقا ئۇلارنىڭ قىچىشىپ تۇرىدىغان پۇت - قوللىرى چىدامدۇ؟

رەمتۇل سوچىنىڭ بۇ سۆزىدىن سېلىمەجاننىڭ يۈرەك - باغرى خۇددى ئۇسساپ قاغجىراپ كەتكەندە بىر قاچا مۇزلۇق دوغاپ ئىچكەندەك يايراپ راھەتلىنىپ كەتتى. ئۇ كىچىكىدە ئاپىسىدىن ئەڭگۈشتەر ئۈزۈك، گۆھەر تاش ۋە يىلان مۆڭگۈزىنىڭ ئاجايىپ قۇدرەتلىك سېھرىي

www.uyghurkitap.com

كارامىتى ھەققىدىكى چۆچەك، رىۋايەتلەرنى تالاي قېتىم ئاڭلىغانىۇ، دۇنيادا شۇنداق ئىلاھىي مۆجىزىنىڭ راستتىنلا مەۋجۇتلۇقىغا زادىلا ئىشەنمىگەن. ئەمما بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە بۇ بوۋاي ئۆزىنىڭ تاسادىپىي كاتتا باي بولۇپ قېلىشىنىڭ سىر-ھېكمىتىنى سۆزلەپ بەرگەندە ھاياجان ۋە ئۈركۈنۈشتىن ئۆزىنى زادىلا تۇتالماي قالدى. مانا، پۇل تېپىشنىڭ ئەڭ ئاسان يولى! ئەخمەق! ئۇ بۇرۇن نېمىشقا راھەتتىن جاپاسى تولا ئاشخانا-دۇكان، يەنە ئاللىقانداق باقمىچىلىق توغرىسىدا خام خىيال قىلىپ يۈردى؟ راستتىنلا شۇنداق قىلغان بولسا ئىككى كۈن ئۆتمەيلا قىلغان بۇ ئەخمەقلىقى ئۈچۈن بۇرنى-قۇلىقىغىچە توياتتى-دە، ئاشخانا ئاچسا يۇندىغا، دۇكان ئاچسا قەرزگە، توخۇ باقسا پوق-سۇيدۇككە كۆمۈلۈپ قېلىۋېرەتتى...

بىر ئەسەبىي ئىستەك ۋە ئىچىرقاش ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى تىنىمسىز غىدىقلاپ، يۈرىكى ساينىڭ تېگىدىكى دۇر-گۆھەرنىڭ ئاتەشلىك مېھرى بىلەن ئۆرتىنىپ كەتتى. ئۇنىڭ ئەمدى موماي لېگەنگە ئۈزۈپ ئەكەلگەن ھەسەلدەك ساپسېرىق ئەنجۈرگىمۇ كۆڭلى تارتمىدى. رەمتۇل سوچىنىڭ ئاران كىرگەندە بىردەم ئولتۇرسىلا، بىر كاپام ئاشقا ئېغىز تەگسىلە، دېگەن ئۆتۈنۈشلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى.

رەمتۇل سوچى سېلىمجاننى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ ھويلىغا يېنىپ كىرگەندە، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدىغان ئوغلى دادىسىغا كايىپ:

— قويغىنا دادا، قېرىغاندا شۇئىمۇ گەپمۇ؟ خۇددى كىچىك بالىنى ئالدىغاندەك سايدىن تېپىۋالغان گۆھەرنىڭ ھېكمىتى بىلەن باي بولدۇم دەپ يالغان سۆزلىگىنىڭلىق نېمىسى؟ — دېدى.

— يالغاننى ئەمەس ھەقنى سۆزلىدىم، — دېدى رەمتۇل سوچى، — ئەقلى بولسا دېگەن كېپىمنىڭ تېگىدە نېمە مەنە بار، ئويلاپ چۈشەنسۇن.

— شۇنداق قىلسىغۇ مەيلى، بىراق سېنىڭ يالغان سۆزلىرىڭگە ئىشىنىپ قالدى-دە.

— ئۇنىڭ مەندىن تەلەپ قىلىۋاتقىنى دەل ئاشۇنداق سۆز، — دېدى رەمتۇل سوچى ھاياجانلىنىپ، — شۇنداق بولغاندىن كېيىن مەن ئۇنى ئارزۇسىغا يەتكۈزۈشۈم كېرەك-تە! سېلىمجاندەك ئادەملەرگە ھەقىقەتنى چۈشەندۈرمەكچى بولۇش خۇددى كالىنىڭ مۈڭگۈزىدە گۈل ئۈستۈرۈشكە ئۇرۇنغاندەك ئەخمەقانە بىر ئىش. مەن سېلىمجاننى ياخشى بىلىمەن، ئۇ ئەسلىدىنلا ھورۇن-بوشاڭلىقتا ئۆگىنىپ قالغان. ھۆكۈمەت ئۇنداق ئادەملەرنىڭ ئىشلىگەن-ئىشلىمىگىنىگە قارىماي ھەر ئايدا تەييار مائاشنى بېرىۋەرگەندىن كېيىن پۇلنىڭ ئەسلىدە جاپالىق قان-تەر بەدىلىگە كېلىدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئاددىي ھەقىقەتكە ئىشىنەمدۇ؟ ئۇنىڭغا ئىشەنسە ئاشخانا ياكى دۇكان ئاچماسمىدى؟ باقمىچىلىق قىلماسمىدى؟ ئەمما ئۇ ئۇنداق قىلمىغان، جاپادىن، مېھنەتچىلىكتىن قورققان. مېنى ئىلكىمدىكى پۇل-بايلىققا خۇددى دەرەخنىڭ غازىڭىنى يىغقاندەك ئەجىرسىزلا ئېرىشكەن دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ سىرىنى بىلىۋالماقچى بولۇپ كەلگەن. مەن بۈگۈنكى پۇل-بايلىققا قانداق ئېرىشكەن؟ بۇنىڭغا ئۈستۈمدە خۇدا، يېنىمدا ئاپاڭ گۇۋاھ، سەندەك نىۋەر چاغلىرىم

كىشىلەرنىڭ ئىشىكىگە سۇ تۇشۇش بىلەن ئۆتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن نەچچە ئېشەكنى قېرىتتىم. نەچچە چېلەك-سوغىنى كونىراتتىم. ئەمما مەن تۈگىمىدىم. خۇددى سايىنىڭ خورىماس سۇپسۈزۈك سۇلىرىدەك ياشاۋەردىم. مانا ئاپاڭ بىلىدۇ. ئەتىگەندە تورغاي چۇچۇلىماستا سوغا ئارتىلغان ئېشىكىمنى ھەيدەپ چېلىكىمنى بىلىكىمگە ئېسىپ بىر چىقىپ كەتسەم ئەل ياتقۇ بىلەن يېنىپ كىرەتتىم. تارتقان جەبىر-جاپالىرىم ئۈچۈن غىڭ قىلمايتتىم، ئېشىكىمنىڭ بويىنىدىكى كىچىككىنە تۈچ قوڭغۇراق ساي بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆيى ئوتتۇرىسىدا توختىماي جىرىڭشىپ تۇراتتى... — بوۋاي ھاياجان بىلەن يېنىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ سۆكۈتلۈك خىيالغا چۆمگەن مومايغا قارىدى، — ئېسىڭدىمۇ ئانىسى، قىشنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە مۇز بولۇپ قېتىپ كەتكەن ئەسكى پايتىمام بىلە، پەيمامنى قۇرۇتىمەن دەپ كۆز يۇممايچىققانلىرىڭ؟ قىش كۈنلىرى بىزگە تولىمۇ ئېغىر ئىدى. سەن ئۇنىڭ جاپاسىنى باللار بىلەن ئۆيدە تارتساڭ، مەن قارا قىش جىرىڭشىپ تۇرغان سوغۇق تالادا تارتاتتىم. ئېست شۇ ئېشەك، بىچارە جانىۋار... ھارام بولسىمۇ جېنىنى خۇدا ياراتقان-دە. ئەتىدىن-كەچكىچە ئىككى سوغىنى كۆتۈرۈپ مېڭىۋەرگەندىن كېيىن ھەر بىر تال تۈكىدە بىر تال چوكا مۇز ساڭگىلاپ كېتەتتى. مېنىڭ ھالىم بولسا ئاشۇ ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئىدى. جاندىن ئۆتىدىغان قاتتىق سوغۇقتىن ساقال-بۇرۇت، ھەتتا قاش-كىرپىكلىرىممۇ چوكا مۇز تۇتۇپ، قوللىرىم تاياقتەك قېتىپ قالاتتى. پەيمامغا ئەتىدىن-كەچكىچە سۇ تۆكۈلۈۋەرگەندىن كېيىن مۇز بىلەن ئېغىرلىشىپ، كەچتە ئۆيگە پۇتلىرىمنى ئارانلا سۆرەپ كىرەتتىمغۇ! مەن كىشىلەردىن ئالىدىغان ھەر بىر پۇڭ ئۈچۈن ئاشۇنداق ئىشلەشكە مەجبۇر بولاتتىم. بىزنىڭ بۈگۈنكى پۇل بايلىقىمىز ئاشۇ چاغدىكى پارچە پۇڭدىن يىغىلغان. ياش چاغلىرىمدا نوچى، كۈچتىنگىر بولغىنىم بىلەن كەيپى-ساپادىن، بەدخەجلىكتىن يىراق ئىدىم. يەيدىغىنىمىز، كىيىدىغىنىمىز قەدىر ئەھۋال. مەن نېمىشقا شۇنچىلىك جەبرى-جاپا تارتىشنى راۋا كۆردۈم؟ مەن سىلەرنى ھەم ئاپاڭ ئىككىمىزنىڭ ئىشتىن قالىدىغان قېرىلىق چاغلىرىمىزنى ئويلىدىم. ھەي... بىكارلا سۆزلەپ قالدىم. ئەمما سەن شۇنى قۇلىقىڭدا تۇت. ئىنساننىڭ پېشانىسىدىكى ئەڭ پاسكىنا، ئېرىمەس مەينەت نېمە؟ قېرىغان چېغىدىكى يوقسۇزلۇق. ياشلىقىدا ئۆزىنىڭ قېرىيدىغان، كۈچتىن قالىدىغان چاغلىرىنى ئويلىمىغان ئادەم ئاخىرى ئىتتەك خار-زارلىقتا قالىدۇ.

— بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەمدە پۇللا بولسا بولىدىكەن-دە، — دېدى ئوغلى دادىسىنىڭ بۇ ۋەز-نەسىھەتلىرىدىن قانداقتۇر بىر يوچۇقنى ھېس قىلىپ.

— پۇل مۇھىم! — دېدى بوۋاي قاشلىرىنى ھىمىرىپ، — پۇل بولمىسا سېنى داشۆدە شەخسىي پۇل تۆلەپ ئوقۇتالايتتىممۇ؟ ئاكاڭچۇ، ئۇنى ئامېرىكىدا ئوقۇتۇۋاتقان پۇلنىڭ كۈچى بولماي نېمە؟ مەن كۆڭلۈڭدىكىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، سەن پۇلغا قارىغاندا بىلىمنى مۇھىم دەيسەن. بۇ گېپىڭ توغرا، ئەمما سەن گېپىمنى خاتا چۈشەنمە. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم

www.uyghurkitap.com

نېمە؟ ئىنسان ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك نەرسە ئىشچانلىق، تىرىشچانلىق، مىسالەن، پۇل بىلەن بىلىمنى ئاسماندىكى بۈركۈتنىڭ بىر جۈپ قانىتى دېسەك، ئۇنىڭ قانىتىغا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلغان مۆجىزە نېمە؟ قەيسەرلىك، ھېچنېمىدىن قورقماس بۈركۈتچە روھ. سېلىمجاندەك ھورۇن، پەم-پاراسەتسىز ئادەمدە مۇنداق روھ بولمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭغا ساي بويىدا سۇغا تەلمۈرۈپ، گۆھەر چۈشەپ ئولتۇرماقتىن باشقا چارە يوق.

4

سېلىمجاننىڭ چۈش ۋە خىيالى ئارىلىشىپ كەتكەن تىرەن سەزگۈلىرىنى غىدىقلاۋاتقان ئۈمىد ۋە خۇشاللىق مىسلىسىز تاتلىق ۋە لەززەتلىك ئىدى.

شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتىدىغان، ئىككى قېشىغا قاتار-قاتار ئېگىز بىنالار سېلىنغان كەگرى سايدا چوڭقۇرلۇقى تىزغا چىقمايدىغان سۈپسۈزۈك تاغ سۈيى يېيىلىپ ئاقاتتى. ساي باش-ئايىغىغا كۆز يەتكۈسىز چەكسىز كەتكەن شېغىل تاشلىق ئىدى. ئۇ جىمىرلاپ تىنىمسىز ئېقىۋاتقان سۈپسۈزۈك سۇ ئاستىدا ئەتىگەنلىكى قىپقىزىل ياقۇتتەك جۇلالانسا، قۇياش تىك كۆتۈرۈلگەن چاغدا سان-ساناقسىز زەر-جاۋاھىر، ئۇنچە-مەرۋايىتتەك چېقنايتتى. ئۇنىڭ كېچىسى ئاي نۇرى ئاستىدىكى جەزىبىسى باشقىچە. ئۇ چاغدا سايدا ئېقىۋاتقىنى سۇ ئەمەس، كۆكتىكى يۇلتۇز ۋە بىھېساب كۈمۈش تەڭگىلەر بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ جىرىڭشىپ ئېقىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

مانا، بىزنىڭ سېلىمجاننىڭ ساي بويىدا چوقچىيىپ تۇرغان ئورۇق گەۋدىسى. ئۇ بۇ يەرگە قاچان كەلدى؟ قاچاندىن بۇيان مۇشۇنداق موكچىيىپ ئولتۇرىدۇ؟ بۇنىسى بىزگە نامەلۇم...

بىر چاغدا ساي بويىغا بىر توپ ئۇششاق بالىلار كېلىپ سېلىمجاننىڭ ئالدىدىلا كىيىملىرىنى سېلىشقا باشلىدى.

— سايدا بېلىقجان تۇتۇۋاتامدا ئاكا؟ — دېدى بالىلارنىڭ بىرى.

— نېرى كېتىش! — قولىغا تاش ئېلىپ ئۇلارغا غەزەپ بىلەن شىلتىدى سېلىمجان.

— بېلىق تۇتامدۇ، — بالىلارنىڭ ھەممىدىن چوڭراقى كىيىملىرىنى قولتۇقلاپ نېرى قېچىپ توختىدى، — تاش قاچان گۆھەرگە ئايلىناركىن دەپ شۇنى كۈتۈپ ئولتۇرغان گەپ.

— ھا... ھا... ھا...

— ھى... ھى... ھى...

بالىلار قىيا-چىيا قىلىشقىنىچە قۇشتەك ئۈركۈشۈپ ساينىڭ ئاياغ تەرىپىگە يۈگۈرۈپ كېتىشتى. سېلىمجاننىڭ بايىقى تاتلىق خىياللىرى خۇددى ئاشۇ بالىلار بىلەن بىللە كەتكەندەك، ئۇ كەيپى ئۇچقان، روھى چۈشكەن ھالدا سۇنى شالاقشىتىپ كەچكىنىچە سايىنى يۇقىرىلاپ يۈرۈپ كەتتى. رەمتۇل سۇچىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ بەرى راستتەك ئىدى. ئۇششاق تاشلار يىراقتىن راستتىنلا كۈن بىلەن ئاي نۇرىنىڭ بىرىكمىسىدىن ئاپىرىدە بولغان گۆھەردەك جۇلالىنىپ كۆزنى چاقاتتى. ئەمما سېلىمجان ئۇنى قولىغا ئالغان ھامان ئادەتتىكى تاشقا ئايلىنىپ قالاتتى. ئۇنىڭ بېلىكىگە ئېسىۋالغان قارا سومكىسى، چاپىنىنىڭ، شىمىنىڭ يانچۇقلىرى ئاشۇ تاشلار بىلەن ئېغىرلاشتى. ياق،

گۆھەرنى چوقۇم تاپىمەن، تاپماي قويمايمەن. خوتەنلىكلەرمۇ يۇرۇڭقاش دەرياسىدىن ھەر يوغان قاشتېشىنى سۇزۇۋېلىپ نەچچە مىڭ يۈەنلەپ پۇلغا ساتىدىكەنغۇ،— كېتىۋېتىپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلايتتى ئۇ،— بىر پارچە گۆھەرگە ئېرىشتىممۇ، بولدى! ئاشخانا ئاچىمەن، دۇكان ئاچىمەن، باقمىچىلىق فېرمىسى قۇرىمەن دەپ نېمە قىلىمەن؟ گۆھەرنى زەرگەرگە ئۆتكۈزۈپ... ياق، ئۇ خۇمسىلا پۇلنى نەق بېرىشمەيدۇ... غاچچىدە بانكىغىلا ئۆتكۈزۈپ، ھېلىقى باغلام-باغلام پۇللارنى كۆتۈرۈپ چىقىمەن-دە، خوتۇن-بالىلىرىمنىڭ ئالدىغا پاق قىلىپ تاشلايمەن. داداڭ نوچىنى كۆرۈپ قوي! دەيمەن. ئۇ چاغدا ھۆكۈمەتنىڭ قۇشقاچ ئۇۋۇلاپ كەتكەن بۇ ئەسكى ئۆيىدە ئولتۇرۇپ نېمە قىلىمەن؟ خوتۇنىمنىڭ كونا ئۆيىنىڭ ئورنىدا رەمتۇل سۇچىنىڭ ئۆيىدىنمۇ كاتتا زېمىنىم بولدۇ... ئويلاپ باقسام مۇشۇ يېشىمغىچە بىرەر شاقشاق ۋېلسىپىتمۇ مىنىپ باقماپتىمەن. ئۇ چاغدا ۋېلسىپىت نېمە؟ موتسىكلىت، ئۈچ چاقلىق موتسىكلىت سېتىۋالىمەن...

ئۇنىڭ تاغدەك زور ئۈستەك ۋە شېرىن خىيال بىلەن تولغان سەزگۈسىنىڭ سېھرىي كارامىتىمۇ ياكى راستىنلا گۆھەرنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇنىڭ كۆزى ئالدىدىكى غايەت كۈچلۈك رەڭدار نۇر تۇچكىسىدىن قامىشىپ كەتتى. ئۇنىڭ نەپەسلىرى تۇختاپ، ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى، ئۇ نۇرغا قاراپ ئېتىلدى.

مانا، ئالقىنىدا خۇددى قۇياشنىڭ بىر پارچىسىدەك چاقناپ نۇر چېچىپ تۇرغان قاقتەك چوڭلۇقتىكى بىر تال گۆھەر! ئۇ سۇدىن ھازىرلا سۇزۇۋېلىنغىنىنى ئۈچۈن مۇزدەك سوغۇق، ئەمما چوغدەك يېلىنجاپ تۇراتتى. ئۇنىڭ نۇرلىرى خۇددى ھەسەن-ھۈسەندەك رەڭدار، جۇلالىق ئىدى! سېلىمجان يۈرىكىگە سىغدۇرۇپ بولالماس خۇشاللىقتىن كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش تۆكتى. گۆھەرنى كۆزىگە سۈرتۈپ ئۈچچىسىپ يىغلىۋەتتى. ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇدى. تاش بىلەن ئېغىرلاشقان سومكا بىلەن چاپىنىنى پىرقىرىتىپ تاشلىۋېتىپ ئۆيىگە شامالدەك چاپتى.

ئىشىكى ئالدىدا سايىداپ ئولتۇرغان خالىق قاساپ تۆت كوچا تەرەپتىن ھاسىراپ-ھۆمۈدەپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان سېلىمجاننى كۆرۈپ:

— نېمە ئىش بولدى؟ ھوي... ئاستىراق-ئاستىراق،— دېدى ھەيران بولۇپ.

— گۆھەر! — بارماقلىرى چىڭ سىقىمدالغان مۇشتىنى ھاۋادا پۇلاڭلاتتى ئۇ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋېتىپ. ئەتىگەندىن بېرى ئاچلىقتىن قورساقلىرى چاپلىشىپ ئىشىككە تەلمۈرۈپ ئولتۇرغان ئايىشخان بىلەن بالىلىرى سېلىمجان ئۆيىگە كىرىپ كېلىشى بىلەن تەڭ ئۇنىڭ قولىغا تەلمە بىلەن قاراشتى.

— مېنىڭ بۈگۈن قانداق بەخت-دۆلەتكە ئېرىشكەنلىكىمگە بىر قاراڭلار! — ھاياجانلىق ئاۋازدا خىتاب قىلدى ئۇ ئالقىنىنى پەم بىلەن ئېچىپ،— بۇ نېمە؟ قېنى ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، كۆزۈڭلارغا شۇ تاپتا نېمە كۆرۈنۈۋاتىدۇ؟

ھەيرانلىق، قىزىقىش ۋە ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىقتىن چەكچىيىپ كەتكەن نەچچە جۈپ كۆز سېلىمجاننىڭ ئالقىنىغا

قادالدى.

— تاشقۇ بۇ ... — دېدى ئايشىخان قۇلىقىنىڭ كەينىنى تاتىلاۋېتىپ.

— راست، تاشكەن، — زوھرە ئىتتىك دادىسىغا قارىدى.

— ناۋاتمۇ - يا، ئەكەلگىنە تىلىمغا تەگكۈزۈپ باقاي ... — ئۈچىنچى قىزى سەلىمە ئالدىراپ قولىنى ئۇزارتىۋىدى، سېلىمجان ئۇنىڭ قولىغا بىرنى سالدى.

— قولۇڭنى تارت! — ۋارقىرىدى ئۇ ئالىقىنىنى ئېلىپ قېچىپ، — بۇنىڭ نېمىلىكى ئۇيپئوچۇق تۇرسا، قاراپ تۇرۇپ يالغان ئېيتىشىۋاتىسىنا، سەن نانىپىلار. ياخشى قاراش! مۇشۇ تاشما؟ شۇ راستىنلا تاشقا ئوخشامدا؟

ئايشىخانمۇ، باللارمۇ سېلىمجاننىڭ ئالىقىنىغا تەڭلا قاراشتى. سۇس سارغۇچ، ئۇياق - بۇياققا ماڭغان دەزلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان، بىر قاراشتا كىچىككىنە ناۋات پارچىسىغىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان بۇ بىر تال تاشنى نېمىدەپ ئاتاشنى بىلەلمەي بىر - بىرىگە ھاڭۋېقىپ قاراشقىنىچە تۇرۇپ قېلىشتى.

— مانا، ياخشى قارا! — خوتۇن - باللىرىغا بىر خىل تەھدىت سالغۇچى نەزەر بىلەن چەكچەيدى ئۇ قولىدىكى تاشنى ئىشىك تۈۋىدىكى ئۇستەلنىڭ بۇرجىكىگە پەم بىلەن قويۇپ، — پارقىرامدىكەن؟ پارقىرىشى كۈننىڭ نۇرىغا ئوخشامدىكەن؟

— بۇ ... بۇ ... نەدىكىنى؟ — دۇدۇقلىدى ئايشىخان.

— پارقىرىمايدىكەن ... — راستىنى ئېيتتى ئەركىن.

— ھۇ كۆزى يوق ساقلاندى! پارپار قىلىپ نۇر چېچىۋاتامدۇ مانا!

— ھى ... ھى ... ھى ... دادام يالغان سۆزلەۋاتىدۇ، — پىخىلداپ كۈلدى سەمەت.

— نېمە؟ مەن يالغان سۆزلەۋاتىمەنما؟ — سېلىمجان ئۇنىڭ گەجگىسىگە بىر تەستەك سالدى، — ھۇ شۇم ئېغىز! ھەرقايسىڭ تەييار نانىملا كۆرۈپ بۇنىڭ خۇددى چوغدەك يالىلداپ چېچىۋاتقان نۇرىنى كۆرۈشمىدىڭما؟

ئايشىخان بېشىنى تاتىلاۋېرىپ چاچلىرى سالۋاراپ سېۋەتتەك پاخپىيىپ كەتتى. باللىرى دادىسىنىڭ تىل، تايىقىدىن قورقىشىپ تىترىگىنىچە ئۆينىڭ بىر بۇلۇڭىغا تىقىلىشتى. سېلىمجان ئەلەم بىلەن ئۈستەل ئۈستىگە قارىدى. گۆھەر بۇرۇنقىدەكلا خۇددى يۇلتۇزدەك چاقناپ، چوغدەك يالىلداپ نۇر چېچىۋاتاتتى.

— مانا ... مانا ... بۇنىڭ پارقىراپ نۇر چېچىۋاتقىنىنى - ھە؟ مانا مەن شۇنداق



ئېنىق كۆرۈۋاتسام سەللەر كۆرۈشمىدىڭ-
ما؟ — سېلىمجان تاشنى ئۈستەلنىڭ ئۈس-
تىدىن ئېلىپ خوتۇن-باللىرىنىڭ كۆزىگە
تەڭلەشكە باشلىدى، — خۇدايا توۋا، زۇۋا-
نىڭ تۇتۇلدىمۇ ھەرقايسىڭنىڭ؟ ياكى كۆ-
زۈڭ كور بولدىمۇ؟ گەپ قىلىشە! كۆرۈش-
تۈڭمۇ - كۆرۈشمىدىڭمۇ؟
— مەن كۆردۈم ... — دېدى سەلىمە
قورقىنىدىن يىغلامسىراپ.
— نېمىنى كۆردۈڭ؟
— پارقىراۋاتقىنىنى.
— راست كۆردىڭما؟ — سېلىمجاننىڭ
كۆزلىرى ھاياجاندىن پارقىراپ كەتتى، —
نۇرى نېمىگە ئوخشايدىكەن؟
— چوغنىڭ يالىلدىشىغا، كۈننىڭ
نۇرىغا... ھە... ئاندىن يەنە...
— ھەببەللى! مانا سېنىڭلا كۆزۈڭ
بار ئىكەن قىزىم! ئەمدى ساڭا مۇكاپات...
ماڭ دوقمۇشتىكى سامسىخانىدىن سامسا
ئېلىپ يە، — سېلىمجان قىزىغا يانچۇقىدىن
بىر يوەننى ئېلىپ تۇتقۇزدى-دە، قالغان-
لىرىغا غەزەپ بىلەن ۋارقىراشقا باشلىدى، —
ھۇ دۆت نان قېپىلار! بۇندىن كېيىن
ھەر قايسىڭ نان ئەمەس، ئارقىغا چىقىپ
سەلىمەنىڭ پوقىنى يېيىشسەڭ بولىدۇ!
تۆت بالا شۇئان گويا قىيىن بىر
تېپىشماققا جاۋاب تېپىشقاندەك تۇشمۇ-
تۇشتىن ۋارقىراشتى:
— مەن كۆردۈم، راستىنىلا پارقى-
رايدىكەن!
— چوغدەك يالىلدايدىكەن!
— ياق، كۈننىڭ نۇرىغا ئوخشايدىكەن!
— ياق، ياق! ھېچقايسىڭلار تاپالمى-
دىڭلار، دادامنىڭ كۆزىدەك پارقىرايدىكەن!
ئايشىخان ئوچاق ئالدىدا نېمە
دېيىشىنى بىلەلمەي ئۈن-زۇۋانسىز دۈك-
دىيىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆزلىرى
ئۈستەل ئۈستىدىكى تاشقا تىكىلگىنىچە
قېتىپ قالغانىدى.
— ئەقىللىق باللىرىم! — سېلىمجان
ھاياجانلىنىپ باللىرىنى بىر-بىرلەپ
سۆيۈپ كەتتى.
— ئەمدى بىزگىمۇ پۇل! — تەڭلا ۋارقى-
راشتى باللار. سېلىمجان يانچۇقىنى كولىدى
ۋە شۇئان قولىنى چىقىرىۋېلىپ:
— ئەستا... بۈگۈنچە تۇرۇپ تۇرۇڭ-
لار. ھەممىڭلار سامسىخانىغا بېرىپ سەلىمە
ئالغان سامسىدىن ھەر بىرىڭلار بىردىن
يەڭلار، — دېدى. باللار خۇشاللىقىدىن
چۇقىرىشىپ تالاغا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ
كېتىشتى.
— ماڭىچۇ؟ — دېدى زوھرا سېلىم-
جانغا ئەركىلىگىنىنى ياكى دۇمسايغىنىنى
بىلىپ بولمايدىغان بىر خىل قىياپەتتە، —
ئون-يىگىرمە كوي بېرەرسەن.
— شۇنچە كۆپ پۇلنى نېمە
قىلىسەن؟
— ۋېيەي... — دېدى زوھرە قىزى-
رىپ، — قىزلارنىڭ ئالىدىغان نەرسىسىنى
دادىسى سوراپ يۈرمەيدىغان.
— تەخىر قىل، — سېلىمجان ئۈستەل
ئۈستىدىكى تاشقا قاراپ قويدى، — گۆھەرنى
كۆردۈڭمۇ؟ شۇلا بولسا ئۇنىڭ پۇلى مۇشۇ
ئۆيدىكى ھەممىمىزدىن يېتىپ ئاشىدۇ
بالام.
زوھرا قېيداپ ئىچكىرىكى ئۆيگە
كىرىپ كەتتى. سېلىمجاننىڭ كۆزى بولسا
ئۈستەل ئۈستىدە، گۆھەر ئۈستەل ئۈستىدە
چوغدەك يالىلداۋاتاتتى. ئۇنىڭ كۆزنى
قاماشتۇرغۇچى ھەسەن-ھۈسەندەك رەڭدار

www.uyghurkitap.com

ئۇنى قۇياشنىڭ پارچىسىدەك پارقىرايتتى. سىپلىمەجان بۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى.

— نېمە بولدۇڭ-ھە؟ ئۆلدۈڭمۇ؟ — ئۇ خوتۇنىنىڭ يەلكىسىدىن تارتتى.

— تۇۋا...

— نېمىگە تۇۋا ...!

— ئاتا-بالا بەشىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن نۇرنىڭ مېنىڭ كۆزۈمگە كۆرۈنمەيۋاتقىنىغا دەيمەن. كۆزۈمگە نېمە بولغاندۇ سىپلىماخۇن؟ — ئايشىخان يىغلىۋەتتى.

— ئەمىسە رەمتۇل سۈچى توغرا ئېيتىپتۇ! — دېدى سىپلىمەجان بىر خىل قاتائەتلەنگۈچى ئاۋازدا، — گۆھەرنىڭ نۇرىنى كۆرۈش ھەممىلا ئادەمگە نېسىپ بولىدىغان بولسا بۇ گۆھەر سايلىقتا ھازىرغىچە تۇراتتى دەمسەن.

— گۆھەر؟ گۆھەر دېدىڭما؟

— ھەئە، گۆھەر، بۇنىڭ چېچىۋاتقان نۇرى ماڭىلا ئەمەس، بالىلارنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەندىن كېيىن دېمەك ئۇ گۆھەر.

— بۇنى ئەمدى نېمە قىلاي دەيلا؟

— بانكىغا ئاپىرىپ ساتىمەن. بىلىۋاتامسەن، باغلام-باغلام پۇلغا! — سىپلىمەجان پۇل كۆتۈرگەن قىياپەتتە غولچىنى كېرىپ، ئارقىسىغا كېدىيىپ پەگادا ئىغاڭشىپ ماڭدى.

— ئۇھ... — دېدى ئايشىخان تىنىقىنى ئىچىگە تارتىپ، — بىر تال گۆھەر شۇنچە كۆپ پۇلغا يارارمۇ سىپلىماخۇن؟

— شۇمۇ گەپمۇ؟ رەمتۇل سۈچىغا قاراپ باق، ئەر-خوتۇن، بالا-چاقا، نەۋرە-چەۋرە بىر تال گۆھەرنىڭ پۇلىنى بىكار يەپ يېتىۋاتقىنىغا قاي زامان؟

ئايشىخانىنىڭ كۆز ئالدىدا شۇئان ھادىس گۈزەل بىر مەنزىرە نامايان بولدى: قولىقىدا ئالتۇن ھالقا، بويىنىدا تىزىق-تىزىق مەرۋايىت، ئۇچىسىدا قارا شىپۇن دۇخاۋا كۆڭلەك، ئۇ ئارا پاشىنىلىق تۇپلىيىنى تاكىلدىتىپ دەسسىگىنىچە كوچىدا كەلمەكتە. يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدە چەكسىز خۇشاللىق، ئەمما ئۆمرىدە مۇنداق قىممەت باھالىق كىيىملەرنى كىيىپ باقمىغانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئالدىدا خىجىل. ئەنە ... ئۇنىڭ خىشتىن سېلىنغان كەڭرى ئازادە ئىككى قەۋەتلىك ئۆيى، تۆگىدا ياغ، ئاسقىدا گۆش... يېگىنى ئالدىدا، يېمىگىنى كەينىدە... ئۇنىڭ ۋۇجۇدى بەخت لەززىتىدىن جىمىرلاپ، كۆزلىرى خۇمارلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۈستەل ئۈستىدىكى تاشقا قارىدى. ئۇنىڭ سەزگۈلىرى خىيالىي بەختتىن قانچە لەززەتلەنگەنسېرى تاش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا شۇنچە يارقىن نۇر چېچىۋاتاتتى.

— كۆردۈم... ئەنە... ئەنە... — بىردىنلا ۋارقىرىۋەتتى ئايشىخان خۇشاللىقىدىن ئەس-ھوشىنى يوقىتىپ:

— نېمىنى؟

— گۆھەرنى!

— پارقىراۋاتامدۇ؟

— پارقىرىماي... چوغدەك يالىلداپ، كۈندەك نۇر چېچىۋاتىدۇ.

— دېمىدىممۇ؟ گۆھەرلىكەن راست؟

— گۆھەركەن. ئەزبىرايى!

سىپلىمەجان كەچتە خوتۇن-بالىلىرىغا ئۆمرىدە كۆرسەتمىگەن مەرد-سېخىيلىقىنى كۆرسەتتى. ئۇ دوقمۇشتىكى سامسىخانىدىن بىر لېگەنگە دۆۋىلەپ پەرمۇدە ئالدى-دە، كونا داستىخانغا ئوراپ ئۆيىگە كەلدى.

— قېنى تويغىچە يەڭلار، پونىدىلەكلىرىم، خوتۇن، سەنمۇ كەل! — دېدى ئۇ

پەرمۇدىنى لېگەن بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېچىرقاشتىن پارقىراپ كەتكەن نەچچە جۈپ كۆز ئېغىزىدىن بۇرۇن يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى. تىترىگەن قوللار لېگەنگە سوزۇلدى. ئېغىز - ئېغىزلاردىن قوينىڭ غازاڭ يەۋاتقان چاغدىكى ئاۋازىنى ئەسلەتتىدىغان قىرسىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. سېلىمجان بۇ ئاۋازدىن تولىمۇ خۇشال ئىدى.

— بۇ تېخى نېمە؟! گۆھەرنى سېتىپ بىر پۇل قىلايچۇ، ئۇ چاغدا نېمە يەيدىكەنسىلەر، — دەيتتى ئۇ خوتۇن - بالىلىرىنىڭ پەرمۇدىلەرنى بىر-بىرىدىن قىزغىنىپ پۈتۈن-پۈتۈن يالماپ يۇتۇشلىرىدىن ھۇزۇرلىنىپ.

ئۇزۇن ئۆتمەي پاتمە ئىشتىن كەلدى.

— قالتىسقۇ؟ — دېدى ئۇ داستىخاندىكى بۇ مەنزىرىدىن ھەيران بولۇپ، — دادامغا بۈگۈن نېمە بولغاندۇ؟

زوھرە دەرھال كېلىپ ئاچىسىنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئەقلىدىن ئېزىپتۇ...

5

سېلىمجان ئەتىسى ئەتىگەندە ئۇدۇل خەلق بانكىسىنىڭ تىجارەت بۆلۈمىگە كىرىپ كەلدى.

— بۇنى ئۆلچەپ بېقىڭ، توغرا ئۆلچەڭ، — دېدى چوتتا ھېسابات قىلىۋاتقان كۆزەينەكلىك سېمىز ئايال خادىمغا ھېلىقى تاشنى ئۇزىتىپ. ئايال خادىم تاشنى ئۇڭ - يەتۇر ئايلاندۇرۇپ ئۇنىڭغا سىنچىلاپ قارىدى:

— نېمە قىلىسىز؟

— ئۆلچەڭ دېگەندىكىن ئۆلچەپ باقمامسىز.

ئايال خادىم خالاپ - خالىماي تاشنى ئالدىدىكى ئېلېكترونلۇق تارازىغا سالدى:

— قىرىق بەش گرام.

— قىرىق بەش گرام... دېمەك تۆتيۈز ئەللىك كروننا، — ھېسابلىدى ئۇ، — گۆھەرنىڭ ھەر كرونناسىنى نەچچە پۇلدىن ئېلىۋاتىسىلەر؟

— گۆھەر؟ قايسى گۆھەر؟

— قايسى گۆھەرنى دەيسىزغۇ، قولىمىزدا تۇتۇپ تۇرۇپ؟

ئايال خادىم قولىدىكى تاشنى سېلىمجاننىڭ ئالدىغا پاقىقىدە تاشلاپ زەردە بىلەن گۆلەيدى:

— ساراڭ بوپسىز! سىز بانكىغا ئەمەس، نېرۋا كېسەللىكلىرى دوختۇرخانىسىغا بارسىڭىز بولغۇدەك!

سېلىمجان ئايال خادىمنىڭ قوپال سىلكىشلىرىگە خاپا بولۇپ خېلىغىچە ئۇرۇشتى:

— تاش بىلەن گۆھەرنى پەرق ئېتەلمىگەندىكىن سەن ساراڭ! — دەپ ۋارقىرىدى. ئەمما ئەتراپتىكىلەر نېمىشقىدۇر ئايالنىڭ تەرىپىنى ئېلىۋاتاتتى. سېلىمجان ئۇلارنىڭ مەسخىرىلىك كۈلكىسى بىلەن زەھەرلىك چاقچىقىدىن روھى چۈشۈپ تالاغا چىقتى. كېتىۋېتىپ ئالقىنىغا قارىدى - دە، يۈرىكى قارت قىلىپ قالدى. كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، نەپسى بوغۇلۇپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ قالغاندەك بولدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئالقىنىدا بايىقى گۆھەرنىڭ ئورنىدا بىر تال ناۋات پارچىسىغا ئوخشاپ كېتىدىغان سارغۇچ رەڭلىك ئادەتتىكى تاش پارچىسى تۇراتتى.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

ئابدۇراخمان قاھار

# ئىككى قىزنىڭ تەقدىرى

(ھېكايە)

1

ئۇ قىيىن، ئىنتايىن قىيىن مەسىلىگە دۇچ كېلىپ، تەگسىز خىيالغا پېتىپ قالدى. ئۇ شۇ يېشىغىچە تالاي خىياللارنى قىلغان، لېكىن مۇنداق ئازابلىق، چوڭقۇر خىيالنى قىلمىغان. ئۇ ھاياتىغا جاۋاب بەرمەك تەس بولغان شۇنچىلىك ئېغىر سوئالنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئەمدىلا سېزىۋاتىدۇ، ئۇنىڭ ئازابىدا تولغىنىۋاتىدۇ، بىراق بۇ سوئالغا جاۋاب بەرمەي مۇمكىنمۇ؟ دۇرۇس، كىشى ئۆز ھاياتىدا جاۋاب بەرمەي ئۆتۈپ كېتىدىغان نۇرغۇن سوئاللارغىمۇ دۇچ كېلىدۇ. لېكىن بۇ ئۇنىڭ ھاياتىغا، كەلگۈسى تۇرمۇشىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا مۇناسىۋەتلىك سوئال. شۇڭا ئۇنىڭغا جاۋاب بەرمەي ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!

قايسىسىغا تېگىمەن؟

بۇ، ئايتۇرغاننى خېلىدىن بېرى قىيناپ كېلىۋاتقان سوئال. سالمىقى ئېغىر، جاۋاب بەرمىكى تەس بولۇۋاتقان سوئال. راست ئەمەسمۇ، لايىقى ئىككى تۇرسا، قايسىسىغا تېگىدۇ؟ بىرى، ئۆزىنىڭ ساۋاقدىشى، تەڭتۇشى، بىر مەھەللىلىك تۇرغان ئىسىملىك يىگىت. ئۇلار يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىنى تۈگەتكەن يىلى — ئون سەككىز يېشىدىن تارتىپ، ھازىرغىچە — يىگىرمە ئىككى يېشىغىچە بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ كېلىۋاتىدۇ. لېكىن ئايتۇرغاننىڭ ئاتا-ئانىسى بۇ ئىشقا قەتئىي قوشۇلمىدى. چۈنكى تۇرغان بىر يېتىم بالا، توي قىلغۇدەك پۇلى يوق ئىدى.

ئايتۇرغاننىڭ يەنە بىر لايىقى — قادىرجان ئىسىملىك ئەللىك توققۇز ياشلىق بىر باي سودىگەر. ئايتۇرغاننىڭ ئاتا-ئانىسى قىزىنى قادىرجانغا تېگىشكە زورلايتتى: «ئېتىز-ئېرىقنىڭ ئېغىر ئىشىدىن، توپا-چاڭدىن ئەبەدىي قۇتۇلىسەن» دەيتتى ئۇلار.

بۇ باي سودىگەرنىڭ بەش بالىسى بار ئىدى. ئىككى قىزى ياتلىق بولۇپ، بىر ئوغلى ئۆيلىنىپ چىقىپ كەتكەن، ھازىر ئىككى بالىسى بىلەن بىللە تۇراتتى. قادىرجاننىڭ ئىككى يەردە ھەشەمەتلىك قورۇ-جايى، ئىككى كىچىك ماشىنىسى، بىرنەچچە يەردە سودا دۇكانلىرى بولۇپ،

قولدا ئۇن ئەچچە ئادەم ئىشلەيتتى. ئۇنىڭ ئېيتىشىچە، ئىككى بالىسى ئايرىم قورۇ-جايدا بىر ماشىنا بىلەن تۇرىدىكەن، ئايتۇرغانغا ئايرىم ئۆي تۇتۇپ بېرىدىكەن، ئوڭچە قورۇدا يەنە بىر كىچىك ماشىنا بىلەن تۇرىدىكەن. نەگە بارسا، ماشىنا تەييار، قورۇ خىزمەتچىلىرى، ئۆي خىزمەتچىلىرى ھازىر ئىكەن. ئايتۇرغاننىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ھاياجانلىنىپ ئېغىزلىرىدىن شۆلگەي ئېقىتىشىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ. قايسى ئاتا-ئانا ئۆز بالىسىنى يامان كۈنگە قالسۇن دەيدۇ، — دەپ ئويلايتتى ئايتۇرغان بەزىدە، — ئۇلارنىڭ مېنى بايغا زورلىشى جاپا تارتمىسۇن، باياشات، توق تۇرمۇش ئۆتكۈزسۇن دېگىنى، ماڭا كۆيۈنۈۋاتقىنى. بىراق ئۇنى كۆڭلۈم تارتمىسا قانداق قىلىمەن؟ ئەللىك توققۇز-ئاتمىش ياشلىق ئادەمنى ئېرىم دەمدىم؟ دادام دەمدىم؟ ياق، بويۇم بىلەن تەڭ ئالتۇن بەرسىمۇ ئۇنىڭغا ھەرگىز تەگمەيمەن. ئۇنىڭغا تەگكەندىن ئۆمۈر بويى ئەرسىز ئۆتكۈنۈم ياخشى.

قادىرجان ئەسلىدە تاماكا-قەغەز سېتىپ جان باقىدىغان نامرات ئادەم ئىدى. ئارىلىقتا بىر يىللىق شامال چىقىپ، كۆپلەپ پۇل تېپىش-باي بولۇشنىڭ يوللىرىنى ئېچىۋەتكەندە، ئۇنىڭ تەلىيى ئوڭدىن كېلىپ، ئوقەتتى يۈرۈشۈپ قالدى. تاماكا-قەغەز ساتىدىغان تەنزىسى مىلىچە مالالارغا، مىلىچە مالالار پۇللۇق مالالارغا ئالماشتى. شۇنىڭدىن كېيىن بارا-بارا ئېسىل مالالارغا تولغان كاتتا دۇكانلىرى پەيدا بولۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان زور بايغا ئايلاندى. پۇل ئۇنىڭ كۆزىنى قىزارتىپ، ئۆزىنى بىلەلمىگۈدەك دەرىجىگە ئەكەلدى. ئۆزىنى بىلەلمىگەن ئادەم قىڭغىر كوچىلارنىڭ ھەممىسىگە كىرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن يىرگىنچلىك ئىزلار قالىدۇ. ئۇ خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، بالىلىرىغا ئانا بولغۇدەك مۇۋاپىق خوتۇن تېپىشنىڭ ئورنىغا ئايتۇرغانغا كۆز تاشلىدى. ئادەم دېگەن يېشى كىچىككە، كۆپرەك پۇلغا ئېرىشسە، ئۇنىڭ ئويلىمايدىغان ئويى، قىلمايدىغان ئىشى قالمايدىكەن، ھاۋايى-ھەۋەس ئۇنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كىرىدىكەن. ئادەم ئۆز خىلىنى تاپمىسا تۇرمۇشى بەختلىك بولامدۇ؟

ئايتۇرغان ئاتا-ئانىسىدىن كۆرە كۆپرەك ھەدىسىدىن رەنجىدى. ئۇ، ھەدەم مېنى قوللايدۇ، دەپ ئىشەنگەنىدى. چۈنكى ئاتا-ئانىسى ھەدىسىنى ئۆزلىرىنىڭ بىر تۇغقىنىنىڭ بالىسىغا بېرىمىز، دەپ زورلىغاندا، ئۇ ئۆزىنىڭ ۋەدىلەشكەن يىگىتىگە قېچىپ كېتىپ تەگكەنىدى. بىراق ئەمدىلىكتە ئۇمۇ بۇرۇنقى ئاشىق-مەشۇقلار ھازىر نەدە، ئەر دېگەننى ياساپ كۆرگەزمىگە قويۇپ قويىدىغان نەرسىمىدى، كىم سېنى باياشات تۇرمۇشقا ئىگە قىلسا، ياخشى ئەر دېگەن شۇ. سۆيگۈنۈم، كۆيگۈنۈم، دەپ كۆلدە كۆمەچ بولۇپ ئۆتكۈزگەن تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى، دەپ تىلىنى چاينىپ ئولتۇرىدۇ. تولا ئويلاپ ئايتۇرغاننىڭ كاللىسى قاپاق بولۇپ كەتتى. بىر ھېسابتا ھەدىسىنىڭ دېگىنىمۇ توغرىدەك قىلاتتى. جاپا تارتماي ياشاشنى كىم ئارزۇ قىلمايدۇ، كىشى دۇنياغا بىرلا كېلىدىغۇ، ھەشەمەتلىك ئۆي-جابدۇق، زىب-زىننەت، ئېسىل كىيىم-كېچەك، كىچىك ماشىنا... بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە بار، نەچچە يىل ئىشلەپمۇ، ھەتتا پۈتۈن ئۆمرۈڭنى سەرپ

www.uyghurkitap.com

قىلىپمۇ ئىگە بولالمايدىغان نەرسىلەر ئالدىڭدا تۇرسا، ئۇنى نېرى تۇر، دېيىش ئۆتۈپ كەتكەن گاللىۋاڭلىق ئەمەسمىدۇ؟ شۇنداق تۇرمۇشقا ئىگە بولۇش ئۈچۈن سۆيگۈنىنى تاشلىۋەتكەنلەر ئاز ئەمەسقۇ...

ئائىلىدە ئايتۇرغاننىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر كۈنى، ھەر سائەت دېگۈدەك ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىش، زورلاش ئەۋج ئالغىلى تۇردى. ئۇنىڭ يۈرىكىگە تەرەپ-تەرەپتىن نەشتەردەك سۆزلەر تەگكىلى تۇردى. تۈزۈككىنە كىيىم-كېچەكى بولمىسىمۇ، ئۆزىنى مەغرۇر تۇتۇپ يۈرىدىغان قىزنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، ئۇ كۈنلەرنى غەم-ئەندىشە، تاپا-تەنە بىلەن ئۆتكۈزسە، كېچىلەرنى ئۇيقۇسىز يىغا بىلەن ئۆتكۈزىدىغان بولدى. قېرى سودىگەرگە تەگسەم، پۇل-دۇنياغا تېگىمەن، تۇرغانغا تەگسەم، ئۇنىڭ ئۆزىگە تېگىمەن، — دەپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلايتتى ئۇ، — پۇل-دۇنيا ئارتۇقمۇ، كۆڭۈل مەيلىمۇ؟ پۇل-دۇنيانى دەپ كۆڭۈل مەيلىمنى تونجۇقتۇرۇۋەتسەم، خالىغان ئادىمىمدىن مەھرۇم قالغان تۇرمۇشۇم قانداق تۇرمۇش بولار؟ قانداق ئاقىۋەتلەرگە قالارمەن؟ ئايتۇرغاننىڭ چىرايلىق كۆزلىرى ياشتىن، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ھالسىزلىقتىن، بۇغداي ئۆڭ، يېقىملىق چىرايى سولغۇنلۇقتىن نېرى بولالمىدى. بىر ئاي ئىچىدە ئۇ خۇددى سولغان گۈلدەك تۈسكە كىرىپ قالدى.

ئاخىرى ئۇ ئۇيقۇسىز غەم-ئەندىشە، ئىككىلىنىشلەرنى ئۆزىدىن ئىرغىتىپ تاشلىدى، چىرايىغا جىددىيلىك، ئىشەنچ ئۇرغۇپ چىقتى. كۆڭۈل مەيلى ھەممىدىن — ئاتا-ئانىنىڭ ئارزۇسى، قارغىشى، دەشنەملىرىدىن، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ سىلىق دەۋەتلىرى ھەم تاپا-تەنىلىرىدىن، باي سودىگەر قادىرجاننىڭ شان-شۆھرىتى، دۇنياسىدىن، ھەيۋەتلىك ئۆگچە قورۇ-جايىدىن ۋە چىرايلىق كىچىك ماشىنىدىن ئۈستۈن كەلدى-دە، بىر كېچىدىلا نامرات يىگىت تۇرغان بىلەن قېچىپ كەتتى.

ئاتا-ئانىسى دېگىنىنى قىلىپ قىزىدىن كەچتى، ئۇنى ئىزدەپمۇ قويمىدى. بايلىقىم، شۆھرىتىم ھەر قانداق جاھىل قىزنىمۇ ئاخىر ئېرىتىدۇ، دەپ ئۆزىگە تاغدەك ئىشەنگەن قادىرجاننىڭ ئۈمىد-ئارزۇلىرى كېسىلدى-دە، ئارىدىن بىرەر ھەپتە ئۆتە-ئۆتمەيلا ئايتۇرغاننىڭ دوستى نەپىسەنى نىكاھىغا ئالدى ۋە ئۇنى شەھەرگە ئېلىپ كەتتى.

2

ئۇلار تۇرغاننىڭ تاغدىكى مالچى ئاغىنىسىنىڭ ئۆيىدە بىر ھەپتە تۇرغاندىن كېيىن، تۇرغان ئالتە يىلدىن بېرى ئۆزى يالغۇز تۇرۇۋاتقان، مەھەللىنىڭ بېشىدىكى توپا قويۇلۇپ تۇرىدىغان، بىر ئېغىزلا كونا ئۆيى بار كۆرۈمسىز قورۇغا يېنىپ كىردى. كىرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىدىن باشلاپ ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ قورۇنى تۈزەشتۈرۈشكە كىرىشتى.

ئىككىسى بۇ قورۇدىكى تۇرمۇشىنى ئەنە شۇنداق باشلىدى. مۇرات-مەقسەتلىرىگە يەتكەن ئادەملەر ھەر قانچە نامرات تۇرمۇشتىمۇ ئۆزىنى بەختىيار ھېس قىلىدۇ، تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ، ھەر قاچان ئىناق، ئۈمىدۋار بولىدۇ. ئىككىسى بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلاتتى، بىر-بىرىنى ھۆرمەت قىلمىغان ئەر-خوتۇننىڭ بەختلىك بولالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. پۇلسىز، ھەشەمەتلىك ئۆي-ئىمارەتسىز، ئېسىل

جابدۇقلارسىزمۇ ئۆزلىرىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى يوقاتمايدىغانلا بولسا، ئوخشاشلا بەختلىك تۇرمۇشنىڭ ئىگىلىرى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنەتتى.

مەھەللىدە نەپىسەنىڭ بەختى ئېچىلغانلىقى توغرىسىدىكى گەپلەر خۇددى شەپەرەڭدەك كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا ئۇچۇشقا باشلىدى. بۇ ئارىلىقتا نەپىسە مەھەللىگە ۋاللاپ تۇرىدىغان قىزىل پىكاپىغا ئولتۇرۇپ ئىككى-ئۈچ قېتىم چىققانىدى. بىرلىرى نەپىسە ئولتۇرغان پىكاپنىڭ يېپيېڭىلىقى، چىرايلىقلىقى، ئۇچقۇرلۇقى توغرىسىدا سۆزلىسە، بىرلىرى نەپىسەنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ قالتىس ئېسىللىقى، ئۇنداق كىيىملەرنىڭ تېخى ھېچكىمنىڭ ئۇچىسىغا چىقمىغانلىقىنى سۆزلەيتتى. بىرى نەپىسەنىڭ قىزىل پىكاپىنى كوچىغا توختىتىپ قويۇپ، پېتىنى بۇزماي مېڭىپ، ئەيىنەكلىك ماگىزىنغا كىرىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن گەپ ئاچسا، يەنە بىرلىرى نەچچىلىگەن ئۆي خىزمەتچىسىنىڭ بارلىقى، ئۇنىڭ سوغۇق سۇغا قول تەگمەيدىغانلىقىدىن گەپ ئاچاتتى. مۇنداق گەپلەر ئايتۇرغاننىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ قۇلىقىغا يەتكىنىدە، ئۇلار ئۆزى كەلگەن بەختنى قولدىن بېرىپ قويغان قىزىنى ئىچىدە مىڭنى تىللىدى.

بۇ يەردە قېچىپ كەتكەن قىزلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويىدىغان ئادەت بار، يېزىلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقى ئىككى ئاقساقالنى باشلاپ، ئايتۇرغاننىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ ئالدىغا كىردى.

— بالىلار ياشلىق قىلىپ قويۇپتۇ، — دېدى يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى، — بالا ئەمەسمۇ، ئۇلارنى شۇنداقلا تاشلاپ قويساق بولماس، تويىنى قىلىپ قويايلى.

— بىزنىڭ تويىنى قىلىدىغان بالىمىز يوق، — دېدى ئايتۇرغاننىڭ دادىسى قوپاللىق بىلەن.

— بالىلارنىڭ سەۋەبلىكىگە ئارتۇقچە غەزەپلەنسەك، ئۇلاردىن ئۈچ ئالغاندەك بولۇپ قالىمىز، ئاتا-ئانىلار يەنىلا ئەپۇچان كېلىمىز، بالىلاردىن ئۈچ ئالىدىغان ئاتا-ئانا بولماس، غەزەپلىرىنى بېسىپ، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالسىلا...

— بولدى، ماڭا تولا ۋەز ئېيتماڭ، تۇتۇۋالىدىغان يېرى قالمىدى، ئۇ ھارىمىنى بىزنى قانداق رەسۋاچىلىققا قويىدى، بىلەمسىز؟

— ئوبدانىراق ئويلاپ باقسىلا، ئىش ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇنى ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ.

— مەن كۆپ گەپ قىلىشنى، سالاسۇلىنى خالىمايمەن، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ قەتئىيلىك بىلەن، — ئايتۇرغان بىزنىڭ بالىمىز ئەمەس، بىز ئۇنى ئاللىقاچان دەپتەردىن ئۆچۈرۈۋەتكەن!

يېزىلىق ھۆكۈمەت باشلىقى يەنە گەپ قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇ يەردىن قايتىپ چىقتى-دە، تۇرغان بىلەن ئايتۇرغاننىڭ بۇرۇن ئېلىپ قويغان توي خېتىنى قولىغا تۇتقۇزدى ۋە شۇ كۈنىلا تۆت ئادەمنى چاقىرىپ، نىكاھ ئوقۇتۇپ قويىدى.

كەچكۈز كېلىپ قالغانىدى. بۇ دېھقانلارنىڭ قىشنىڭ غېمىنى قىلىدىغان پەيتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ غەملەيدىغان نېمىسى بار؟ ئىككى يېرىم مو يەردىن ئالغان دارامىتى بىلەن نېمىنى غەملىيەلەيدۇ؟ ئۇلارنىڭ كېلەر يىلى يىگى ئاشقا يەتكۈدەك بۇغدىيىدىن

باشقا ھېچنېمىسى يوق. ئەمىسە
قىشنى قانداق ئۆتكۈزىدۇ؟ قولىدا بار-
يوقى يەتمىش - سەكسەن سوم پۇل. ھا-
زىر ئۇنىڭ بېشىدا ئوت كۆيۈۋاتىدۇ. قىيـ
شىيىپ قالغان لاپاستا بىرەر يۈز باغ چۆپ،
بىرەر ھارۋا چىققۇدەك سامىنى بار. ئۇ
قانچىلىك پۇلغا يارايدۇ؟ قىشنىڭ غېمىنى
قىلىدىغانغا بىر نېمە بولسا بولىدۇ - دە.
بۇ ئىش ئىككىسىنىڭ بېشىنى قاتۇر-
دى. خۇدانىڭ سۈيى، قۇرۇق ئۇن بىلەنلا
قىشنى قانداقمۇ چىقارغىلى بولسۇن؟ ئاي-
تۇرغان تۇرغاننىڭ ئۇنىمىغىنىغا قارىماي،
ئۆز ئۆيىدىن سېلىپ كەلگەن ئالتۇن
ھالقىسى بىلەن ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكىنى
ساتتى. ئۇنىڭغا موزىيى ئۆلۈپ قالغان بىر
سىيىرنى سېتىۋالدى. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئال-
دىدا ئۆتكەن كۈنلىرىدىن نەچچە ھەسسە
تۆۋەن تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتسىمۇ ئايتۇر-
غاننىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن، يۈرۈش - تۇرۇشى-
دىن تېتىكلىك، چەبدەسلىك، بۇغداي ئۆڭ
يۈزىدىن ئوچۇق - يورۇقلۇق، خۇش خۇيلۇق،
چىرايلىق كۆزلىرىدىن بىر خىل نازاكەت،
رازىمەنلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. قىل-
چىمۇ مەيۈسلۈك، پۇشايمان ئالامەتلىرى
كۆرۈنمەيتتى. ئۇ يوقسۇزلۇقنىڭ ئېغىر
دەردلىرى يۈرىكىگە نەشتەر بولۇپ سانجىلى-
ۋاتقانلىقىنى ھېس قىلسىمۇ، ئەمما تۇر-
غانغا، مۇشۇ قۇپقۇرۇق، كۆرۈمسىز ئائى-
لىسىگە بولغان قايناق مۇھەببەتنىڭ ھو-
زۇرىنى سۈرمەكتە ئىدى.
كەچكۈزنىڭ ئاجىز نۇرلىرى قۇرۇنى
يىلىتقان بىر كۈنى تۇرغان قارىياغاچ
كۆتەكلىرىنى يېرىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ
قاغجىراپ كەتكەن كۆتەككە پالتىنى كۈچ
بىلەن ئۇراتتى. ھەر ئۇرغاندا چىڭگىش كۆ-
تەكلەر پارە - پارە بولۇپ كېتەتتى. تۇر-
غاننىڭ يۈز - كۆزى، بويۇن، قولاق چۆرى-
لىرىدىن ئاچچىق تەر تامچىلىرى شۇر-
قىراپ قۇيۇلاتتى. ئۇ پالتىنى ئېگىز كۆ-
تۈرۈپ ئۇرغانسېرى كۈچلىنىۋاتقاندەك،
قىلچىمۇ ھارغىنلىق يەتمەيۋاتقاندەك
قىلاتتى. ئايتۇرغان بىر چەتتە ئۇنىڭغا
ئىشتىياقى بىلەن زوقلىنىپ قاراپ تۇردى.
قارىغانسېرى ئۆز كۆزلىرىنىڭمۇ ھاياجاندىن
يېنىۋاتقانلىقىنى، بەختىيار ئۇچقۇنلارنىڭ
چاقناۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە بەدەن-
بەدەنلىرىنىڭ سۆيۈنۈۋاتقانلىقىنى سەزدى.
ئۇنىڭ ئىككى يېنىغا يېرىندىلار تو-
لۇپ كەتكەنىدى. ئايتۇرغان چاچراپ
يىراققا چۈشكەن يېرىندىلارنى تېرىپ
كەلدى. تۇرغان توختايدىغاندەك قىلمايتتى.
— ھېرىپ كەتتىڭىز، — دېدى ئاي-
تۇرغان كۆيۈنگەن ھالدا تۇرغانغا قاراپ، —
بولدى ئەمدى، قالغىنىنى چۈشتىن كېيىن
يېرىڭ.
— بۈگۈن راسا كۈچۈمگە كېلىپ
قالغاندەك قىلىمەن، قورام تاش بولسىمۇ
پارە - پارە قىلىۋېتەتتىم.
ئۇ شۇنداق دېدى - دە، پالتىنى
يىلتىزلىق كۆتەككە كۈچ بىلەن ئۇرۇشقا
باشلىدى. ئايتۇرغان ئۆيگە كىرىپ چاي
قاينىتىشقا ئولتۇردى. كۆتەكتىن كۆتۈرۈلۈ-
ۋاتقان ئاۋاز يېقىملىق مۇزىكىدەك ئاڭلانـ
ماقتا، ئۇنىڭ قولى مەشغۇل بولغىنىدا، كۆزى
ئوچاقتا بولسىمۇ، ئوي - خىيالى تۇرغاندا —
سۆيۈملۈك ئادىمىدە ئىدى. ئاددىي كىيىم-
كېچەك، نامرات، كۆرۈمسىز تۇرمۇشتىنمۇ
گۈزەللىك ھېس قىلىدىغان كىشىلەر بولىدۇ.
ئۇنىڭ مۇھىم شەرتى شۇ تۇرمۇشقا قانائەت
قىلىش ۋە جۈپتىدىن سۆيۈنۈشتە. ئايتۇرغان

ياشلىقنىڭ قۇدرىتىگە، سېھرىي كۈچىگە، ئالا تاغنى ئايرىپ، قارا تاغنى قايرىۋەتكۇدەك كارامىتىگە ھەيران قالدى ۋە راھەتلىنىپ سۆيۈندى. ئۇنىڭ شۇنداق نازۇك، يېقىملىق ھېس-تۇيغۇلار ئىلكىدە ياشاۋاتقىنىغا تۆت يىلدىن ئاشتى. بۇ خىل ھېس-تۇيغۇلار ھازىر كۈچىيىۋاتىدۇ، بەدەنلىرىنى لەرزىگە سېلىۋاتىدۇ.

جورام، ئۆز دېمەتلىكىم، سۆيگەن، دىلدىن ياراتقان ئادىمىم،— دەپ پەخىرلىنىشكە باشلىدى ئۇ،— ئادەم ئۆمرىنىڭ ھەربىر مەزگىلىنى شۇ مەزگىل تەلەپ قىلىدىغان ۋە شۇ تەلەپكە جاۋاب قىلالايدىغان، شۇنىڭغا باب كىشى بىلەن ئۆتكۈزۈشى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئىنتايىن گۈزەل، نەپىس روھىي بايلىققا ئىگە بولغىلى بولىدۇ. بۇ روھىي بايلىقنىڭ ئورنىنى ھەرقانچە زور ماددىي بايلىق تولدۇرالمايدۇ. مەن ئاشۇنداق روھىي بايلىققا ئىگىمەن. ئۇستىبېشىڭ ئالتۇن، زىب-زىننەت، تاۋاردۇردۇنغا پۈركەنگەن، ئۆيلىرىڭ شاھانە بېزەكلەرگە تولغان، ئەمما قەلبىڭدە يېنىپ تۇرغان ئارزۇ-ئارمان، تەلەپلىرىڭ، گۈزەل ھېسلىرىڭ تۇنجۇققان بولسا، ئۇ ھالدا ئاشۇ ئالتۇن، زىب-زىننەتلەر بوينۇڭغا چۈشكەن سىرتماق ئەمەسمۇ، بۇ، ياش گۈلۈڭنىڭ سولغانلىقى ئەمەسمۇ، بۇنداق تۇرمۇشنىڭ نېمە لەززىتى!

ئايتۇرغاننىڭ ھېس-تۇيغۇلىرى شۇنچىلىك دولقۇنلاندىكى، ئۇ ئورنىدىن ئىختىيارسىز تۇرۇپ كەتتى ۋە لۆڭگىنى ئېلىپ ھويلىغا چىقتى. تۇرغان ئاۋۋالقىدەكلا كۆتەكنى يارماقتا ئىدى.

— يۈزلىرىڭىزنى ئېرتىڭ،— دېدى ئۇ لۆڭگىنى سۇنۇپ ۋە مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قارىدى. تۇرغان ئىشىدىن توختاپ، يۈز-كۆزلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى. ئۇ قىزىرىپ، بەدەنلىرىمۇ چىملىق-چىملىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئەمگەكمۇ يولىدا بولسۇن، تۇرغانجان... يۈرۈڭ، چېيىڭىزنى ئىچىۋېلىڭ.

— ئاز قېلىۋىدى...

— چاينى ئېتىپ قويدۇم.

ئۇ تۇرغاننىڭ بىلىكىدىن چىڭدىپ تۇتۇپ تارتتى. تۇرغان پالتىسىنى تاشلاپ ماڭدى. ئايتۇرغان بىر قولىنى ئۇنىڭ مۈرىسىگە قويۇپ ھەم ئۇنىڭغا يۆلىنىپ، ئۆيگە ئۇنىڭ بىلەن بىللىلا كىردى. كۆڭۈل مەيلى، سۆيگۈسى ئۇنىڭ پۈتۈن ئەزايى-بەدىنىنى ياندۇرۇۋەتكەنىدى. ئۇ ھەمىشە ئۆزىدە بىر خىل راھەت سېزەتتى. ئۇ سۆيگۈسى ھامان قەلبىنى يېڭىلاپ گۈزەللەشتۈرۈۋاتقانلىقىنى، زېھنىي-خىيالىنى، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىگىلىۋالغانلىقىنى ھېس قىلاتتى.

3

بەزى كىشىلەر ھەشەمەتلىك سارايلاردا ياشاۋاتقانلارنىڭ تۇرمۇشى دائىم بەختىيار، كۆڭۈللۈك ئۆتىدۇ؛ كۆرۈمسىز، كونا، توپا قويۇلۇپ تۇرىدىغان ئۆيلەردە ياشاۋاتقانلارنىڭ تۇرمۇشى قايغۇلۇق، ھەسرەتلىك ئۆتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ، بىراق ئەمەلىيەت ھەممىنى ئەينەن كۆرسىتىپ بەرگۈچى ئەينەك. بىز باي سودىگەر قادىرجان بىلەن نەپىسەنىڭ ياتاق ئۆيىگە بىر نەزەر تاشلاپ باقايلى: چوغدەك گىلەملەر ئۈستىگە دۇخاۋا تاشلىق، كېرىلگىلىرىگە قىزىلگۈللەر كەشتىلەنگەن تۆشەكلەر سېلىنغان، ئاپئاق ماموق تەكىيەلەر قويۇلغان،

قىزىل لامپۇچكىدىن چېچىلىۋاتقان نۇردىن ئۆي ئىچى ۋاللىدايدۇ، قىسما-قىسما شوللار نازغىنىپ ئوينايدۇ، ناۋاترەڭ پەردىلەر يېنىك تەۋرىنىدۇ، ئۆي ئىچىدە يېقىملىق پۇراقلار گۈپۈلدەيدۇ...
ئەنە قادىرجان بىلەن نەپىسە تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇرۇشىدۇ. قادىرجاننىڭ خىرەلەشكەن كۆزلىرى تېلېۋىزور ئېكرانىدا بولسىمۇ، خىيالى ئاللىقاياقلاردا بولۇپ، پات-پات چوڭقۇر-چوڭقۇر تىنىدۇ. يېنىدىكى ياش، گۈزەل خوتۇنىغا قايرىلىپمۇ قويمايدۇ، بىرەر ئېغىز سۆزمۇ قىلمايدۇ. چىرايى ئۈششۈك تەگكەن يوپۇرماقتەك رەڭسىز. سىرتتىن قارىغان كىشى ئۇنىڭغا قانداق پېشكەللىكنىڭ ياكى قانداق دەردۇ-بالانىڭ يېپىشقانلىقىنى، ئۇنىڭ قانداق ئوتتا كۆيۈپ يېنىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇنى تېلېۋىزور كۆرۈۋاتىدۇ، دېگەندىن كۆرە، قانداقتۇر بىر ئېغىر ئەلەمدە تولغىنىۋاتىدۇ، دېگەن تۈزۈكرەك. قارا بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ كەتكەن چىرايىدىن دەم خاپىلىق، ئېچىنىش ئىپادىلەنسە، دەم ئەلەم، غەزەپ ئەكس ئېتىدۇ. ئۇ خىيالىدا بىرلىرى بىلەن ئېلىشىۋاتامدۇ ياكى ئامالسىزلىقتىن ئاچچىق ھەسرەت چېكىۋاتامدۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى. بۇ ئۆيدە نە يېڭىلىقلىق-خۇشخۇيلۇقتىن، نە قىزغىن پاراڭ، راھەتلىنىشتىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى.
چىرايىدىن كىشىنى بىزار قىلىدىغان، يۇرۇختۇملۇق قوزغايدىغان ئالامەتلەر ئىپادىلىنىپ تۇرغان قادىرجان ئورنىدىن تىزىغا تايىنىپ، ئېغىرلاشقان گەۋدىسىنى ئەستە كۆتۈرۈپ ئاستا تۇردى. پىكىرلىرى شۇنچىلىك چېچىلغان ۋە قالايمىقان ئىدىكى، كاللىسىغا قانداق ئويى-خىياللارنىڭ كىرىپ-چىقىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئۇ قىزغۇچ شوللار ئىچىدە خۇددى خىيالىي، جانسىز گەۋدىدەك مۈكچىيىپ تۇراتتى. ئۇ شۇ ھالدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئىرەنسىزلىك بىلەن يېشىنىشكە باشلىدى ۋە كىيىملىرىنى قالايمىقان تاشلاپ قويۇپ ياتتى. نەپىسە كىنونى ئاخىرىغىچە — تېلېۋىزور ئېكرانىدىكى ئىككى ياشنىڭ نۇرغۇن خەتەر، پۇتلىكاشاڭلارنى يېڭىپ، مۇراد-مەقسەتلىرىگە يېتىپ، قايناق مۇھەببىتى بىلەن بىر-بىرىنى قۇچاقلاپ سۆيۈشۈشلىرىگىچە كۆردى-دە، ئۇنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئېرىنىڭ يېنىغا كىرىپ ياتتى. ئۇمۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىناتتى.
ياشلىقنىڭ ئۆزىگە خاس، يارىشىملىق شوخلۇقلىرى بولىدۇ. بىراق كۆڭۈل مەيلىنى يايرىتىدىغان قىلىقلار بۇ ئۆيدە نېمىشقا تېپىلمايدۇ؟ ھازىرغۇ قادىرجاننىڭ بۇ قېتىم ئىچكىرىدىن ئەچىققان ماللىرىدىن سەكسەن مىڭ سوم زىيان بولۇپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىدىچۇ؟ نەپىسەنىڭ قادىرجانغا تېگىپ، بۇ ئۆيگە كەلگىنىگە توققۇز ئاي بولدى، ھازىرقى ئىشلارسىزمۇ ئۇ كۆڭۈل مەيلىنى، شوخلۇق-ئېتىكلىكلىرىنى، ياشلىققا تەئەللۇق بولغان يارىشىملىق قىلىقلىرىنى تۇنجۇقتۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، زارىقىپ كۈتكەن نەرسىلىرىنى سېغىنىپ ئۆتۈۋاتىدۇ، كۈتكەن نەرسىسىگە ئېرىشەلمەسلىكنىڭ ئازابىدا تولغىنىۋاتىدۇ... بۇنى كىمگە ئېيتىپ، كىمگە يىغلىغىلى بولىدۇ؟ داۋاسىز دەرد دېگەن مۇشۇ ئەمەسمۇ!
— نېمانچىسىلا ئۇھ تارتىش بۇ، — دېدى قاتتىق يۇرۇختۇملۇقتا قالغان نەپىسە بوغۇلۇپ، — سودا دېگەندە بىردە

-ۋنيان تارتىش، بىردە پايدا ئېلىش كۆ-
رۈلۈپ تۇرىدىغان ئىشقۇ...
قادىرجان خوتۇنىغا ئالىيىپ قارىدى.
— سەكسەن مىڭ سوم دېگەن ئاز
پۇلمۇ؟— دېدى ئۇ،— بورداشقا قوي ئال-
ساڭ، ئورۇق قويدىن ئىككى مىڭى كېلىدۇ،
ئىككى مىڭ قوي بەش - ئالتە قورۇ بولىدۇ،
بەش - ئالتە قورۇ قويى بار ئادەم كاتتا
چارۋىدار ھېسابلىنىدۇ. كاتتا چارۋىدار
بولۇپ مېلىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك
ئىش بۇ!
نەپىسە ئۇنىڭغا ياتلىق بولىدىغان
چاغدا تېشىپ تۇرغان دۇنيا ئىچىدە
غەمسىز، يايراپ ئۆتىمەن، ئۆمۈر بويى
ماڭا يوقسۇزلۇق، قايغۇ - ئەلەم ھەمراھ
بولالمايدۇ، دەپ ئويلىغان بولغىيتتى. ئۇ
مۇشۇ ئۆيگە كىرگەن كۈندىن باشلاپلا
يېشى يەتكەن ئادەمنىڭ ئۆزىگە ھەرگىز
مۇھەببەت ئاتا قىلالمايدىغانلىقىنى بىلگەن،
ئەمما بوپتىلا، نامراتلىقتا پۇچۇلانغان
كۆڭلۈمنى پۇل - دۇنيا بىلەن خۇش قىلىپ
ئۆتىمەنغۇ، دەپ ئۆزىگە تەسەللى
بەرگەنىدى.
مانا ئەمدى يوقلۇق - يوقسۇزلۇقنىڭ
دەردىنى تارتمىغان بىلەن قايغۇ - ئەلەمدىن
قۇتۇلالمايۋاتىدۇ، پۇل - دۇنيانىڭ راھىتى-
دىن كۆرە ھەسرىتى ئېغىر بولىدىغانلىقىنى
ھېس قىلىۋاتىدۇ، مۇشۇنداقلا بولسا، بۇ
ئۆينىڭ ئارزۇلىغۇدەك نېمىسى قالدۇ.
ئارزۇلىغان نەرسىلىرىنىڭ تەتۈرسى بولى-
دىغانلىقىنى ئۇ خىيالغىمۇ كەلتۈرۈپ باق-
مىغانىدىغۇ...
— بولغۇلۇق بولدى،— دېدى نەپى-
سە ئاچچىقى بىلەن،— ئۇھ تارتقاننىڭ
نېمە پايدىسى ئۆمۈرنى خورىتىپ.

— دەۋاتقان گېپىڭنى قارا، ئۇھ
تارتماي مۇمكىنمۇ، يۈرەك - باغرىڭ كۆ-
يۈپ كېتىۋاتسا...
ئىككىسى جىمىپ كەتتى، جىمىپ كەتكەن
بىلەن ئىككىسى ئىككى خىل خىيالدا تول-
غىنىۋاتاتتى: بىرى مۇھەببەتكە زار بولۇپ
ئازابلىنىۋاتسا، بىرى پۇل - دۇنيا ئىشقىدا
كۆيۈۋاتاتتى.
ئەتىسى ئۇلار ئۇيقۇسىزلىقتىن قاپىقى
ئىششىپ، چىرايلىرى سالپايغان ھالدا
بىللە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. ئېرى بازار-
غا چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، نەپىسەمۇ
كوچىغا چىقىپ كەتتى.

*　　*

تىرىشىپ - تىرمىشىش، چارە - تەدبىر-
لىك بولۇش تۇرمۇشنى ياخشىلاشنىڭ
يولى. تۇرغان بىلەن ئايتۇرغان بار-
يوقى ئىككى يېرىم مو يېرىگە بۇغداي
تېرىش بىلەن تۇرمۇشنى ياخشىلاپ كەت-
كىلى بولمايدىغانلىقىنى، قوشۇمچە كۆكتات-
چىلىق قىلىشنىڭ لازىملىقىنى ھېس قىلىش-
تى. شۇڭا ئۇلار بىر يېرىم مو يېرىگە
كۈزگى بۇغداي تېرىپ، بىرمو يېرىنى
ئېپىقالغان. بۇگۈن ئەتىيازنىڭ يىللىق
ئاپتىپى يەر - جاھاننى ئوبدانلا قىزىتقان
كۈنى ئىككىسى بىرمو يېرىگە لازا - پەمى-
دۇر كۆچۈرۈشنى، ھويلىسىنىڭ ھەممە يې-
رىگە جاڭدۇ تېرىشنى مەسلىھەتلىشىپ
ئولتۇرغاندا، ئىشىك ئالدىغا بىر كىچىك
ماشىنا كېلىپ توختىدى - دە، ھايال بول-
ماي قورۇغا چىرايلىق كىيىنگەن ياش
بىر ئايال كىرىپ كەلدى.
— ۋوي... نەپىسە، بارمۇ سەن!—



ئايتۇرغان ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە كېلىشىدىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى.

— مېنى يوقلاپ قويايمۇ دېمەيسەن، مەن يوقلاپ كەلدىم سېنى، قانداق ئەھۋالىڭ؟

ئايتۇرغان بىلەن نەپىسە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. نەپىسەنىڭ كىيىم - كېچەكلىرىدىن تارقالغان ئۆتكۈر ئەتىر پۇرىقى ھويلىنى بىر ئالدى. ئايتۇرغان ئۇنى ئۆيگە باشلىدى.

— باي ئاكىنىڭ ئەھۋالى قانداقراق، نەپىسە؟ — تۇرغان ئادەت يۈزىسىدىنلا سوراپ قويۇۋىدى، نەپىسە سۆزلەپلا كەتتى:

— قويۇڭ، بايلىقى قۇرۇسۇن، سودىگەر دېگەن ئاجايىپلا بىر تائېپكەن، بىر زىيان تارتسا، بىرلىك ئېتىمدىن چۈشۈپ كېتىدىكەن. بۇ قېتىم چوڭراق زىيان تارتتۇۋېدى، بىر قېرى تېخىمۇ قېرىپ تۈگىشىپلا كەتتى.

ئۈچەيلەن تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

نەپىسە ئايتۇرغاننىڭ تۇتقان ئۆيگە سەپسالدى. ئۆي ئىچى قۇرۇق دېگۈدەكلا ئىدى. ئۆيگە ئىككى پارچە تىتىلىپ كەتكەن كىگىز سېلىنغان، سىرى ئۆچۈپ كەتكەن ساندۇق ئۈستىگە كونا ئورۇن-كۆرپىلەر تىزىپ قويۇلغان، ئۇيۇقتا بىر نەچچە تال چىنە - قاچا تۇراتتى. ئۆي ئىچى يىللىق، پاكىز ئىدى. نەپىسە خىيالغا كەتتى: ئۇنىڭ قورۇسىدىكى خىزمەتچى خوتۇننىڭ ئۆي جاھازىلىرىمۇ بۇ ئۆينىڭكىدىن ياخشىراق ئىدى. شۇنچىلىك نامراتچىلىق يېغىپ تۇرغان بۇ ئۆيدە ياشاۋاتقان تۇرغان بىلەن ئايتۇرغاننىڭ چىرايلىرىدا نە غەمكىنلىك - مەيۇسلۇك، نە ھەسرەت، قايغۇ ئەكس ئەتمەي، شادلىق، مەغرۇرلۇق يېغىپ تۇرغانلىقىغا ئۇ ھەيران قالدى: توۋا، مۇنۇ ئايتۇرغاننىڭ تۇتقان ئۆيىنى، مېھمان كەلسە باشلىغۇدەك يەنە بىر ئېغىز ئۆيىمۇ، تارتىپ سالغۇدەك يېڭىراق بىر پارچە كىگىزىمۇ، تۆت ئادەم كەلسە چاي بەرگۈدەك چىنە - قاچىسىمۇ يوق ئىكەنا، ئۇنىنچى سىنىپنى تۈگىتىدىغان يىللى قىزلار بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۆي-ئوچاقلىق بولساق، كىشىلەرنىڭ ھەۋسى كەلگۈدەك ئۇنداق ئۆي تۇتىمىز، مۇنداق ئۆي تۇتىمىز، دېيىشىپ كېتىشۈدۇق، ئارزۇ-ئارمانلىرىمىز شۇنچىلىك كۆپ، گۈزەل

ئىدى. بۇنىڭ ئۆيىدە ئاشۇ ئارزۇ-ئارمانلارنىڭ قىلچىلىك دىدارىنىمۇ كۆرگىلى بولمايدىغۇ...

تۇرغان هويلىغا چىقتى.

— قانداق قىلارسىز، ئۆيدە گۆشمۇ يوق، قۇرۇق چاي بېرىمىزمۇ؟ — دېدى ئۇنىڭ كەينىدىن هويلىغا چىققان ئايتۇرغان.

— تۇخۇممۇ يوقمۇ؟

— ئەتىگەن ئۆيدە بار تۇخۇملارنى ماگىزىنغا ئۆتكۈزۈپ چاي ئېلىپ كېلىۋىدىم... هە، توختاڭ، مېنى لاپاسقا چىقىرىپ قويىڭە، ئۆتكەندە شۇ يەردىن بەش-ئالتە تال تۇخۇم تېپىپ چۆشكەنىدىم.

تۇرغان ئايتۇرغاننى لىككىدە كۆتۈرۈپ، تامنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قويدى. ئۇ ئەمتىلەپ مېڭىپ، لاپاسقا چىقتى، چېچىلىپ كەتكەن قۇرۇق چۆپلەر ئارىسىدىن ئىككى دانە تۇخۇم تاپتى-دە، خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە يېنىپ تامنىڭ ئۈستىگە كېلىپ:

— ئەمدى قانداق چۈشەرمەن؟ — دېدى تۇرغانغا كۇلۇپ قاراپ.

— قورقما، ئۆزۈڭنى ماڭا ئات.

ئايتۇرغان راستتىنلا ئۆزىنى ئاتتى-دە، بىر قولىدا تۇرغاننىڭ بويىنىغا گىرە سېلىپ، پۇتىنى يەرگە قويدى.

نەپىسە دېرىزىدىن ئۇلارنى كۆرۈپ ئولتۇرغانىدى. ئۇ ئەر-خوتۇنچىلىق تۇرمۇشىدا باشقىچە بىر روهىي هالەتنى — ئۆزلىرىدە زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان مەنزىرىنى كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ كۆرگىنى تۇرغان بىلەن ئايتۇرغان ئىككىسىنىڭ كۈچلۈك ئىشتىياقى، جاسارەت-جۈرئەتكە ئىنتىلىگەن ياشلىقى، ياشلىقنىڭ شوخ، قايناق مۇهەببىتى، بىر-بىرىنى هەقىقىي ئىنسان سۈپىتىدە كۆرۈۋاتقانلىقى هەم بىر-بىرىگە كۆرسىتىۋاتقان مېهرىبانلىق، هۆرمەت، كۆيۈمچانلىق ئالامەتلىرى ئىدى. نەپىسە ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى مەنىسىز، لەززەتسىز ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىنى، ئەڭ قىممەتلىك مەزگىلىنى شامالغا ئۇچۇرۇۋاتقانلىقىنى هېس قىلىپ چوڭقۇر تىنىدى ۋە بەدەن-بەدەنلىرىدىن خورلۇق، ئازابلىق هېس-تۇيغۇلارنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقىنى ئېنىق سەزدى. شۇنىدىلا ئۇ بايىقى سوئاللارغا جاۋاب تاپقاندەك بولدى ۋە بىر نەرسىنى چۈشەنگەن قىياپەتتە بېشىنى مەنىلىك لىڭشىتتى. شۇنىڭدىن كېيىن نەپىسەنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپلا كەتتى، چاي ئىچىۋېتىپمۇ، ئايتۇرغاننىڭ كۆڭۈللۈك سۆزلىرىنى ئاڭلاۋېتىپمۇ زوۋان سۈرمەي، ئازابلىنىپ ئۇ تارتتى ۋە بۇ يەردىن تېزرەك چىقىپ كېتىشكە ئالدىرىدى.

4

تۇرمۇشتىن زارلايدىغانلارمۇ، يايرايدىغانلارمۇ بولىدۇ. لېكىن بۇنى تۇرمۇش مەئىشتىنىڭ قانداقلىقى بەلگىلىمەيدۇ. باياشات تۇرمۇش كۆچۈرۈۋېتىپمۇ قاقشاپ ئۆتىدىغانلار، نامرات تۇرمۇش كۆچۈرۈۋېتىپمۇ يايراپ ئۆتىدىغانلار بولىدۇ. بۇنىڭغا هەيران قېلىش هاجەتسىز. ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىنسانلار شۇنداق ياشاپ كېلىۋاتامدۇ.

بەش يىل — كىشىلەرگە ئوخشىمىغان، هەر خىل قىسمەتلەرنى ئاتا قىلغان بەش يىل غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. تۇرغان بىلەن ئايتۇرغاننىڭ تۇرمۇشىدا ئانچە زور ئۆزگىرىش بولمىدى. بولدى دېيىلسە، ئۇلار هازىر ئىككى بالىلىق بولدى. ئالتۇن هالقا بىلەن ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈكنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

سېتىپ ئالغان سېمىز بىر تايىنچا، بىر موزاي قوشۇلدى. ئايتۇرغان سىرىلىپ - جۇدەپ قالدى. مەڭزىدىكى قىزىللىقمۇ يوقاپ، پېشانە، ئېڭەكلىرىگە بىرنەچچە تال سىزىقلار تارتىلدى. دادىسى ھازىرغىچە پەيلىدىن يانمىغاچقا، ئۆز ئۆيىگە بارالمايتتى. دادىسى يوق چاغلاردا ئانىسى يوشۇرۇنچە كېلىپ قىزىنى يوقلاپ كېتەتتى. تۇرغاننىڭمۇ مەڭزى ئىچىگە كىرىپ، چىرايى قارىداپ قالدى. ئەمما ئۇلار ئۆتكەن كۈنلىرىدىن زارلانمىدى، كىشىلەرگە ھال ئېيتمىدى، تۇرمۇشنىڭ ئاخىر بىر كۈنى ياخشىلىنىشىغا ئىشەنچ قىلغاچقا، چىرايلىرىدا ھەمىشەم ئۈمىدۋارلىق، جۇشقۇنلۇق ئەكس ئېتىپ راتتى.

ئاخىر ئۇلار ئاز يەر بىلەن، ئاشلىق ئېرىش بىلەن تۇرمۇشنى ياخشىلاشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى، بىر ئىلاجى قىلىپ يەر كۆپەيتىش لازىملىقىنى، تېرىقچىلىق قىلىشتا، بولۇپمۇ كۆكتاتچىلىقتا بۇرۇندىن كېلىۋاتقان، مۇقىملىشىپ قالغان كونا ئادەتلەرگە يېپىشىۋالماي، يېڭى ئۇسۇللارنى ئىككىلەنمەي قوبۇل قىلىش ھەم ئۇنى ئىشلىتىش كېرەكلىكىنى ھېس قىلىشتى.

— ئۈمىدسىزلىك كىشىنى چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارىدۇ، — دېدى ئايتۇرغان ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن تۇرغانغا، — راست، تۈزۈك روناق تاپالمىدۇق، ئەمما بوشىشىپ كەتسەك بولمايدۇ. پەمىدۇر كۆچىتىنى بەشىنچى ئايدا كۆچۈرسەك قانداق روناق تاپىمىز؟

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتىمەن، — تۇرغان گېزىت قەغىزىدە قوپال ئورالغان كۆك تاماكىسىنى ئۇتاشتۇردى، — بازاردا پەمىدۇرنىڭ بىر كىلوسى يىگىرمە تىيىنغا چۈشكەندە، بىزنىڭ ئاران پىشتى، ئۇ يېڭى چىققاندا بەش سوم ئىدى.

— دېھقانلارنىڭ يېڭى يولدا مېڭىشى، يېڭىلىقنى قوبۇل قىلىشى تەس، راۋاللىشىپ قالغان يولدىن چىققۇسى كەلمەيدۇ، ئىلگىرىلىيەلمىسە، ئۇنى ئۆزىدىن كۆرمەيدۇ. بىزمۇ بىلىپ تۇرۇپ ئۈچ - تۆت يازنى شۇنداق ئۆتكۈزىۋەتتۇق - قۇ.

— راست، بۇرنىمىزغا ئەمدى سۇ كىردى، بولدى، كىگىز ئالىمىز دەپ يىغقان پۇلغا سۇلياۋ يوپۇق ئالايلى. قار كەتتى، ئېتىزلار قارايدى، لازا - پەمىدۇر كۆچىتىنى ھازىر تىكىپ يوپۇق ياپساق، جۇدۇن - چاپقۇن، توقاللاردىن ئامان قېلىپ، بىزنىڭمۇ پەمىدۇرلىرىمىز بالدۇر پىشامدۇ. يەنە بىر گەپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت شورلۇق جىلغىنى مېنىڭ يەر قىلىۋېلىشىمغا بەردى. كۆچىنىپ بىر ھەپتە ئىشلەپ، جىلغىنىڭ ئاستىنى تۈزلەپ، يانباغىرىدىن ئىككىدىن ئېرىق ئالسام، تۆت مودىن جىقراق ياخشى يەرگە ئايلىنىدۇ.

— ئۇ يەر شورلۇق تۇرسا؟

— ئىككى قېتىم سۇ ئاققۇزۇۋەتسەك، شورنىڭ ھېچنېمىسى قالمايدۇ. سورتلۇق شاپتۇل كۆچىتىنى تىكەيمىز، ئىككىنچى يىلى مېۋىگە كىرىدىكەن، ئۈچىنچى يىلى خېلىلا ياخشى ھوسۇل بېرىدىكەن، بۇ مەشۇر بوۋاينىڭ مەسلىھەتى.

ئايتۇرغاننىڭ كۆز ئالدىدا روناق تېپىش — تۇرمۇشنى ياخشىلاشنىڭ پارلاق يولى، گۈزەل مەنزىرىلەر ئېچىلغاندەك بولدى، ھېلىقى كېچىككىنە شورلۇق جىلغىدا كاتتا شاپتۇللۇق باغ بىنا بولغاندەك، ھەممىدىن بۇرۇن پەمىدۇرلىرى قىزىرىپ، پىشىپ كەتكەندەك، غايىبانە گۈزەل مەنزىرىلەردىن

كۆزلىرى قاماشتى، ھاياجانلاندى...
ئۇنىڭ تۇرغان بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق
بولغىنىغا بەش يىل بولاي دەپ قالدى.
ئۇلار تېرىقچىلىقنى ھەر يىلى يېڭى بىر
ئۈمىد بىلەن باشلايتتى. ئېتىز - ئېرىق ئىش-
لىرى يېغىشتۇرۇلغاندا، قاداق باسقان قول-
لىرى ئۈمىد قىلغىنىدەك تۈزۈككىنە پۇل
كۆرمەيتتى. ئۈمىدىنى ئىككىنچى يىلغا باغ-
لايتتى، يەنە شۇ بۇرۇنقى ھالەت كۈرۈلەت-
تى. شۇ تەكرارلىنىشلار مانا بەشىنچى يىل-
نىڭ تېرىقچىلىق مەۋسۇمىغا ئۇلاشتى، لې-
كىن ئۈمىدى ئۈزۈلمىدى. ئۇلار ھەر بىر
يىلغا يېڭىدىن - يېڭى ئىشەنچ بىلەن كىرىپ
كەلگەنىدەك، بۇ يىلقى تېرىقچىلىققىمۇ يېڭى
ئۈمىد، ئىشەنچ بىلەن كىرىپ كەلدى.

تۇرغان ئېتىزغا چىقىپ كېتىپ، ئاي-
تۇرغان قاچا - قومۇچلارنى يۇيۇپ ئولتۇرغان-
دا، ھويلىغا تېتىك قەدەملىرى بىلەن نەپى-
سە كىرىپ كەلدى. ئۇ روھلۇق، خۇشال
ئىدى. ئايتۇرغان ئۇنى خۇشال قارشى ئال-
دى. ئىككىسى پاراڭ بىلەن خېلى ئۇزاق
ئولتۇرۇپ قالدى.

— كۈنلىرىڭ قانداق دەمسەن؟
ئېرىم يەتمىش ياشقا كىرەي دېدى، ئۇ ھازىر
ھالسىز بوۋاي. ھالسىز بوۋاي بىلەن ئۆتۈ-
ۋاتقان كۈنلىرىم قانداق بولاتتى، — ئايتۇر-
غاننىڭ ئۆيىگە يەنە قىزىل پىكاپىغا ئولتۇ-
رۇپ كەلگەن نەپىسە چاي ئىچىپ ئولتۇ-
رۇپ ھېچقانداق ھېيىقماي، قورۇنماي،
ئۇنىڭ سوئالىغا چاكىنىلاپ جاۋاب بەرمەكتە
ئىدى، — سەن يىرگىنىدىغان ئىشلارنىڭ ھەم-
مىسىنى قىلىۋاتىمەن. شۇنداق قىلماي ئىلا-
جىم يوق، دوستۇم. ئۇ قېرىغا تەگكەن كۈ-
نۈمدىن باشلاپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەپ-
رىتىگە ئۇچرىغانىدىم، نەپرەتلەنگەنلەر
ئەسلىدە ماڭا كۆيۈنگەنلەر ئىكەن.

نەپىسەنىڭ بۇ ئۆيگە كەلمىگىنىگە
ئۈچ يىل بولغان. ئۇ ھازىر بۇرۇنقى نەپى-
سە ئەمەس، پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.
ھېلىقى چاغلاردا چىرايى، يۈرۈش - تۇرۇش-
دا ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان غەمكىنلىك -
مەيۈسلۈكتىن ئەسەرمۇ قالماپتۇ. شۇن-
داق سۆزمەن، چاكىنىلاق، ئەركىن بولۇپ
كېتىپتۇ.

— نېمىلەرنى دەۋاتىدىغانسەن، نەپى-
سە، — دېدى ئايتۇرغان ئۇنىڭ چۆرىسى كۆ-
كىرىپ كەتكەن كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قاراپ، —
دېگەن گەپلىرىڭگە مەن ھەيرانلا قېلىۋاتى-
مەن، ئۆزۈڭ نەپرەتلەنگەن ئىشنى قانداق-
مۇ قىلغىلى بولىدۇ؟

— سەن ھەيران قالىدىغان ئىشلار
كۆپ، دوستۇم، پۇل - دۇنيالىرىم يېتىپ - ئاش
قۇدەك بار، قولۇمنى قاياققا سوزسام، ش-
ياققا يېتىدۇ، مۇھتاجلىق كۆرمەي ياشاۋات
مەن، بىراق ماڭا مۇھەببەت، لەززەت بېرى-
دىغان ئادىمىم ھالسىز، خۇددى قورۇپ كې-
تىۋاتقان قېرى قارىياغاچتەك تۇرسا، قانداق
قىلاتتىم. ئىككى يىگىتىم بار، شۇلار بىلەن
ئوينايمەن، ئۇلارغا پۇل بېرىمەن...

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، كۆزلىرى پارقى-
راپلا قالغان ئايتۇرغان ياقىسىنى تۇتتى.

— ياقاڭنى تۇتىسەنغۇ، — دېدى نەپىسە
سۇس كۈلۈمسىرەپ، — بېشىڭغا كەلمىدى،
بىلمەيسەن، يا شۇنداق قىلماي قانداق قىلى-
مەن، يا ئۇنىڭدىن كۆڭلۈم سۇ ئىچمىسە، يا
ياشلىقىم تەلەپ قىلىدىغان نەرسىلەر ئۇنىڭدا
بولمىسا... ئىككى تەرەپ تەڭ ياخشى كۆرسە،
ئوتتۇرىدا مۇھەببەت پەيدا بولىدىكەن، مەن
ياخشى كۆرمەي، بايلىققا قىزىقىپ تەگكەن،
دادامدىن چوڭ ئادەمنى ياخشى كۆرۈشۈممۇ

مۇمكىن ئەمەستى، مانا ئاخىرى مۇشۇ كۈنـ
گە قالدىم.

ــ شۇنداق بولسىمۇ، ئۇ يولغا لېمىشـ
قا ماڭغانسەن، دوستۇم، ئەر دېگەن بىزگە
ئوخشىمايدۇ، قېرىپ كەتسىمۇ ئەرگۇ؟

ــ ۋاي، نېمە دەيدىغانسەن، ئۇنىڭدىن
كۈندۈزى كۆرۈدىغىنىم ئۇگدەك، كېچىسى
ئاڭلايدىغىنىم خورەك تۇرسا، شۇنداق قىلماي
نېمە ئىلاجىم؟ قىلچە ئۆكۈنۈشۈم يوق.

نەپىسە قورۇنماي، غەممۇ تارتماي
شۇنداق دېدى ـ دە، كەتمەكچى بولۇپ ئورـ
نىدىن قوزغالدى.

ــ ئولتۇر، بىر چاغلاردا پۇرچاق سالـ
غان سۈيۈقئاشنى ياخشى كۆرەتتىڭغۇ، شۇـ
نى ئېتىپ بېرىمەن.

ــ پۇرچاق سالغان سۈيۈقئاشقا ئامراقـ
لىقىم تېخى ئېسىمدە بار ئىكەن، شۇنداق
ئىچكۈم بار ئىدى، بىراق ئالدىرايمەن، سىـ
نى سېغىنىپ قاپتىكەنمەن. كۆرۈشۈپلا چىـ
قاي دەپ كېلىشىم، بارىدىغان يېرىم بار،
ساقلاپ قالدۇ،ــ نەپىسە ئۆزىچىلا كۈلۈپ
كەتتى،ــ ياشلارنى ساقلىتىپ قويساڭ، ئۇنىڭـ
دىن ئايرىلىپ قالىدىكەنسەن، خوش.

ئايتۇرغان دوستىنى ئۇزىتىپ قويۇپ،
ئۆيگە يېنىپ كىردى ـ دە، كىچىك ئوغلىنى
قۇچىقىغا ئېلىپ، چوڭقۇر خىيال بىلەن
ئۆزۈندىن ـ ئۆزۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. ئۇنىڭ
يۈزىدە بىردە تاتىرىش، بىردە قىزىرىش
ئالامەتلىرى كۆرۈلسە، كۆزلىرىدە بىردە غەـ
زەپ ـ نەپرەت، بىردە ئازاب ـ ئېچىنىش ئۇچـ
قۇنلىرى چاقنايتتى. ئۇ ئاستا پىچىرلىدى:
مەن نامرات بولسىمۇ، كۆڭلۈم خالىغان ئادىـ
مىم بىلەن بىرگە بولغاچقا، نەپىسەنىڭ
ئاشۇ قىلىقلىرىدىن يىرگىنىۋاتىدىغاندىمەن،
كىم بىلىدۇ، شۇ كۈنگە مەنمۇ قالغان بولـ
سام، ئۇ باسقان قەدەمنى مەنمۇ بېسىشقا
مەجبۇر بولارمىدىم تېخى، بىچارە نەپىسە
ياخشى قىز ئىدى، بىراق پۇل ـدۇنياغا باش
ئەگدى، شۇنى دەپ ئەرگە تېگىپ، چۈشكۈنـ
لەشتى، كىشىلەرنىڭ يىرگىنىش، قارغىشىغا
قالدى... ئۇھ، كۆڭلۈم، ئىنسانلىق غۇرۇرىنى
يوقاتمىغان، پەس ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرگە بېـ
رىلمىگەن كۆڭلۈم، سەندىن خۇشالمەن، سېـ
نى ئەلا بىلگىنىم مېنى بۇلغىنىشتىن ساقـ
لاپ قالدى. شۈكرى خۇدايىم، شۈكرى،
ئۆمرۈم ساپ، تازا، پاكىز ئۆتۈۋاتىدۇ، كۈـ
لۈپ يايراۋاتىدۇ... مېنى كىم بايلىقى يوق
دەيدىكەن؟ ھەرقانداق زور ماددىي بايلىققا
تەڭلەشتۈرۈپ بولمايدىغان گۈزەل، قىممەتـ
لىك بايلىقىم بار!

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

ئەزىم ناسىر

# شېئىرلار

## ئورکېستىرسىز کۈي

بىر تىترەڭگۈ غازاڭ مەن
کۆل تۈۋىگە شىلدىرلاپ چۈشکەن.
شامىلدا سوغۇق کەچکۈزنىڭ،
قار ئاستىدا ئۇيقۇغا کەتکەن.
قارىچۇقلاردا سۇنغان باھارمەن
ئۇسسۇل ئويناپ يالىڭاچ کۆيگە.
کۆل بولۇشقا تەشنا ئاشقمەن
لەۋلىرىدە قۇياشنى ئۆپکەن.

بىر ناخشىمەن ئورۇندالمىغان
شەبنەملەرگە سىڭىشىپ کەتکەن.
بىر بۇژغۇنمەن کۆۋەجەپ تۇرغان
دولقۇنلارغا کىرىشىپ کەتکەن.
بىر خىيالمەن جىمجىت کېچىدە
پەيدا قىلىپ ئازاب يۈرەکتە،
بۇلۇتلارغا مىنگىشىپ کەتکەن.

بىر ئاچا يول مەن
ھەر تەرەپکە بۆلۈنۈپ کەتکەن.
بىر تىلەمچى مەن،
تەلۋە مەجنۇن مەن
قاراڭغۇدا دېرىزە چەککەن.
کۆل لوڭقىسى مەن
سۇنىمي گۈللەر چىلاپ قويۇلغان.

بىر پىلىكمەن ياش تۆکۈپ کۆيگەن.

ياراتمايمەن سۇنئىي باھارنى
قىش کۆزىگە تېڭىپ قويۇلغان.
بىر ئاشقنىڭ ئۆيىدۇر قەلبىم
دېرىزىسى ئېچىپ قويۇلغان.
ئاجىز نۇرمەن
بىراق ئۇلۇغمەن
ئۆکچە، شاممەن يېقىپ قويۇلغان.

ياراتمايمەن سۇنئىي چېچەكنى
قوزغاتمىسا يۈرەکتە غەليان.
سېزەلمىسە باھارنى قەلبىم
سانىمايمەن ئۆزۈمنى ئىنسان.
ئۆلى پۈتکەن ئەکس سادا مەن
بارالمايمەن دېڭىزغا ئۇچۇپ،
بىر دەريامەن ئۆرکەشلەپ تۇرغان.

دوستمەن ياکى رەزىل رەقىب مەن
قىز قەلبىدىن سۆيگۈ تالاشقان.
چىڭگىلىکمەن ئوماق جىگدىنىڭ
پۇتىقىغا مەھکەم چىرماشقان.
بىر ئازابمەن ياکى کۆلکىمەن
قىز لېۋىگە لېۋىم چىلاشقان.

ھەممە نەرسە مەن...
گۆھەر مەن، تاشمەن.
باياۋانمەن ھەم يىللىق بىر ئۆي.
زىل ئاۋازمەن، رەزىل چۇقان مەن
ئوركېستىرسىز ئورۇندالغان كۈي...

## قانۇنىيەت

زاكىلاقسىز نۇر بۆشۈكلىرى
بۆلەنمىسە قۇياش شولىسى.
سولاشقاندا ئىلھام گۈللىرى
جەزىرىدۇر شائىر ھويلىسى.

قانسىرايدۇ قوياشسىز ئۇپۇق،
كوردۇر گويا يۇلتۇزسىز كېچە.
بىر ئۆلۈكتۇر يامغۇرسىز بۇلۇت،
دىۋاندۇر ئىگىسىز تامچە.

ئازاب بولماس ئۆلگەن يۈرەكتە،
ۋاپا بولماس شورلۇق كۆڭۈلدە.
ناخشا بولماس ئەرزان سۆيگۈدە
ھۇزۇر بولماس پۇراقسىز گۈلدە...

## مەڭگۈلۈك ئۇيقۇ

يوچۇن - يوچۇن تونۇشماس كۆزلەر
ئۇچرىشىدۇ قاۋاقخاندا.
كاۋاپداندا بارچە ئۈمىدلەر
بارچە ناخشا كۆك شىشىلەردە،
بارچە شادلىق قىمارخاندا...

كېلەر ئۇپۇق توپىلىق يولدا
مۆگدەك باسقان قۇياشنى يۈدۈپ.
ئىسى كەتكەن ھارغىن بىر ھايات
بوۋايلاردەك كېلەر مۈدۈرۈپ.

ئۇچرىشىمىز قىمارخاندا
دۆۋە - دۆۋە پۇللار ئۈستىدە.
ئۇچرىشىمىز قاۋاقخاندا
ئامەت كېلىپ قالغان كېچىدە.

توڭلاتقۇدا قاتقان ئۈمىدلەر
قاراپ قويار كۆزلىرىمىزگە.
ھايات بۆكۈن ئوماق باشقىچە
لېۋىمىزگە يېقىپ لېۋىنى
سۆيۈپ قويار يۈزلىرىمىزگە.

تاۋكادا بارچە ئۈمىدلەر
بارچە قوللار يۈرەك ئۈستىدە.
بارچە شادلىق قاۋاقخاندا
بارچە ناخشا كۆك شىشىلەردە.

قەدەھلەردە چايقالسا دۇنيا
قۇياش بىزگە قاراۋاتامدۇ؟
بىز ۋاقىتسىز قالدۇق مەست بولۇپ
ھايات بىزنى قاغاۋاتامدۇ؟
تاۋكادا قاپتۇ بەختىمىز
مەست بولمىغان يوچۇن بىر ناخشا،
بىزگە قاراپ سۆزلەۋاتامدۇ؟!

ناخشا بىزنى كۆلدۈرەلمەيدۇ،
ھايات بىزنى سوتلىيالمايدۇ.
بىز ئۇيقۇچان بەختىيار مەستلەر
قۇياش بىزنى ئويغىتالمايدۇ!...

## قىممەتلىك ئاينىش

سانجاق - سانجاق ناخشا ئورمىنى
ئېقىپ چۈشتى يۇلتۇز كۆزىدىن.

ئۇپۇق كۆزى قىزىرىپ قاپتۇ،
قۇياش گۈزەل قىز بولۇپ قاپتۇ.
كۆلۈمسىرەپ قارايدۇ بىزگە

سېلىش ئۈچۈن قۇرۇق ئېمىزگە.
قانات قېقىپ ئالدامچى شۆھرەت،
قولدى ئەنە كىرپىكىمىزگە.
زەر يالاتقان ھەسەت ئۈچقۇنى
مۆكۈنمەكتە كۆزلىرىمىزگە.

ئىسمىمىزنى قالدۇق ئۇنتۇلۇپ،
يۈرىكىمىز قان تولغان بۇلاق.
بىز كىملەرنى قىلدۇق مەسخىرە
ھايات بىزگە قويماقتا سوراق.
غاجىلايمىز ئۆز - ئۆزىمىزنى
قىزغىنىمىز بىر - بىرىمىزنى
كۆڭلىرىمىز ئۆتىدۇ شۇنداق ...
شۇنچە گۈزەل تۇرسىمۇ دۇنيا
قىيىن ئىكەن ئەجەب ياشىماق.

ناخشا تېمىپ تۇرار كۆزلەردىن
سەمىمىيەت كۆتۈرسە چۇقان.
نۇرلاندۇرۇپ سانسىز يۇلتۇزنى،
مارجان قىلىپ تۈنىنىڭ بوينىغا
ئېسىپ قويار نېمىشقا ئاسمان؟
پارلاپ تۇرار شەبنەم ھەمىشە،
بۇلبۇل نېچۈن شۇنچە غەزەلخان.

ناخشا ئېيتار زۇمرەت بۇلاقلار
كۆلەر ئەجەب مېھىرلىك قوياش.
زېمىن شۇنچە ياشىرىپ قاپتۇ
يەلكىسىدە كۆتۈرۈپ تاغنى
دەريالارنى ئېتىدۇ ھاپاش.
بىز يۈرەمدۇق ئېغىر يۈك بولۇپ
ئېتەلمەستىن زېمىننى باغاش؟!

يىلان خۇيلۇق بولۇپ قالدۇق بىز،
باھار كەلسە ئۇماق قارلىغاچ
ئۆيىمىزگە كېلىپ قويارمۇ؟

بىز قەيەردە؟
لەدە ئۆيىمىز؟!
بىلەلمىسەك ئادرېسىمىزنى،
ئادرېسنى بېرىپ تۇرارمۇ؟!

سۆيۈپ قويسا ئۇماق شامالار
ئات يالىدەك يەلپۈنەر ئورمان.
كەتتۇق ئەجەب قىممەتلىك ئايىنىپ،
كۈلمەكتىمىز خىلۋەتتە پىنھان.
بىز كىم؟
بىزدە بارمۇ ھېس - سېزىم؟
ھايات بىزگە قويماقتا سوراق
ئىە، بىز ئاخىر قۇدرەتلىك ئىنسان!...

## سۆيۈلۈش قانۇنىيتى

بىر سۆيگۈ بار يۇلتۇز كۆزىدە
تېخى ھېچكىم بىلىپ باقمىغان.
تامچىلايدۇ سەھەر كۆزىدىن
چېچەكلەرنىڭ مەغزىگە پىنھان.

بىر ناخشا بار نازلىق چېچەكتە
بىر كۈلكە بار ئۇپۇق لېۋىدە.
بىر قۇياش بار شەبنەم بەرگىدە
تېخى ھېچكىم كۆرۈپ باقمىغان ...
...

سۆيۈلۈش بار ھەممە نەرسىدە ...
سۆيۈلىدۇ زېمىن قار بىلەن.
دەريا سۆيۈلەر شارقىراتمىدا،
سۆيۈلىدۇ بەخت جىلۋىسى
دەريا ئېيتقان ئويغاق ناخشىدا.

سۆيۈلىدۇ قوغۇنچى بوۋاي
قۇشلار ئېيتقان ناخشا لېۋىدە.

سۆيۈلىدۇ گۈزەل ئارمانلار
ئاددىيغىنە قىڭغىر ساتىمىدا ...

چىشلەپ كېلىپ باھارنى قۇشلار
تەكچىلەرگە قويىدۇ تاشلاپ.
سۆيۈلىدۇ يىڭناغۇچ كۆزى،
يالتىرىغان چېچەك بەرگىدە
سۈزۈك شەبنەم كۈلگەندە پارلاپ.

سۆيۈلىدۇ يۇلتۇز كىرپىكى
شولا بولۇپ يەرگە تۆكۈلۈپ.
سۆيۈلىدۇ شارقىراتمىلار
قۇش قانىتى بولۇپ يېيىلىپ،
چېچەك بەرگى بولۇپ ئېچىلىپ.

سۆيۈلىدۇ ياش قەترىلىرى
سۈزۈك بۇلاق مەڭزىدىن سىرغىپ.
سۆيۈلىدۇ گۈل پورەكلىرى
شەبنەملەرگە مەھكەم چىرمىشىپ.

سۆيۈلىدۇ ئادەملەر قەلبى
پاك سۆيگۈدىن يۈرەكلەر يىلىلىپ.
ئانىلار سۆيۈلەر ئاتا كۆزىدە،
بوۋاقلار سۆيۈلەر ئانا لېۋىدە،
ئارزۇلار سۆيۈلەر يۈرەكتىن ئېقىپ.

سۆيۈلۈش كۈتىدۇ سۈكۈت، تەبەسسۇم
ھەممە نەرسە سۆيۈلەر چوقۇم —

## شۇنداق دۇنيا بۇ

بىر تۇتام دۇنيا بۇ،
كۆزىگە چۆكسەڭ
سىرىنى تەلتۆكۈس بىلىپ چىقىسەن،
گاھىدا ئاقسەن كۆز ياش سېلىدە
گاھىدا قاقاقلاپ كۈلۈپ چىقىسەن.

بىر تۇتام دۇنيا بۇ،
ياشاش ئىستىسەڭ
گاھىدا قۇياشتەك پارلاپ كېتىسەن.
گاھىدا ئۈمىدلىك قانات قاقىسەن
گاھىدا ھاياتتىن زارلاپ ئۆتىسەن.

بىر تۇتام دۇنيا بۇ،
بىراق چېكى يوق
گاھىدا قاقشايسەن گاھى كۈلىسەن.
ياشاشقا مەجبۇرسەن، چوقۇم ياشايسەن،
ھەممىگە كۆنىسەن، ئاخىر كۆنىسەن.

بىر تۇتام دۇنيا بۇ،
پەقەت بىر تۇتام
ھەممىنى قىلىشقا كۆزۈك يېتىدۇ.
بەرگىنى بەكمۇ ئاز ئالغىنى نۇرغۇن
قىممەتلىك نەرسەڭنى ئېلىپ كېتىدۇ.

بىر تۇتام دۇنيا بۇ،
قاتتىق دۇنيا بۇ،
ئىنساننى ھەسرەتكە چىرماپ قويىدۇ.
ئۆزۈڭگە ئوخشىماي قالىسەن گاھى
مەڭزىڭنى ياش بىلەن بوياپ قويىدۇ.

بىر تۇتام دۇنيا بۇ،
چۈشەنسەڭ ئەگەر
ئەجرىڭگە مۇناسىپ بېرىدۇ گۆھەر.
ئالدىساڭ دۇنيانى ئالدايدۇ سېنى
ئالغىنى ھەسەل بوپ بەرگىنى زەھەر.

شۇنداق دۇنيا بۇ!
ئويغاق دۇنيا بۇ!
ئەخمەق دۇنيا بۇ!
قارغىش دۇنيا بۇ!..

ئەركىن نەزامى

## مۇھەببەتىم دەريا ساڭا

شوخ ناۋاكەش بۇلبۇللارنىڭ تىلى ئىلى،
ساڭا سادىق ئىلىلىقنىڭ دىلى ئىلى.
ئاستىڭ ئالتۇن، ئۈستۈڭ گۈلشەن ئالمىزارلىق،
باغۋەنلىرىڭ باغلىرىڭنىڭ گۈلى ئىلى.
سەن ئەمەسمۇ شەھەرلەرنىڭ كۆزى ئىلى،
گۈزەللىكنىڭ ئۆرنىكى ھەم خىلى ئىلى.

قاناتلاندىم تۇپرىقىڭغا باغرىم يېقىپ،
ئۆتتى يىللار، كەتتى تالاي سۇلار ئېقىپ.
قەھرىمانلىق داستانىدۇر كەچمىشلىرىڭ،
مىسكىن كۆڭلۈم شىپا تاپار ساڭا بېقىپ.
مۇھەببەتىم دەريا بولۇپ ئاقار ئىلى،
ھەر تىنىقىڭ دىلىغا چىراغ ياقار ئىلى.

ئانا مېھرى شەپقىتىڭنى ئېلىپ ئەسكە،
گۈل تىزىمەن ھەر باھاردا دەستە-دەستە.
قەھرىمانلار قەبرىسىنى قىلسام تاۋاپ
ئېھتىرامدا ئېگىلىدۇ بېشىم پەسكە.
گۈللە-ياشنا قېقىپ كۆكتە قانات ئىلى،
بەختىياردۇر سەندە بارچە ھايات ئىلى.

قايسى گۈلشەن ھۆسنى-لۇتفى سېنىڭچە بار،
قايسى ئاشىق مۇھەببەتى مېنىڭچە بار.
سۆيۈك بولۇر شىپا زەمزەم بىمارلارغا،
قايسى كاككۇك تىلى شېرىن تىلىڭچە بار.
بېرەلىسەم ئەقىدەڭگە جاۋاب ئىلى،
بولارمىدى بۇندىن ئارتۇق ساۋاب ئىلى.

تالاي ھېكمەت، كەشپىياتلار خەزىنىسى سەن،
سۆيگۈ-ۋاپا ئىناقلىقنىڭ نەزمىسى سەن.
ئۇدۇم ساڭا تا ئەزەلدىن پەنگە ھۆرمەت،
بۈيۈك ئالىم، ئەدىبلەرنىڭ بەزمىسى سەن.
قەلەم ئاجىز تەرىپلەشكە سېنى ئىلى،
يازغانلىرىم پەقەت مىڭدىن بىرى ئىلى.

تاغلىرىڭدا قانلىق جەڭلەر ئىزناسى بار،
سازلىرىڭدا ئەجدادلارنىڭ نىداسى بار.
مەرىپەتكە تەلپۈنگۈچى ئوغۇل-قىزلار،
ئارزۇسىدا ئەتىمىزنىڭ سىماسى بار.
كۆپتۈر تېخى ئويلاپ باقسام چالاڭ ئىلى،
تولدۇرۇشقا تەييار شائىر بالاڭ ئىلى.

ھاكىم مۇسا



# قەبرىگە تۆكۈلگەن ياش

(ھېكايە)

— ئادەم ئۆمرىدە ئاجايىپ - غارايىپ ۋەقەلەر ھەققىدە قىزىق گەپلەرنى ئاڭلايدىكەن، ھەر خىل ئىشلارنى باشتىن كەچۈرىدىكەن. لېكىن بۇلارنىڭ كۆپلىرى يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇپ كېتىدىكەن. ئەمما بۇنىڭدىن قىرىق نەچچە يىل بۇرۇن ئاڭلىغان مۇنۇ بىر ھېكايە تاكى ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمايدۇ ...

يۇرتىمىزدا تۇرداخۇن دەيدىغان بىر يېتىمچى ئادەم بار ئىدى. ئۇ دادام بىلەن خېلى يېقىن ئۆتەتتى. مەھەللىمىزدىكى ئادەملەر دادام بىلەن تۇرداخۇننىڭ يېقىن ئۆتىدىغانلىقىغا ھەيران ئىدى. چۈنكى دادام غەلىتە مىجەز، سەپرا ئادەم ئىدى.

ئۇ ئادەتتە بىرەر ئادەم بىلەن مۇڭدىشىپ، سىردىشىپ ئولتۇرمايتتى. مۇبادا بىرەرى ئىش ھەققىدە مەسلىھەت سوراپ قالسا، ئۇنىڭغا زادىلا ئۇدۇل جاۋاب بەرمەي، ئۇنىڭ سوئالىغا قارىتا سوئال سوراپ بىزار قىلىپ يولغا سالاتتى. ئۇ ئادەم رەنجىپ كېتىپ قالسا، مىيىقىدا كۈلۈپ خۇش بولاتتى ۋە ئۆزىچە: ئۇ ئىشنىڭ يولىنى بىلسەم بۇ كۈنگە قالامتىم، دەپ خاپا بولاتتى. ئەمما نېمىشقىدۇر تۇرداخۇن بىلەن خېلىلا ئۇچۇق - يورۇق سۆزلىشەتتى. بۇ دادامنىڭمۇ تۇرداخۇنغا ئوخشاش ئۆتتۈر كەلگەن ئىشنى قىلىدىغانلىقىدىنمىكىن ياكى بەزىدە ئانچە - مۇنچە قىمارمۇ ئويناپ قويىدىغانلىقىدىنمىكىن، بۇنىڭ

سىرىنى ئۇقمايمەن، ھەر ھالدا ئىككىسى ئەپ ئۆتەتتى.

تۇرداخۇن ئەتىياز بولۇش بىلەنلا ئۇنىڭ - بۇنىڭ كېسىكىنى قويۇش، قورۇق تاملىرىنى سوقۇش، ئورما ئورۇش، قىشلىقى بىرەرسىنىڭ جۇۋىسىنى ھەيدەش بىلەن، بەزى يىللىرى ئەتىيازدىن باشلاپلا بىرەر بايغا يالىنىپ ئىشلەش بىلەن كۈن ئۆت-كۈزەتتى. ئۇ ئىش بولسىلا باش تارتمايتتى، ئىش ھەققى ئۈستىدە تالىشىپمۇ ئولتۇر-مايتتى. شۇڭا ئۇنىڭغا ئىش تېپىلىپ تۇراتتى.

بىر كۈنى كەچقۇرۇن تۇرداخۇن بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ شۇ كۈنى جۇۋازدا قىچا تارتقاچقىمۇ، كۆزلىرى ئادەم قورققۇدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. دادام ئۇنى ئادىتى بويىچە سوغۇقلا «كەل» دەپلا قويۇپ، ئورنىدىن قىمىرمۇ قىلماي ئولتۇرۇۋەردى. ئۇمۇ دادامنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، ئىشەنچىلىكلا دادامنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلار گەپمۇ قىلىشماي بىردەم ئولتۇرۇشتى. دادام ناسۋال قاپىد-قىنى ئېلىپ، ئاغزىنى ئاچتى. تۇرداخۇنمۇ يېنىدىن ناسۋال قۇتىسىنى چىقىرىپ:

— مېنىڭكىنى چېكىپ باققىنا، شورچازىنىڭ كۆك تاماكىسىدىن ياسىدىم، — دەپ دادامغا سۇندى.

دادام ئۇنىڭ ناسۋىلىدىن ئالقىنىغا بىر چېكىم قويۇپ، ئاستىنقى كالپۇكى بىلەن چىشى ئارىلىقىغا ئەپچىللىك بىلەن جايلاشتۇردى، كالپۇكلىرى ئەتراپىغا يۇقۇپ قالغانلىرىنى تىلىنىڭ ئۇچى بىلەن يىغىشتۇرۇپ پۇرقۇۋەتكەندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر شېرىن نەرسىنىڭ تەمىنى ئېتىنۋاتقاندەك تامشىپ:

— [illegible] بولىدىكەن، — دېدى ۋە، ئۇلاپلا —

سەن بۇ يىل يەنە پايتىماڭنى تەتۈر يۆگەپ قەشقەردىكىگە كېتەلمەيدىغان ئوخشى-مامسەن؟ — دېدى.

— مېنىڭ مەيلىمچە بولسىغۇ، ھازىرلا كېتەتتىم. يۇرتتىن ئايرىلغىلى ئون نەچچە يىل بولدى، ئەمدىلىكتە ئىككى بارمىقىنى بۇرۇنغا تىقىپ بارغان بىلەن بولماس.

— ئۇغۇ شۇنداق، بىراق يېشىڭمۇ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئاتا - ئاناڭمۇ قېرىد-غاندۇ، شۇلارنىڭ دۇئاسىنى ئالساڭ-مىكىن دەيمىنا.

— «ئاتاڭغىمۇ بولسا ياخشى، ئاناڭ-غىمۇ بولسا ياخشى» دېگەندەك، قۇرۇق قول بېرىپ دۇئايىڭنى بەر، دېگەن بىلەن يۇرت ئالدىدا سەت - تە.

— ياكى مەشەدىلا ئۆيلىنىۋالامسەن - يا؟

— ياق، زادى ئۆيلەنمەيمەن.

— نېمىشقا؟ بورتالادا يۈرۈپ لاما بولۇپ كەتمەكچىمەسەن؟

تۇرداخۇن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ گەپ قىلمىدى، دادام چاقچىقىنى تۇر-داخۇن چۈشەنمىدى دەپ ئويلىدى بولغاي، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— موڭغۇللارمۇ بىزنىڭ قازاقلارغا ئوخشاش كۆڭلى تۈز، مېھماندوست خەق، مەن بۇرۇن ئۈزۈمنىڭ ئات - هارۋام بار چاغدا جىڭدىن تۈز توشاتتىم. تاپاۋەت يامان ئەمەس ئىدى. بىر قېتىم جىن ئۇرغاندەك، جىڭدا كېچىسى ئېتىمنى ئوغرى ئېلىپ كەتتى. ئېتىمنىڭ ئىزدىي-رىنى ئالىمەن دەپ ئۇ يەردە بىرنەچچە زامان تۇرۇپ قالدىم. ئۇ چاغدا ئاز - تولا هاراق ئىچىپمۇ قوياتتىم. شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئىنچەرمەن موڭغۇل بىلەن تو-بۇشۇپ قالدىم، ئۇلار ئەھۋالىمنى بىلىپ

بىر كۈنى مېنى ئۆزلىرى تۇرىدىغان يەرگە ئېلىپ باردى. كىچىككىنە ياخشى مېھمان قىلىپ، ئەتىسى ياخشى بىر ئاتنى مىنـ
دۈرۈپ يولغا سېلىپ قويدى. مەن بىر ئىلاج قىلىپ ئاتنىڭ ھەققىنى تۆلىۋەتـ
مەكچى بولغان بولساممۇ ئۇلار زادى ئالـ
غىلى ئۇنىمىدى. مەرتلىكىنى قارا. ئۇلارنىڭ قىزلىرى ناخشا ئېيتىدىغان بولسا، يۈرەكـ
باغرىڭنى ئېزىۋەتكۈدەك ئاجايىپ مۇڭلۇق ناخشا ئېيتىدىكەن. سۆزىنى بىلىدىغان بولساڭ، ئاشۇ ناخشا بىلەن ئۇستىخانلىـ
رىڭمۇ ئېرىپ كېتەمدىكىن دەپ قالدىم. پاھ، پاھ! ئۇنلىرى ئاجايىپ زىل.

مەن دادامنىڭ قىزلار، ناخشا ھەقـ
قىدە سۆزلىگىنىنى زادىلا ئاڭلىماپتىـ
كەنمەن. شۇڭلاشقىمۇ بۇ مېنىڭ داداممۇ، ئەمەسمۇ؟ دەپ ھەيران بولدۇم.

تۇرداخۇن ئېغىر ئۇھ تارتقان ھالدا يەنە ناسۇال چەكتى ۋە بېشىنى ساڭگىـ
لاتقىنىچە ئولتۇرۇپ قالدى.

دادام ئۇنىڭ ئەھۋالىنى كۆرۈپ:

— ھە، تۇنجۇقۇپلا كەتتىڭغۇ؟ نېمىشـ
قا ئۆيلەنمەيسەن؟ بىر سەۋەبى باردۇ؟

— تولىمۇ زىغىرلاپ سوراپ كەتتىڭ، مەن بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى تۇرداخۇن سەل تېتىكـ
لىنىشىپ.

مەن يۇرتىمىزدا ھال - ئوقىتى يامان ئەمەس بىر ئادەمنىڭ بالىسى ئىدىم. ئەمما دادام تولىمۇ جاھىل، ئاچچىقى يامان، دېـ
گەن سۆزىدىن زادىلا يانمايدىغان بىر ئادەم ئىدى. ئانام بىلەن بىز باللار دادامـ
نىڭ ھەر قانداق سۆزىگە غىرىڭ - پىرىڭ قىلالماي بويسۇناتتۇق، سەللا قوسۇر چىقارـ
ساق، بولدى، قولىغا قامچا چىقامدۇ، تاياق - توقماق چىقامدۇ، شۇنىڭ بىلەن قارا - قورـ
يۇق دۇمبالايتتى. شۇڭا بىز دادىمىزنىڭ دېگىنىدىن زادىلا چەتكە چىقالمايتتۇق.

مەن ئون بەش ياشقا توشا - توشمايلا دادام مېنى ئۆيلەپ قويدى. ئۆمرۈمدە كۆرـ
مىگەن قىز بالىكەن، كېيىن ئۇقسام، بىزـ
نىڭ يىراق بىر تۇغقىنىمىزنىڭ قىزى ئىكەن. بەئەينى چىغ يېگەن ئۆچكىدەكلا بىر نەرـ
سە. چىرايى بەجايىكى سېرىق مايمۇن، قىلىقلىرىمۇ مايمۇننىڭ ئۆزى. ئۇ زادىلا پىسەنتىمگە ياقمىدى. دادامدىن قورقۇپ ئۈچ ئايچە ئۇنىڭ بىلەن نائىلاج بىر ئۆيدە بولـ
دۇم. ئادەمنىڭ كۆڭلى دېگەن بۆلەك نېمىـ
كەن، ئاخىرى بولالماي، بىر كېچىسى ياـ
رەببىم دېدىم - دە، خوتۇنىنى ئۈچ تالاق دەپـ
لا ئۆيدىن چىقىپ كەتتىم. شۇ ماڭغانچە قەشـ
قەرگە كەلدىم. كىچىك ۋاقتىمدا دادام قەشقەرگە بىر قېتىم ئېلىپ كەلگەنىدى. ئويان چۆگىلەپ، بۇيان چۆگىلەپ يۈرۈپ ھېيتگاھنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالدىم، ئۇ يەرـ
دە چايخانىلار كۆپ بولىدىكەن. كىچىكرەك بىر چايخانىغا كىرىدىم، ئىككى - ئۈچ كۈن شۇ يەردە يېتىپ - قوپۇپ يۈردۈم. بىر كۈـ
نى ئەتىگەنلىكى چايخانىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرغان بىر نەچچەيلەننىڭ تاغ ئارقىسىغا چىقىدىغان پارىڭىنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلارـ
نىڭ دېيىشىچە، تاغ ئارقىسىدا پۇل تېپىش بەك ئاسان ئىمىش. يازىچە ئوبدان ئىشـ
لىسە، كۈزدە ياخشى ئاتتىن بىر - ئىككىنى ئېلىپ قايتىپ كەلگىلى بولىدىكەن.

مەن ئۇلارنىڭ سۆزىگە قىزىقىپ قالـ
دىم. نېمىشقا دېسەڭ، ياخشى ئاتتىن بىرەرـ
نى يېتىلەپ ئۆيگە كىرسەم، دادام بەلكىم ئاچچىقىدىن يېنىپ قالار، دېگەن ئويغا كەلدىم. شۇ نىيەت بىلەن ئۇلارغا

يالۋۇرۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى ئىلدىخوغا چىقتىم.
ھېلىقىلار دېگەن ئاسان پۇل تاپقىلى بو-
لىدىغان يەر نەدىدۇ، دەپ ئىزدەپ، ھېچ
نۆۋىشىنى ئالالمىدىم، ئاخىرى خاڭدىن ئىش
تاپتىم. قارىسام ئۇ يەردە ئىشلەيدىغانلارنىڭ
كۆپىنچىسى ماڭا ئوخشاش يېتىمچىلار ئىكەن.
ئۇ يەردە كۆرگەن كۈننى ئىتمۇ كۆرمەيدۇ
جۇمۇ، يەتمىش - سەكسەن غۇلاچ يەر
ئاستىغا جاننى ئالقانغا ئېلىپ چۈشۈپ ئىش-
لەيدىكەنسەن، بىر چۈشۈۋالساڭ ھەپتىلەپ،
بەزىدە ئايلاپ خاڭنىڭ ئۈستىگە چىقماي،
كۈننىڭ سىرتقىنى كۆرمەي ئىشلەيدىكەن-
سەن. تاپقان پۇلنى بىر ئاخشامدىلا قىمار-
غا سېلىپ بېرىپ، گاڭسا - جىسا بولىدى-
كەنسەن. ئۇ يەردىكىلەر قىمار ئوينىمايدى-
غانلارنى ئەركەك ھېسابلىمايدىكەن. بۇ
ئادەمنىڭ كۆڭلىگە تىك كېلىدىكەن. شۇنىڭ
بىلەن تاۋۇكاغا ئارىلىشىپ قالىدىغان گەپ
ئىكەن. مانا شۇنداق قىلىپ، ئۇ يەردە قى-
مارنى ئۆگىنىپ قالدىم. قىمارنى بىرلا ئۆگى-
نىپ قالغاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن قۇتۇلغىلى
بولمايدىكەن. ئۇتتۇرۇۋەتسەڭ، تېپىۋال-
ىمەن دەپ، ئۇتۇۋالساڭ، يەنە كۆپرەك
ئۇتىمەن دەپ، تاۋۇكا چۆكىلەپ يۈرۈۋېرى-
دىكەنسەن، ئۆزۈڭنى ئۇنىڭدىن قانچە تارتى-
ساڭمۇ، يەل يارىسىدەك ئۇدەپ تۇرىدىغان
ئوقەت ئىكەن. مېنىڭمۇ خېلىلا ئۇتتۇۋالغان
چاغلىرىم بولغان، بىراق قىماردا تاپقان
پۇل ئەسقاتمايدىكەن. بۈگۈنى ئۇتساڭ
ئەتىسى ئۈستەكلەپ سېلىپ بېرىدىكەنسەن.
بار تاپاۋەت جەزخور بىلەن بوتۇڭغىلا بو-
لىدىكەن. ئۇلار چوتۇر دەپ ئالىدىكەن،
ئۇنىسى كەتتى، بۇنىسى كەتتى دەپمۇ ئالى-
دىكەن، ئاخىرى پۇل ئۇلارغا سۈزۈلۈپ
قالىدىكەن. ئۇ يەردە پۇل تېپىشقا زادىلا
كۆزۈم يەتمىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە خاڭدا
كۈندە بوالمىسىمۇ، ھەپتىدە بىر قېتىم ھادى-
سە بولۇپ ئادەم ئۆلۈپ تۇرىدۇ. ئاخىرى
قورسىقىمغا بىر جىن كىردى، بۇ يەردە ئىش-
لەپ پۇل تاپىمەن دەپ ئۆلۈپ بەرمەي،
ياخشىسى، باشقا ئىش قىلاي، دەپ بورتالا
تەرەپكە ئۆتۈپ كەتتىم. ئۇ يەردىمۇ بىر-
نەچچە كۈن تەمتىرەپ يۈرۈپ، ئاخىرى بىر
يۇرتلۇقىمغا ئۇچراپ قالدىم. ئۇ ئەھۋالىمنى
بىلىپ، ئۆزى ئىشلەۋاتقان بىر باي موڭغۇل-
غا مالايلىققا تونۇشتۇرۇپ قويدى. دەسلى-
پىدە باينىڭ قورۇسى بىلەن ئات ئېغىللىرى-
نى تازىلاپ يۈردۈم. ئىشنى قۇۋلۇق - شۇملۇق
قىلماي ئىشلىگىنىم بايغا ياراپ قالدىم.
شۇنىڭ بىلەن ئۇ مېنى يىلقىچى قىلىپ
ئالدى، يىلىغا بىر ئات، بەش قوي بېرى-
دىغان بولدى. بۇ ئوبدان تاپاۋەت - تە
ئۇنداق ھەقنى كەم بېرىدۇ. مېنىڭ ھېلىقى
يۇرتلۇقۇم جۇۋاز ھەيدەيدىكەن، مەن بوش
ۋاقتلىرىمدا ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ، جۇۋاز
ھەيدەشنى ئوبدانلا ئۆگىنىۋالدىم. كېيىنكى
يىلى ھېلىقى يۇرتلۇقۇم باي بىلەن ھې-
ساب - چوت قىلىپ، بىراقلا يۇرتقا قايتىپ
كەتتى. شۇنىڭ بىلەن باي مېنى جۇۋاز ھەي-
دەشكە يۆتكىدى. مانا شۇ جۇۋازخانىدا ئون
نەچچە يىل ئىشلەپ قالدىم. ئۇلارمۇ مېنى
ئېرى تۇر دېمىدى، ئۆزۈممۇ ئۇلارغا ئىچى-
كىنىشىپ قالدىم. خاڭدىن ماڭاردا ئۆزۈم
كۆڭلۈمدە، ئىككىنچى قىمار ئوينىمايمەن'
دېگەن بولسامىمۇ، يۇرتلۇقۇمنىڭ دەۋىتى
بىلەن دەسلەپتە ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن، كې-
يىنچە شۇ يەردىكى بىرنەچچىسى بىلەن
ئويناپ قويىدىغان بولۇپ قالدىم. قىمارنىڭ
ئىلپىتى ئاسانلا تېپىلىدىكەن. بەزىدە
توۋا، خۇدايىم پېشانەمگە مۇشۇ قىمار

بىلەن ئۆتنەن، دەپ يېزىۋەتكەنمىدۇ، دەپمۇ قالاتتىم... ھەي، بۇمۇ بىر تەقدىر - قىسمەت دېگىنە.

تۇرداخۇن ئاغزىدىكى ناسىنى قولى بىلەن ئېلىپ يەرگە ئاتتى. دادام ئۇنىڭ كېپىكىگە لوقما سالدى:

— بۇ كەپچە ئۇ يەردىمۇ يۇرتۇڭغا كېتەلىگۈدەك پۇل تاپالمايسەن - دە.

— تاپقان، بىراق كېتەلمىدىم. كېتەلمەسلىكىمدە گەپ بار ئىدى، — تۇرداخۇن دادامنىڭ ئەجەبلەنگەن تۇرقىغا قاراپ مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى، — خوجايىنىنىڭ چىمەنگا دەيدىغان بىر قىزى بار ئىدى. مەن بارغاندا يەتتە - سەككىز ياشلاردا بار ئىدى. تۆت - بەش يىلدىلا لەپپىدە ئۆسۈپ، ھۇنداق بىر چىرايلىق قىز بولدىكى، ھەيران قالغۇدەكلا. قاش دېگىنىڭ قەلەمدە سىزغاندەك، كۆزلىرى كېيىكنىڭ كۆزىدەك، ئۇششاق ئۆرۈۋالغان چاچلىرى غولىغا سىغمايتتى. پاھ، پاھ! ئادەممۇ شۇنداق چىرايلىق بولىدىكەن. ئاشۇ قىزنىڭ كۆزىگە قاراپ، ئۇ يەردە ئۆتكەن كۈنلەرنى بىلمەيلا قاپتىمەن. — توختا، سەن گەپنى تولا چاپۇتلىما، بۇ ئىشنى ھېچكىمگە دېمەكچى ئەمەس ئىدىم، بۈگۈن سەن ئاغزىمنى تاتىلاپ، بۇ گەپلەرنى تەشتىڭ. ئىشنىڭ بېشىنى دېگەندىن كېيىن، ئاخىرىنىمۇ دەپ بېرەي، ئەمما كىشىگە تىنغۇچى بولما، ئەل ئىچىدە سۆز - چۆچەك بولۇپ يۈرمىسۇن.

تۇرداخۇننىڭ لەۋلىرى تىترەپ كەتتى، ئۇ بىردەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن:

— ئاجايىپ ياخشى قىز ئىدى. جەننەتتىكى پەرىزاتلارنىڭ ئەينى ئۆزى.

دادام كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي ئەخمەق، سەن ئاشۇ جەننەتتىكى پەرىزاتلارنى كۆرۈپ كەلگەنمۇ؟! بىلەمسەن، جەننەتكىچۇ مۇسۇلمانلاردىن باشقىسى كىرمەيدۇ. بۇنىڭ دەۋاتقان كېپىنى قارا. بەجايىكى جەننەتكە ئۆزى كىرىپ چىققاندەك.

— سەن گەپنىڭ بېلىگە تەپمە، مەنمۇ جەننەتكە كىرىپ ئۇلارنى كۆرۈپ كەلمىدىم، باشقىلار ئاشۇ پەرىزاتلارنى بەك چىرايلىق دەيدىغۇ، كۆڭلۈمدە ئۇلار ھەر قانچە بولسا، چىمەنگاچىلىك بولار، دەپ ئويلىدىم. ھەي، سەن ئۇنى جەننەتكە كىرمەيدۇ، دەيسەن، باشقا دىندا بولسا نېمە بوپتۇ، ئۇلارمۇ ئۆز تىلىدا خۇداغا ھەمدۇسانا ئوقۇيدىغۇ، ئۇلارنىڭمۇ ئاجايىپ موللىلىرى بار ئىكەن. سېنىڭچە بولسىزە، جەننەتكە ئاشۇ تارانچى سوپىلار كىرسە بولىدىكەن - دە! شۇمۇ گەپمۇ! گۇناھ ئىشلارنى قىلمىسا، باشقا خەقلەرگە ياخشىلىق قىلسا، ئاشۇنداقلار جەننەتكە كىرەر؟ ئۆزۈڭ مەن مۇسۇلمان، دېگىنىڭ بىلەن ئايدا بىر قېتىم مەسچىتكە كىرمەيسەن، تاپقىنىڭ ئۆزۈڭدىن ئاشمايدۇ. سەدىقە، نەزىر - چىراغ قىلمايسەن، بەزىدە قىمارمۇ ئويناپ قويىسەن، ساڭا قارىغاندا ئۇ مىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۇ ھەر ئايدا دېگۈدەك قورۇدىكى ئىشلەمچىلەر، ئۇلارنىڭ خوتۇن - بالىلىرىغا ئاز - تولا بىر نەرسىلەرنى بېرىپ تۇراتتى، — تۇرداخۇننىڭ چىرايى تېخىمۇ قارىداپ، كۆزلىرى بەقەمدەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇنىڭ لەۋلىرىدىكى تىترەك بەدىنىگە ئۆتۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ئۇ ھەققەتەن خاپا بولغانىدى.

دادام ئۆزىنىڭ دەپ قويغان سۆزىدىن بىرئاز خىجىل بولدىمۇ ياكى تۇرداخۇننىڭ خاپا بولۇپ قالغانلىقىدىن سەل ئېھتىيات قىلدىمۇ، بىلمىدىم، ئۇنىڭدىن ئەپۇ

سورىدى، ئاخىرىدا:

— بولدى، بۇ گەپنى قويۇپ، ھېكايەڭنى ئېيتقىنا، — دېدى.

تۇرداخۇن سەل دۇدۇقلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— چىمەنگا ئات مىنىشكە، ناخشا ئېيتىشقا ئامراق ئىدى. ئۇ ئات مىنىدىغان بولسا، سەندەك ئات خۇمار تارانچىنى قامچىسىنىڭ ئۇچىدا ئوينىتاتتى. ئاجايىپ قىز ئىدى. ئۇ ناخشا ئېيتىدىغان بولسا، تىرىكلەر تۇرماق ئۆلۈكلەرمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاڭلايتتىمىكىن، ئاجايىپ زىل، مۇڭلۇق ناخشا ئېيتاتتى. ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن، بارغانچە ئۇ قىزنىڭ ناخشىسىمۇ، گەپ - سۆزىمۇ، ھەتتا، مېڭىش - تۇرۇشىمۇ باشقا ھەر قانداق ئادەمنىڭكىدىن چىرايلىق، يېقىملىق كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. كېيىنچىرەك ئۇ قىزنى كۈندە بىرەر قېتىم بولسىمۇ كۆرمىسەم تۇرالمايدىغان بولۇپ قالدىم. بۇ مېنىڭ ئۇنچە كۆڭلۈمنىڭ ساراڭلىقىمۇ ياكى راست كۆيۈك ئۆتىمۇ، ئۇقمىدىم، كۈندۈزنى قويۇپ، كېچىلىرىمۇ شۇ قىزدىن باشقا ھېچنېمىنى خىيال قىلمايدىغان بولۇپ قالدىم. كۈنلەر ئۆزارغانچە ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاڭلىساممۇ ئۆزۈمچىلا تىترەيدىغان، تۇتقان - قويغىنىمنىمۇ بىلمەيدىغان بىر سەۋدايىدەكلا بولۇپ قالدىم. ئۆزۈمنى ھەر قانچە تارتىپ كۆڭلۈمگە ھاي بېرىپ باقىمەن، يەنىلا ئوخشاش... بارغانچە ئۆزۈممۇ ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىمنى، تۈزۈكرەك تاماقمۇ يېمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىمنى بايقاپ قالدىم. چىرايىممۇ ئۇساللاپ كەتسە كېرەك، بەزىدە خوجايىن ئۇچراپ قالسا، «تۇردى ئاخۇن ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟ تۇرۇڭ يامانغۇ؟» دەپ سورايدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭغا نېمە دەيمەن، ياق، ئازراق زۇكاملاپ قالدىم، دەپلا قوتۇلىمەن. بۇنى ئاز دېگەندەك چىمەنگا ئۇچراپ قالسىمۇ، «تۇردى ئاخۇن ئاكا، ئاغرىپ قالدىڭمۇ؟» دەپ سورايدىغان بولدى. خۇدايا توۋا، ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا خۇددى بىرى تىلسىم قىلىۋەتكەندەك، شۇ ھامانلا زۇۋانىم تۇتۇلۇپ، گەپمۇ قىلالماي، يەرگە قارىغىنىمچە تۇرۇپلا قالاتتىم. ئۇ نېمە دەپ ئويلايتتىكىن، بىلمەيمەن، ئەمما مېنىڭ بۇ پاراكەندە كۆڭلۈمدە بولسا: مېنىڭ باشقا ئاغرىقىم يوق، يۈرىكىم ئاغرىيدۇ، بۇنى سەن بىلمەمسەن؟ ياكى بىلىپ تۇرۇپ بىلمەسكە سالامسەن؟ خۇپسەنلىك قىلما، ماڭا ئىچىڭ ئاغرىسۇن، مەن سېنىڭ ئىشقىڭدا ئۆرتىنىۋاتىمەن. سېنىڭ سېھرىي كۈچۈڭ بىلەن ئالدىڭدا سۆزلەشتىن قېلىۋاتىمەن. مېنى بۇنداق قىيناغىچە ئۇرۇپلا ئۆلتۈرۈپ، بۇ ئازابتىن قۇتۇلدۇرساڭ سەندىن مىڭ مەرتەم رازى بولاتتىم. مېنى ئۇرغان تايىقىڭنى بولسىمۇ قۇچاقلاپ ئۆلسەم مۇرادىمغا يېتەتتىم. ئاھ، چىمەنگا! مېنىڭ ئاغرىقىمنى سەندىن بۆلەك ھېچكىم ساقايتالمايدۇ! دېگەن سۆزلەر ئىچىمدە قازاندا قاينىغاندەك قاينايتتى، ئەمما گېلىمغا كېلىپلا بوغۇلۇپ قالاتتى. رەڭگى - روھىم قانداق سەتلىشىپ كېتەتتىكىن، ئۇنى بىلمەيمەن، چىمەنگا رەڭگىمگە قاراپ، قورقۇپمۇ ياكى ھەيران بولۇپمۇ، ئۇقمايمەن باشقا گەپ - سۆز قىلماي كېتىپ قالاتتى. بەلكىم مېنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ، دەپ ئويلىغاندۇ. مەن بولسام تىرنىقىمنى تاتىلاپ شۇ تۇرغىنىمچە بىر - ھازا تۇرۇپ قالاتتىم...

ياز كۈنلىرى تېخىمۇ ئازاب چېكەتتىم. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇلار ئائىلىسى بىلەن يايلاققا كۆچۈپ كېتەتتى. باينىڭ ئۇ

www.uyghurkitap.com كىتاب تور بېكىتى

كېلەگسىز قورۇسىدا باشقا ئىككى ئىشلەمچى
قازاق يىگىت بىلەن قالاتتىم. راستىنى ئېيتـ
سام تولا خىيال قىلىپ، جاننى قويىدىغان
جاي تاپالماي قالاتتىم. شۇنداق چاغلاردا
ياز بولمىسا بوپتىكەن، دېگەن ئويلارغىمۇ
كېلەتتىم. چىمىگانىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرىم
تېشىلىپ كېتەي دەيتتى. ئىلاجى يوق، بار
دەردىمنى قىماردىن ئالاتتىم. قانچە ئۇتتۇرۇ-
ۋەتسەم شۇ زىيانىنىڭ دەردىدە بىر ئاز
ئارام تېپىپ قالغاندەك بولۇپ قالاتتىم. كې-
چىسى بولۇش بىلەنلا يوتقانىنى پۈركىنىپ،
چىمىگانىڭ خىيالىغا يەنە چۆشۈپ كېتەت-
تىم، ھەر كۈنى يېڭى - يېڭى خىياللار پەيدا
بولاتتى، پەقەت قانداق قىلسام ئۆز كۆڭ-
لۈمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزەلەرمەن؟ دېگەن
بىرلا ئوي تۇرلۇك - تۈمەن چارە، غەيرەت-
جاسارەتلەرنى ئالدىمغا قوياتتى. مەن بۇلار-
نى بىرىنىمۇ تاللاپ بىر ياقلىق قىلىشقا
كۆزۈم يەتمەيتتى. ئاخىرىدا بۇ قېتىم چىمى-
گا كەلگەندە خالىيراق جايدا ئۇچرىشىپ
قالسام، ئۇنىڭغا گەپنىڭ ئوچۇقىنىلا دەيمەن،
نېمە بولسا باشقا كەلگەننى كۆرەي، دېگەن
نىيەتكە كېلىپ، ئۇنىڭ يولىغا قاراشقا باش-
لايمەن. بۇ نىيىتىم كۈندىن - كۈنگە كۈچى-
يىپ، تاقەتسىزلىنىمەن. پاھ، ئۇ كۈنلەرنىڭ ئۇزاق-
لىقىنى دېمەمسەن ... كېچىلىرى ئىرىق قىل-
غان ئاۋاز چىقسا، يۈگۈرۈپ تالاغا چىقىمەن.
ئاخىرى بىر كۈنى چىمىگامۇ يېتىپ كې-
لەتتى. بىراق ئۇنى كۆرۈش بىلەنلا زۇۋا-
نىم يەنە تۇتۇلۇپ، ھېلىقى دېمەكچى بول-
غان سۆزلىرىم ئاللىقەيەلەرگە كېتەتتى...

چىمىگا يىلدىن - يىلغا تولۇپ، تېخى-
مۇ چىرايلىنىقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. مېنىڭ
كۆڭلۈمدە بولسا: ھەي، چىمىگانى بىرەرىنگە
ئەرگە بېرىۋەتمىگىدى. ئارشاگىدىكى ھېلىقى
كۇسا باينىڭ ئوغلى تولا كېلىدىغان بولۇپ
قالدى، شۇنىڭ بىر چاتىقى بارمىدۇ؟! دەي-
دىغان كۈندەشلىك، ھەسەتخورلۇق كۆڭلۈم-
نىڭ بىر يېرىنى ئېچىشتۇراتتى. خوجايىنى-
نىڭ ئۆيىگە پات - پاتلا مېھمان كېلىدىغان
بولۇپ قالدى. قېرىلىرىغۇ مەيلى، ياشلىرىنى
كۆرەرگە كۆزۈم يوق ئىدى. بەزىدە بۇ ئىشنىڭ
بولمىسىدى تۇرداخۇن، دەپ ئۆزۈمنى-
ئۆزۈم جىمىلەپ كېتەتتىم. بۇ كۆڭۈل دېگەن
ساراڭنى باغلاپ قويساڭمۇ توختاتقىلى بول-
مايدۇ - دە، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭۈل دېگەن
سېنىڭ مەيلىڭگە باقمايدىكەن. توسۇن ئات-
تەك چاپچىپلا تۇرىدىكەن... بەزى ئاخشام-
لىرى ئولتۇرۇپ خۇدايىمدىن تىلەپ
كېتىمەن: ئاھ، خۇدا! بەندەم دېمەڭ ئاشۇ
قىزنى مەندىن باشقىغا نېسىپ قىلمىساڭ،
ئۇنىڭ دىلىغا مېنىڭ بۇ ئىشقىمنى سالساڭ؟!
ئۇنىڭ دەردىدە يۈرەك - باغرىم خۇن بولۇپ
كەتتى، مەن ئاجىز بىر بەندەڭغۇ. ھېچ
بولمىسا، يۈرىكىمدىكى سۆزلەرنى ئاشۇ قىزغا
ئۆزۈم يۈزتۇرانە تۇرۇپ ئېيتالىغۇدەك بىر
مەدەت ئاتا قىلساڭ؟ دەپ نالە قىلىپ كېتىمەن.

موللىلىرىمىز: خۇداغا چىن ئىخلاسىڭ
بىلەن سېغىنىپ تىلىسەڭ، تىلىكىڭ ئىجابەت
بولىدۇ، — دەيدۇ. ئادەم ئۇنىڭدىن باشقا
يەنە قانداق چىن ئىخلاس بىلەن تىلەيدۇ.
بىلمىدىم قانداق ئادەملەر تىلىسە بېرىدىـ
كىن - تاڭ؟! بەزى چاغلاردا: ئەگەر چىمىگا
ماقۇل دەيدىغانلا بولسا، ئۇنىڭ دىنىغا كىر-
سەممۇ مەيلى دەپمۇ ئويلاپ كېتەتتىم.
ئاخىرى خۇداغا قىلغان تىلاۋىتىممۇ ئىجابەت
بولمىغاندىن كېيىن، كېچىچە يېتىپ ئوي-
لاپ، قايتىدىن غەيرەتكە كېلىپ: ئەمدى
ئۇنىڭ بىلەن ئۇچراشسام، قەسەمكى بىلەلا

ئوغۇل بالىدەك تۇرۇپ، كۆڭلۈمگە پۈككەن
سۆزلۈمنى ئۇنىڭ ئۆزىگىلا توغرىدىن - توغ-
را دەيمەن، ئانام مېنى ئوغۇل بالا دەپ
ئۇغقانىغۇ، ئەگەر بۇدا دېمىسەم ئاتامنىڭ بالىسى
بولماي كېتەي، دېگەن ئويغا كېلەتتىم.
لېكىن بۇنداق ھۆكۈملەردىن لەچچە يۈزى
چىقىرىلغىنىنى بىلمەيمەن، يەنىلا شۇ،
چىمىگانى كۆرە - كۆرەيلا چىراغ مېيىغا
چىلانغان پىلىكتەك بوشاپلا كېتىمەن. يا-
كى مېنى ئاشۇ ئۆزۈم قىلغان قەسەملەر
ئۇردىمىكىن، بىلمىدىم. بەزى چاغلاردا
ئاتا - ئانام، يۇرتۇم ئېسىمگە كېلىپ قالاتتى:
ھەي، ئاشۇ دادام ھېلىقى ھىلىلە قورۇقتەك
بىر نېمىنى ماڭا ئاتىمىغان بولسا، بۇ ياقا
يۇرتلاردا سەرسانلىق تارتماس ئىدىم. چى-
مىگانىمۇ كۆرمىگەن، دەردىنىمۇ تارتمىغان بۇ-
لار ئىدىم، دېگەنلەرنى ئويلايتتىم. ئەمما
كۆڭلۈمنىڭ چوڭقۇر بىر يېرى-
دە، ئەگەر چىمىگانى كۆرمەي ئۆلۈپ كەت-
سەم، بۇ ئالەمنىڭ قىزىقىنىمۇ كۆرمىگەن
بولاتتىم - دە، دەپمۇ قالاتتىم. نېمىسىنى
دەيسەن، مەن بەئەينى بىر خىيالپەرەس
سەۋدايىدەكلا بولۇپ قالغان. جاندىنىمۇ
ئۈمىد ئۈزگەنىدىم...

تۇرداخۇن ئاجايىپ بىر خىل ئېچىنار-
لىق، مىسكىن، ئىلاجىسىز قىياپەتتە ئولتۇ-
راتتى. ئۇنىڭ قىزارغان كۆز چاناقلىرىدا
مۆلدۈرلىگەن ياش تامچىلىرى ئەگىشكە باش-
لىدى. مېنىڭ كۆڭلۈمدە بولسا، بۇ ئىشنىڭ
ئاخىرى قانداق بولغاندۇ؟ دېگەن بىر سوئال
تاقەتسىزلىنەتتى.

تۇرداخۇن بىرھازا شۇ قىياپەتتە
ئولتۇردى. ئۇ خۇددى مېنىڭ كۆڭلۈمدى-
كىنى بىلگەندەك دادامغا قاراپ:

— ئاقىۋەت نېمە بولدى دېمەمسەن؟

چىمىگا ئىككى - ئۈچ كۈن ھويلا - ئارامغا
چىقمىدى، ئۇقۇشسام، مىجەزى يوق ئىكەن
دېگەن خەۋەرلى ئاڭلىدىم. ئۆتىنچى كۈنى
تاڭ سەھەردە ئېچكىرىكى ھويلىدا يىغا - زار-
رە كۆتۈرۈلۈپلا كەتتى، بۇ نېمە ئىشتۇ
دەپ ئورنىمدىن چاچراپ تۇرۇپ قورۇغا
چىقسام، قورۇنىڭ ئىچى ئۆپۈر - تۆپۈر بولۇپ
كېتىپتۇ. سورىسام «چىمىگا ئۆلۈپ كېتىپ-
تۇ!» دېمەسمۇ، ئۆزۈمنىڭ قۇلىقىمغا ئۆزۈم
ئىشەنمەي قالدىم. پۇت - قولۇمدا جانمۇ قال-
مىغاندەك، بوسۇغا تۈۋىدىلا موكلا ئولتۇرۇپ
قالدىم، قۇلىقىمنىڭ بىر غوڭۇلداپ كەتكى-
نىنىلا بىلىمەن، بىر كەمدە قارىسام قورۇدا
بىللە ئىشلەيدىغان بىر قازاق يىگىتى بې-
شىمنى تىزىغا ئېلىپ، بىر نېمىلەرنى دەۋې-
تىپتۇ. ئەستە كۆزۈمنى ئاچتىم. ھېلىقى
يىگىت يۆلەشتۇرۇپ ئۆيگە ئەكىرىپ ياتـ
قۇزۇپ قويدى. پۇت - قولۇمدا ماغدۇر يوق
ئورنىمدىن شۇنچە قىلىپمۇ تۇرالمايمەن،
شۇ - ياتقانچە چۈشكىچە يېتىپتىمەن، ئويلىمى-
غان ئوي، قىلمىغان خىيال قالمىدى. ھەر-
قانچە قىلىپمۇ كۆز يېشىمنى توختىتالماي-
مەن. خۇدا، ئۇنىڭغا بەرگەن ئۆلۈمنى ماڭا
بەرسەڭ بولمامدۇ؟ چىمىگا تېخى ياش
ئىدىغۇ... دېگەندىن باشقىنى ئويلىيالمايمەن.
چۈشتىن كېيىن، خۇددى بەڭ چېكىۋالغان
ئادەمدەك دەلدەڭشىپ قورۇغا چىقتىم. ھەم-
مىلا نەرسە كۆزۈمگە غۇۋا كۆرۈنىدۇ، ھەم-
مىلا ئادەم، ھەممىلا نەرسە «چىمىگا» دەپ
يىغلاۋاتقاندەك قىلىدۇ. ئۆزۈم بىر دەلدۈش-
تەكلا بولۇپ قالدىم. ئىچكىرىكى قورۇدا
ئۆلارنىڭ موللىلىرى باش كۆتۈرمەي ئوقۇ-
شۇۋاتىدۇ. كىرىپ - چىقىۋاتقان پەتچىلەرنىڭ
ئايىغى ئۈزۈلەرئەمەس. كۆڭلۈمدە چىمىگانىڭ
جەسىتىنى بولسىمۇ بىر كۆرۈۋالاي دېگەن

ئۇي بار ئىدى. بىراق ئىچكىرىكى قورۇغا كىرگىلى بولمايتتى. مۇبادا كىرسەممۇ جەمەت بار ئۆيگە قانداق كىرىمەن، ئۇنىڭ يېنىدىن موللىلار ئايرىلمايدىكەن. نېمە قىلىشىمنى بىلمەي گاراڭ هالدا يۈرىمەن. كىم نېمە دەپ نېمە قىلىۋاتىدۇ، نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، بۇلاردىن پەرۋايىم پەلەك، پەقەت چىمىگاننى بىر كۆرۈۋالسام، دېگەندىن باشقا هېچنېمىنى ئويلىمايمەن. يىغا-زارە، ۋاڭ-چۇڭ، كەلدى-كەتتى دېگەندەك پاتىپاراقچىلىق ئۈچ كۈن داۋام قىلدى. تۆتىنچى كۈنى چۈشتىن كېيىن بىرنەچچە ئاتلىق كىشى پەيدا بولۇپ قالدى. هويلىدا تېخىمۇ ۋاڭ-چۇڭ كۆپەيدى، يىغا ئاۋازى ئالەمنى بىر ئالدى. موللىلار تېخىمۇ كۆچەپ ئوقۇشتى. بىرهازادىن كېيىن بىر ئاق كىگىزگە ئورالغان چىمىگاننىڭ جەسىتىنى تاشقارقى قورۇغا ئېلىپ چىقىپ، بىر ئاق ئاتلىقنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بەردى، ئۇنىڭ ئىككى يېنىدا يەنە ئىككى ئاتلىق كىشى جەسەتنىڭ باش، ئاياغ تەرىپىنى تۇتۇشتى. ئۇلار قاتارلىشىپ قورۇدىن چىقىپ، كۈن پېتىش تەرەپكە قاراپ كېتىشتى. مەن ئورنۇمدا تۇرالماي قالدىم، ئۇلار چىمىگاننى ئەمەس، مېنىڭ يۈرىكىمنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. شۇئان قورسىقىمغا بىر جىن كىردى؛ زاراتكارلىقتا بېرىپ بولسىمۇ، ئۇنى بىر كۆرۈۋالاي، دېگەن ئويغا كەلدىم-دە، جۇۋازغا قوشىدىغان ئالا ئاتنى تۇيدۇرماي ئارقا ئىشىكتىن يېتىلەپ چىقىپ ياۋداقلا مىنىپ، هېلىقى ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن ماڭدىم. ئۇلار چوڭ يول بىلەن خېلى ماڭغاندىن كېيىن، تاغقا قاراپ بۇرۇلدى. توپراق بېشى شۇ ياقتا ئوخـ

شايدۇ، دەپ مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارا كۆرۈپ مېڭىۋەردىم. تاغ ئېتىكىدىكى ئېگىز-پەس دۆڭلۈك، ئېدىرلار ئارىسىدا ئۇلار بىردەم كۆرۈنۈپ، بىردەم كۆرۈنمەي خېلى ماڭغاندىن كېيىن، بىركەمدە قارىسام ئۇلار ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ قايتىپ كېلىشىۋاتىدۇ. نېمە بولغانلىقىنى ئۇقالماي، ئۆزۈمنى بىر يادائىلىقتا دالدىغا ئالدىم. ئاتلىقلار كەلگەن يولى بىلەن ئۆتۈپ كېتىشتى. قارىسام ئۇلارنىڭ ئالدىدا جەسەت كۆرۈنمەيدۇ. نېمە ئىش بولغانلىقىنى دەماللىققا بىلەلمەي، بىردەم ئارسالدى بولۇپ تۇرۇپ قالدىم. ئاخىرى شەيتىنىم غالىب كەلدى، نېمە بولسىمۇ شۇلار بارغان جايغا بىر بېرىپ قايتمايمۇ، دەپ، ئاتنى شۇ يەرگە ئۈچ پۇتلۇق قىلىپ چۈشىدىم-دە، پىيادە ماڭدىم. خىيال بىلەن مېڭىۋېرىپتىمەن، بىر چاغدا قارىسام ئايمۇ خېلى ئۆرلەپ قاپتۇ. هېچقانداق قەبرىستانلىقنىڭ قارىسى كۆرۈنمەيدۇ، ئۆزۈمنى بىرئاز سۇر بېسىپ قورقۇپ قالدىم. ئەتە كۈندۈزى كېلىپ ئىزدەي دېگەن ئوي بىلەن كەينىمگە ياندىم، ئەمما قەيەر بىلەن كەلگەنلىكىمنى پەرق ئېتەلمىدىم. نېملا بولسۇن تۆۋەنگە قاراپ ماڭسام تۈزلەڭگە چىققاندىن كېيىن يولنى تاپىمەن، دەپ مېڭىۋەردىم. بىر دۆڭدىن ئارتىلىپ چۈشۈۋاتاتتىم، بىرى «ئالدىڭغا قارا» دېگەندەكلا قىلدى، شۇنداق قارىسام، هېلىقى ئاتلىقلار ئېلىپ ماڭغان ئاق كىگىزگە ئورالغان جەسەت ياتامدۇ. قورققىنىمدىن بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كەتكەندەك بولۇپ، كۆڭلۈمگە كەلمىگەن خىياللار كېلىپ كەتتى... جەسەتنى بۇ يەرگە تاشلاپ قويغىنىنى نېمىسىدۇ؟ ياكى بۇلارنىڭ قانداقتۇر

بىر ئىزدىلىرى بولۇپ، مۇشۇنداق ئاق كىگىزگە باشقا بىر نىمىلەرنى ئوراپ تاشلاپ قويغانمىدۇ، دېگەن خىياللارنى قىلدىم. يا ئالدىمغا مېڭىشنى، يا كەينىمگە يېنىشنى بىلمەيلا قالدىم. بارغانچە قارا تەرگە چۆمۈپ كېتىۋاتىمەن. ئاخىرى ئۆزۈمنى غەيرەتلىككە ئېلىپ بىر ئاز بېسىۋالدىم. نېمە بولسىمۇ ئۇنى بىر كۆرۈپ باقمايمۇ دېگەن يەرگە كەلدىم-دە، سەل يېقىن كېلىپ سىنچىلاپ قارىسام، خۇدا ھەققى ئاشۇ چىمەنگا! ئۆزۈمنىڭ كۆزىگە ئۆزۈم ئىشەنمەي قالدىم. جەسەتنىڭ باش تەرىپى مەيدىسىگىچە كىگىزدىن چىقىپ تۇرىدۇ، باغلانغان تانىلار يېشىۋېتىلىپتۇ. بىر تۇرۇپ ھەيران بولىمەن، بىر تۇرۇپ ھېلىقى ئاتلىقلارغا ئاچچىقىم كېلىدۇ. ئۇلارنىڭ نېمە قىلغىنى بۇ، دەيمەن. ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەي، تېخىمۇ ھوشۇمنى يوقىتىپ قويدۇم ... نېمە قىلارىمنى ھېچ ئويلاپ يېتەلمىدىم. ئاي نۇرىدا چىمەنگا تېخىمۇ چىرايلىق، خۇددى چالا ئۇيقۇدا ياتقاندەكلا بىخارامان ياتىدۇ. بارغانچە پۇت-قولۇمدا ماغدۇر قالماي، كۆزلىرىمگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىۋاتقاندەك بولۇۋاتىمەن، ھەي، يىقىلىپ قالمىغىيدىم، دېگەن ئەندىشىگىمۇ چۈشۈپ قالدىم. شۇ ئارىلىقتا يىراق بىر يەردە بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشقىنى ئاڭلىنىپ قالدى. ئاشۇ بۆرىلەرنىڭ ئاۋازىدىن قورقتۇممۇ، ياكى باشقىمۇ، بىلمىدىم، ئۆزۈمنى بىر ئاز تۇتۇۋالدىم. سەن بىلمەيسەن، ئۇ يەرنىڭ بۆرىلىرى بەك يامان بولىدۇ. بولۇپمۇ چىل بۆرە دەيدىغان توپلىشىپ يۈرىدىغان بىر خىل بۆرە بار، ئەگەر كېچىلىرى يالغۇز يولۇقۇپ قالساڭ، بولدى، رۇستەم بولساڭمۇ ئۇنىڭغا يەم بولغىنىڭ بولغان دېگىنە. ئۆزۈمگە ئەندىشە چۈشۈپ قالدى. ئەمما قانداق قىلاي؟ دېگەن بىر ئوي زادىلا كاللامدىن چىقمايدۇ. يەنىلا چىمەنگانى ئېنىق كۆرۈۋالماي قانداقمۇ كېتىمەن؟! دېگەن بىر سۆز يۈرىكىمنى مۇجۇغاندەك قىلىدۇ.

تۇۋا، ئۇنىڭ يۈزىگە چۈشۈپ قالغان چاچلىرىنى قولۇم بىلەن تۈزەپ قويدۇم، ئۇ خۇددى ماڭا «تۇرداخۇن ئاكا، ئاغرىپ قالدىڭمۇ» دەۋاتقاندەكلا تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن چىمەنگانىڭ ئۆلگەنلىكىنىمۇ، بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرىنىمۇ بىراقلا ئۇنتۇپ، ئۇنىڭ يۈزلىرىگە يۈزلىرىمنى ياقتىم، چاچلىرىغا سۆيدۈم، كۆزلىرىمدىن تۆكۈلگەن ياش ئۇنىڭ يۈزلىرىنى ھۆللەپ، چاچلىرىنى نەمدەپتۇ. ئۇنىڭغا نېمىلەرنى دېدىم، بۇ ئېسىمدە يوق. نېمىشقا دېسەڭ، ئۇ چاغدا مەن ھوشۇمنى يوقاتقاندەك ئىدىم. كېيىن بىر ئاز ھوشۇمغا كەلگەندىن كېيىن قورقىنىدىن ئورنىمدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتىم. ياقامنى تۇتۇپ تۆۋە قىلدىم، خۇدا گۇناھىمنى كەچۈر، ئۇنىڭ دىنىغىمۇ، ئۆزۈمنىڭ دىنىغىمۇ توغرا كەلمەيدىغان ئىش قىلدىم، گۇناھىمنى كەچۈرگەيسەن، دەپ قايتا-قايتا تەكرارلىدىم. بىراق كۆڭلۈمدە چىمەنگادىن يەنىلا ئايرىلغۇم يوق، بولۇپمۇ ئۇنى شۇ بويىچە چۆلگە تاشلاپ كەتكۈم يوق. چىمەنگاغا قارىسام، ئۇ «تۇرداخۇن ئاغا، مېنى بۇنداق يېتىم بۇ جەزىرىگە تاشلاپ كەتمە!» دېگەندەكلا قىلىدۇ. شۇ ئەسنادا كۆڭلۈمگە گۆرپىدە تاشلار بىلەن بولسىمۇ بىر دالدا بولغىدەك قەبرە ياساپ قويمايمۇ، دېگەن ئوي كېلىپ قالدى. خۇدايا تۇۋا، بىردىنلا پۇت-قولۇمغا ماغدۇر كىرىپ، بايىقى قورقۇنچ، ئەندىشىلەر بىردىنلا يوقالدى. ئۆزۈمنى بىر

بىلىپ، بىر بىلمەي دېگۈدەك ئەتراپىتىكى كۆتۈرەلىگۈدەك تاشلارنى يۈگۈرۈپ يۈرۈپ جەسەتنىڭ يېنىغا توشۇدۇم. بىرھازادا قارىسام خېلى تاش يىغىلىپتۇ. تامچىلىقتىن ئاز - تولا خەۋىرىم بولغاچقا، تاشلارنى جەسەتنى چۆرىدەپ رېتى بىلەن تىزدىم تاشنى بىر - بىرىگە چىشلەشتۈرۈپ، ئاخىرى گۈمبەز شەكلىگە كەلتۈردۈم. چىمەنگۈل ئەنە شۇ تاش گۈمبەز ئىچىگە يوشۇرۇندى. كۆڭلۈم بىرئاز ئارام تېپىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۆزۈمنىڭ ھېرىپ، چارچاشقا مادارىم قالمىغىنىمۇ بىلىنمىدى. قەبرىنىڭ ئۇششاق - چۈششەك يوچۇقلىرىنى پارچە - پۇرات تاشلار بىلەن ھىملاپ ئېتىپ، بوران - چاپقۇندا دەماللىققا بۇزۇلۇپ كەتمىگۈدەك قىلىپ تۈزەشتۈردۈم. ھېسابتا قەبرىمۇ پۈتكەن بولدى. ۋاقتىمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ، ئەمدى قايتاي، دېگەن ئوي بىلەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەينىمچە داجىدىم. كۆڭلۈم يەنىلا بۇزۇلۇپ، چىمەنگۈلنى يالغۇز تاشلاپ كەتكۈم كەلمەيلا قالدى. ئىختىيارسىز قەبرىگە يەنە يېقىنلىشىپ بېرىپ، قەبرىنى قۇچاقلىغىنىمچە بولۇشىچە يىغلاپ كەتتىم. كۆز ياشلىرىم قەبرە تاشلىرىغا يامغۇردەك تۆكۈلدى. مىڭ تەسلىكتە ئۆزۈمنى بىرئاز تۇتۇۋېلىپ: چىمەنگۈل! مېنى كەچۈر، مەن ساڭا ئاشىق ئىدىم. ھاياتلىقىڭدا بۇ سىرىمنى ساڭا ئېيتىشقا پېتىنالمىدىم. بۇ تاش قەبرەڭنى قۇچاقلاپ قالىدىغانلىقىمنى نەدىن بىلەي. پېشانەم شور ئىكەن... ساڭا غايىبانە ئاشىق ئىدىم. كۆڭلۈمدە سېنىڭ ھۆرمىتىڭنى قىيامەتكىچە ساقلايمەن، قەسەم قىلىمەن. ئەزىزىرايى خۇدا، بۇ ۋەيرانە كۆڭلۈمدە بۇندىن كېيىنمۇ پەقەت سەندىن باشقىسى بولمايدۇ. بارلىق سۆيگۈ - ئىشتى-

ياقىم مۇشۇ ئاددىي تاش قەبرىدە سەن بىلەن ھەمراھ بولۇپ قالسۇن! ... يەنە نېمىلەرنى دېدىم، ئەسلىيەلمەيمەن. ئىچ - قارنىم خېلى بوشاپ قالغاندەك، ئۆزۈم خېلىلا يەڭگىللەپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم.

توۋا دەيمەن، يىغىمۇ ئادەمگە ئارام بېرىپ قالىدىغان چاغلار بولىدىكەن. بۇنىڭغا ئاشۇ چاغدا ئىشەندىم. ئاستا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، تەسلىكتە كەينىمدىكى قەبرىدىن داجىدىم. شۇ ئارىلىقتا يېقىنلا بىر يەردە بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشقىنى يەنە ئاڭلىنىپ قالدى. جانمۇ تاتلىق بولىدىكەن، ئۆزۈمنىڭ بۇ يەردە يالغۇز ئىكەنلىكىم ئېسىمگە كېلىپ، بىردىنلا سۈر بېسىپ، ئاجايىپ بىر قورقۇنچ بېسىۋالدى. بۆرىدىن قورقتۇممۇ ياكى جەسەتتىن قورقتۇممۇ بىلمەيمەن، بىردەمدىلا ھودۇقۇپ تەمتىرىگىنىمچە ھەممىنى ئۇنتۇپ بەدەر قاچتىم. ئۆمرۈمدە بۇنداق تېز يۈگۈرۈپ باقمىغان بولغىيتتىم، ھەر ياداڭ، چاتقاللاردىن بەئەينى ئۈركۈگەن توشقاندەك سەكرەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتىمەن. كۆڭلۈمدە چىمەنگۈل بىلەن بىر توپ چىل بۆرە قوغلاپ كېلىۋاتقاندەكلا قىلىدۇ. بۇرۇلۇپ ئارقامغا قاراشتىن قورقىمەن. كاللامدا ئاتنى تېپىۋالسام بولاتتى، دېگەندىن باشقا ئوي يوق ئىدى. ئايمۇ ئولتۇرۇشقا باشلىدى. ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق باسقىلى تۇردى. بارغانچە چامدامدا بىر پۈتلىشىمەن. ئاخىرى بىر دۆڭنىڭ ئۈستىگە تەستە چىقىپلا ھېچ بولالمىدىم. ئىچىمدە ئۆزۈمنى مىڭنى تىللىدىم. شۇنچە تارتقان دىشۋارچىلىقىم يەتمىگەندەك، ئۆزۈمنىڭ كېچىلەپ بۇ يەردە قېچىپ يۈرگىنىمگە بىر تۇرۇپ ئاچچىقىم كېلىدۇ. تۇيۇقسىزلا بىر يەردە خىرقىراشقان غەلىتە ئاۋازلار قۇلىقىمغا

كىرىپ قالدى. تەسلىكتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئەتراپقا قارىسام، ئانچە يىراق بولمىغان بىر يادىگارلىقتا بىر توپ بۆرە بىر ئەرسىنى ھەدەپ تالىشىپ يەۋاتماقتۇ، تىرنىقى ئەرۋايىم ئۇچتى. سىنچىلاپ قارىسام ھېلىقى مەن چۈشەپ قويغان ئالا ئات. ئۇنىڭ ئىچ-قارنى چۇۋۇلۇپ، بۆرىلەرگە يەم بولغانىكەن. مانا خۇدا ئۇردى؛ ئاتتىن ئۈمىدنى ئۈزۈپ، دۆڭدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ، چوڭ يولغا قاراپ جېنىمنىڭ بارىچە يۈگۈردۈم، شۇنچە كۈچەپ يۈگۈرسەممۇ ئارقامغا كېتىۋاتقاندەكلا قىلىمەن. مىڭ تەسلىكتە چوڭ يولغا يېتىپ كېلىۋالدىم. ئۆپكەم ئاغزىمغا تىقىلىپ، چامداشقا مادارىم قالمىدى. يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئۆزۈمنى تاشلىۋەتتىم. ھوشۇمدىن كەتتىممۇ ياكى ھارغانلىقىمدىنمۇ ئۇقمايمەن، تاڭ سۈزۈلگىچە شۇ يەردە يېتىپ قاپتىمەن. بىرھازادا كۆزۈمنى ئاچسام غالىلداپ تىترەپ كېتىۋاتىمەن، كەچكۈز بولغاچقا، تەردە ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىم قېتىپ قاپتۇ. ياتقان يېرىمدىن تەستە تۇرۇپ ئولتۇردۇم. ئەمدى قانداق قىلاي دېگەن ئويغا ھېچ كىرگۈلۈم تىنغۇدەك جاۋاب تاپالماي خېلىغىچە گاڭگىراپ ئولتۇردۇم. چىمىنگادىنمۇ ئايرىلدىم، مىنىپ كەلگەن ئاتتىنمۇ ئايرىلدىم.

تۇرۇپلا خوجايىن ئات قېنى؟ كېچە نەگە باردىڭ؟ دەپ قالسا نېمە دەرمەن، دېگەن بىر ئەندىشە پەيدا بولۇپ، بۇنىڭغا ھېچقانداق چارە، جاۋاب تاپالماي، تەمتى-رەپلا قالدىم. شۇنچە يىل ئىشلەپ، بىر ئاتقا ئىگە بولالمىدىم، ئەمدى كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال، دېگەندەك، بىر ئات تۆلەشكە قانداق قۇربىم يەتسۇن، بېشىم تازا قاتتى. ئويلاپ-ئويلاپ ئاخىرى ياخشىسى بۇ يەردىن كېتەي، دېگەن ئويغا كەلدىم. مانا شۇ ماڭغانچە بۇ يەرگە كېلىپ قالغان...

— خوجايىنغا بىر ئات زىيان ساپسەن-دە؟ — دېدى دادام خورسىنىپ.

— شۇ يىلقى ئىش ھەققىمگە بېرىدىغان بەش قويىنى ئېلىپ، ئاتنى كېيىن ئالىمەن دەپ ئالمىغانىدىم، شۇنىڭغا ھېساب بولار دەپ كۆڭلۈمگە پۈكۈپ، ئاندىن ماڭغان.

— ھە، بۇنداق دېگىن، — دېدى دادام ئارانلا ئاڭلىغۇدەك قىلىپ، ئۆي ئىچىنى ئاجايىپ جىمجىتلىق باستى.

— بىراق، چىمىنگانىڭ قەرىسىنى چالا قىلىپ قويدۇم-دە! — دېدى تۇرداخۇن خورسىنغان ھالدا.

— موللىلار بۇنىڭغا نېمە دەيدىكىن تاڭ، — دېدى دادام يۇمۇقلۇق كۆزىنى ئاچماي تۇرۇپ.

ھەر ئىككىسى جىمپىلا كەتتى...

مەن تۇرداخۇننى بۇنداق مىسكىن ھالەتتە كۆرمىگەنىدىم. ئۇنىڭ ئاشۇ غەمكىن چىرايىدا ھەم سۆيگۈ ھەسرىتى، ھەم پۇشايمان بىلەن خورسىنىش، قورقۇنچ ئالامەتلىرى گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. بۇ چىراي ھازىرغىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

**مەسئۇل مۇھەررىر ئالىمجان ئىسمايىل**

ئەھەت داۋۇت

# پاكلىق ئۈستىدىكى ناپاكلىق

(ھېكايە)

تۇنجى تېرىم پاختىسىنى قول تراكتورىغا قاچىلاپ يېزىلىق پاختا زاۋۇتىغا قاراپ كېتىۋاتقان قاسىم ئاكا 12 ياشلىق ئوغلىنىڭ رولنى چاققانلىق بىلەن باشقۇرۇپ، قىلچە ئېۋەنسىز تراكتور ھەيدەشلىرىگە مەستلىكى كېلىپ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا بۈگۈن قولىغا كىرىدىغان كىرىمى ھەققىدە كۆڭلىدە چوت سوقماقتا ئىدى: ئاڭلىسام بۇ يىلقى سېتىۋېلىش ئىشى نەچچە يىللاردىكىدەك قارىغاندا چىڭىپ كېتىپتۇمىش. پاختا سودىگەرلىرىنىڭمۇ تۇنجى قېتىم سېتىۋالغان پاختىلىرىنى نەق مەيداندا مۇسادىرە قىلىپ تەلپىكىنى ئۇچۇرۇۋېتىپتۇمىش. شۇنداقلا بولۇپ قالسىغۇ بىز دېھقان خەلقىمۇ كۆپ ياخشى بولاتتى... بۇ قېتىمقى پاختام بىرىنچى تېرىم بولغاندىكىن ھەر قانچە چىڭ پىرىيوم قىلدى دېگەندىمۇ ئىككىنچى بولۇپ قالماس. شۇ بويىچە بولغاندا، كىلوسىنى ئۈچ كويدىن... خەير، ماقۇل ئىككى كوي سەككىز موددىنمۇ دەيلى، بەش يۈز كىلوسى ئاز كەم بىر يېرىم مىڭ كوي دېگەن گەپ. ئىككىنچى تېرىمىنى يىغىپ، كېلەر قېتىم يەنە بىر كەلسەم... پاختىدىنلا 8 — 10 مىڭ كوي قولغا كىرگۈدەك. كۈز پەسلى ئالتۇن پەسىل دېگەن شۇ-دە، خۇداغا مىڭ قەترە شۈكرى. كېلەركى ئايدا ئەخمەتنى بىر... بۇ بالىنىڭ ئاخشىمى ئۆيدە ئولتۇرماس بولۇپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان، شۇنى بىر ئۆيلۈك-ئوچاقلىق قىلىپ، قاتارغا قېتىۋالسام كۆڭلۈممۇ خېلى ئارام تېپىپ قالاتتى...

قاسىم ئاكا ئەنە شۇنداق شېرىن خىياللارغا غەرق بولۇپ، پاختا زاۋۇتىغا قانداق كېلىپ قالغىنىنىمۇ تۇيمايلا قالدى. ئۇ ئاۋايلاپ تراكتور كوزۇپىدىن چۈشتى. يانچۇقىدىن تاماكا تۇتاشتۇرىدىغان سەرەڭگىنى چىقىرىپ، دەرۋازىۋەنگە تاپشۇرغاندىن كېيىن ئوغلىغا «تراكتورنى ھەيدە» دېگەن مەنىدە ئىشارە قىلىۋېتىپ سېتىۋېلىش مەيدانىغا قاراپ ماڭدى.

مەيدان سانجاق-سانجاق ئادەملەر بىلەن تولغانىدى. ئۇلارنىڭ بىرلىرى پاختىلىرىنى خالتىسى بىلەن دەس كۆتۈرۈپ، ھارۋا، تراكتورلاردىن مەيدانغا چۈشۈرسە؛ بىرلىرى نۇسخا ئالدۇرۇش ئۈچۈن پاختىلىرىنى يەرگە تۆكەتتى. بىرلىرى پىرىيومخانىدىن چىقىۋاتقانلارنىڭ قارىسىنى كۆرۈپ، ئالدىراپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چاپسا؛ يەنە بىرلىرى پاختىلىرىنى يۆتكەپ جىڭغا ئۆچرەت تۇتۇۋېلىشقا ئالدىرايتتى. قىسقىسى،

هەممەيلەن ئالدىراش ...
قاسىم ئاكا ئادەملەر ۋە پاختا دۆۋى-
لىرى بىلەن لىق تولغان سېتىۋېلىش
مەيدانىغا بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن،
بىرىنچى مەيدانىنىڭ ئايىغىدىكى ئازراق
بوش ئورۇنغا كۆزى چۈشتى - دە، تىراكتورنى
شۇ يەرگە توغرىلىدى.

ئۇلار ئەمدىلا پاختىلىرىنى چۈشۈرۈپ
بولۇپ، تەرلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇشىغا چى-
رايلىق ياسىنىۋالغان، ئەمما، ئۈستىبې-
شىنى چاڭ - توزان ۋە پاختا توزۇندىلىرى
بېسىپ، تەرلەپ - تەپچىرىگەن 14 - 15
ياشلار چامىسىدىكى بىر قىزچاق بىرمۇنچە
ئۇششاق خالتىلارنى كۆتۈرگىنىچە ئۇلارنىڭ
ئالدىغا كەلدى. «نۇسخا ئالىمەن» دەپ 30
نەچچە قاپ پاختىنىڭ بىرىنى قويماي
مەيدانغا تۆكتۈرۈپ، پاختىلارغا تەكشى قا-
راپ چىققاندىن كېيىن ئۇ يەر - بۇ يەردىن
تۇتاملاپ بىر كىلوگىرامچە پاختىنى ئېلىپ
خالتىغا سالدى. ئاندىن قاسىم ئاكىدىن ئۆز
كەنتىنىڭ نامى ۋە پاختىنىڭ خالتا سانىنى
سوراپ، ئىككى نۇسخا قىلىپ يېزىپ، بىرىنى
نۇسخا قاچىلانغان كىچىك خالتىغا سالدى.
يەنە بىرىنى قاسىم ئاكىغا بېرىپ: «پىرىيوم
قەغىزى چىققۇچە ساقلىسىلا!» — دېدى -
دە، باشقىلارنىڭ پاختىسىدىن نۇسخا ئېلىش
ئۈچۈن كېتىپ قالدى.

كەچكۈزنىڭ يىللىق ئاپتىپى جانغا
راھەت بېغىشلايتتى. قاسىم ئاكا پاختا قا-
چىلانغان خالتىلاردىن ئىككىنى يىغىشتىرىپ،
ئەپچىلگىنىچە ئورۇن راسلىۋالدى - دە، قىڭغى-
يىپ يېتىپ ئارام ئالغاچ ئەتراپقا نەزەر
سالدى. مەيداندىكى ئادەملەر يەنە ئۆز ئىش-
لىرى بىلەن ئالدىراش ئىدى. بىردىنلا زا-
ۋۇت دەرۋازىسىنىڭ سىرتىدىكى كالتە ئەمما
ئاۋات بازار ئۇنى ئۆزىگە رام قىلىۋالدى.
پاختا سېتىۋېلىش خىزمىتى باشلانغان كۈن-
دىن تارتىپلا يېزا بازىرىدىكى مىلچمال
سودىگەرلىرىدىن تارتىپ كاۋاپچى، لەڭپۇڭچى،
ئاشپەز، سامسىپەز ... دېگەندەك تىجارەتچى-
لەرنىڭ ھەممىسى مۇشۇ يەرگە كۆچۈپ كەل-
گەنىدى. ئۇلار يىللاردىن بۇيان خېرى-
دار چىللاپ زىلىلىشىپ كەتكەن ئەڭ يېقىم-
لىق ئاۋازلىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ،
نورمال شارائىتتا زاۋۇتنىڭ ئىشچى - خىز-
مەتچىلىرىدىن باشقىلار ئاياغ باسمايدىغان
بۇ خىلۋەت ماكانىنى ئاجايىپ جانلاندۇرۇ-
ۋەتكەنىدى ... ئەنە، نەۋرىسىنى قوچىقىغا
ئېلىۋالغان 70 نەچچە ياشلاردىكى بىر بو-
ۋاي پۇرقىراپ ھور چىقىپ تۇرغان بىر
لېگەن گۆشنى ئالدىغا قويۇپ، ئىشتىھا بى-
لەن يېمەكتە، يېگۈزمەكتە. مانا، ئاشپۇزۇلدىن
كىكىرىشىپ، كۈلكە - چاقچاقلار بىلەن چىقىش-
قان بىر توپ يىگىتلەر دۇكاندارنىڭ ئال-
دىغا كەلگەندە پۇل تۆلەشنى بىر - بىرىدىن
تالاشماقتا. ئەنە، قازاندا پورۇقلاپ قايناۋ-
ۋاتقان سېمىز گۆشلەر، كاۋاپدانىدا پىژىل-
داۋاتقان كاۋاپلار. مانا، بانكىنىڭ بىخەتەر
ئىشكاپىدىن ھېلىلا يوشۇرۇنۇپ چىققان
يېپ-يېڭى يۈز يۈەنلىك پۇللار قولدىن -
قولغا ئۆتمەكتە ...

بەرگەن كۈنۈڭگە كۆز تەگمىسۇن،
ئىلاھىم، دېدى قاسىم ئاكا ئىچ - ئىچىدىن
سۆيۈنۈپ.

ئالاھەزەل بىر ئاش پىشىم ۋاقىت
ئۆتكەندىن كېيىن ھېلىقى قىزچاق بىر
توپ خالتا بىلەن قەغەزلەرنى كۆتۈرۈپ چىقىپ،
پىرىيوم قىلىنغان پاختىلارنىڭ ئىگىلىرىنى
چاقىرىشقا باشلىدى، قاسىم ئاكا ئۆزىنىڭ
ئىسمى چىققاندا «مانا مەن» دەپ ئالدىغا

چىقتى. قىزچاق بايا ئېلىپ كىرىپ كەتكەن پاختىنى ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.

— بالام، پاختام نەچچىنچى دەرىجىگە باھالىنىپتۇ؟ — سورىدى قاسىم ئاكا تەقەززالىق بىلەن. سېتىۋېلىشنىڭ دەسلەپكى ھەزگىلى بولغانلىقى ئۈچۈن پاختىنىڭ بىرىنچى بولۇشىدا گەپ يوق ئىدى. لېكىن قاسىم ئاكا نېمىشقىدۇر خاۋاتىرلىنىپ يەنە سورىدى.

— پىرىيوم قىلغانلار قەغەزنى گىرىچىنىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ بېرىدۇ، سەل تۇرۇپ گىرىچىدىن سوراپ باقسىلا، — دېدى قىز.

ئۇ بىر دەم ساقلىغاندىن كېيىن گىرىچى ئايالنىڭ قېشىغا بېرىپ سورىدى:

— ئۇكام، بىر يۈز قىرىق ئالتىنچى نومۇرلۇق قەغەزگە قاراپ باققان بولسىلا، نەچچىنچى دەرىجە بولدىكىن.

— ياللا، نېمانداق ئادەمنىڭ كۆزىگە كىرىۋېلىشىدىغاندۇ، ھېلى بىراقلا ئوقۇشسا بولمامدىكىنە! ئۈچىنچى دەرىجە! — دېدى پومداقىنە كەلگەن گىرىچى ئايال بىر ھازا قەغەزلەرنى ۋاراقلىغاندىن كېيىن غودراپ.

— نېمە؟ — قاسىم ئاكا ئۆز قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قالدى، — يەنە بىر دېسىلە، شۇنچە پاكىز تەرگەن پاختام ئۈچىنچى دەرىجە بوپتۇما؟ قانداق دېگەن گەپ بوپ كەتتى بۇ! ھە، راست، بايا نۇسخا ئالغان قىز بالا ئۇنى نەچچە خالتىنى بىراقلا ئېلىپ كىرىپ كەتكەندەك قىلىۋىدى، ھەقاچان شۇ بالا ئالماشتۇرۇپ قويىدى بولغاي.

ئۇزىچە ئەنە شۇنداق ھۆكۈمگە كەلگەن قاسىم ئاكا ئۇدۇل پىرىيومخانىغا قاراپ چاپتى. پىرىيومخانىغا پىرىيوم چىلاردىن باشقىلارنىڭ كىرىشى قاتتىق چەكلىنەتتى.

— ھە، نېمە گەپ! — توڭلۇق بىلەن سورىدى باش پىرىيومچى، دېرىزىدىن بويىنىنى ئۇزارتىپ ئەيمىنىپ قاراپ تۇرغان قاسىم ئاكىغا ھۆپپىيىپ.

— پاختامنىڭ دەرىجىسى بەك تۆۋەن چىقىپ قالغاندەك قىلىدۇ، شۇڭا قايتا پىرىيوم قىلدۇرۇپ باقايمىكىن دەپ ...

— بولمايدۇ، بولمايدۇ!

— ئۇكام، خاپا بولماي يەنە بىر قېتىم...

— بولمايدۇ، دېدىم بولمايدۇ. ھەر بىر كىشىنىڭ پاختىسىنى ئىككى قېتىمدىن پىرىيوم قىلغىلى تۇرساق شۇنچىۋالا پاختا قاچان تۈگەيدۇ!

— ئۇكام، پاختىنى بەك پاكىز تەرگەنىدىم، ئۇقۇشماي ئالمىشىپ قالغان بولسا...

— بولمايدۇ دېدىمغۇ! ؟ نەدىمۇ ئۇنداق ئىش بولسۇن؟ قانداق غەرەز ئۇقمايدىغان ئادەم بۇ! — باش پىرىيومچى سېمىزلىكتىن ئىششىپ كەتكەن ئېڭەك گۆشلىرىنى تىترىتىپ، قان ئۇچكەندەك قىزىلىق تولغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ ئۇنىڭغا گۆلەيدى.

قاسىم ئاكا ھەم خىجىل بولغان ھەم ئامالسىز قالغان بىر ھالدا ئارقىسىغا ياندى...

— ھە، قاسىمكا، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ شۈكلەپ ئولتۇرۇپلا كېتىپسىزغۇ؟

يېڭىچە مودىدا كىيىنگەن، قوي كۆزلىرى تىنىمسىز ئويناپ تۇرىدىغان بەستلىك يىگىتنىڭ بۇرغىدەك جاراڭلىق بوم ئاۋازى قاسىم ئاكىنى چۆچۈتىۋەتتى.

— نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان كۆرۈنمەي-

سەنغۇ، نەلەردە يۈردۈڭ؟

— ئۈرۈمچى، گۇاڭجۇ دېگەن شەھەرلەرنىڭ ئاسمىنىدا ئۇچۇپ، ئاخىرى يەنە ئۆز يۇرتۇمنىڭ دۆڭلىرىگە قوندۇم قاسىمكا، ئوقەتچىلىك قىلىۋاتىمەن، پۇل دېگەن نىجىس ئادەمنى جىم تۇرغۇزمايدىكەن، — دەپ كۈلدى ئابدۇل، ئۇلار ئەنە شۇ تەرىقىدە بىر دەم ئەھۋاللاشتى.

— پاختامنى ئۆز باھاسىدا ساتالمىغىنىمغا ئىچىم پۇشۇپ ئولتۇرىمەن، بالام، — دېدى قاسىم ئاكا سالام-سائەتكە ئۇلىنىپ داۋام قىلغان بىردەملىك پاراڭدىن كېيىن.

— نەچچىنچى دەرىجە بوپتۇ؟

— ئۈچىنچى دەرىجە.

— نېمە؟! ئىككى كوي سەككىز موغىمۇ يەتمىگۈدەكقۇ؟

— شۇنى دېمەمسەن بالام. شۇڭا قورسىقىم كۆپۈپ ئولتۇرىمەن. بەزىلەرنىڭ مېنىڭكىدىن خېلى ناچار پاختىسىمۇ ئىككىنچى بوپتۇ بولمىسا.

— ماڭا قاراڭ قاسىمكا، — دېدى ئۇ مەسلىھەت بېرىپ، — پاختىڭىزنى مۇشۇ پرىيوم بويىچە ئۆتكۈزسىڭىز نۇرغۇن زىيان تارتىپ قالغۇدەكسىز. مۇنداق قىلايلى، مەن پاختىڭىزنى قايتا پرىيوم قىلدۇرۇپ بېرەي. كىلوسىغا ئىككى كوي. سەككىز يېرىم مودىن پۇل بېرىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىدىكىسى ماڭا قالدۇ. قېنى قانداق دەيسىز؟

قاسىم ئاكا ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ھەيران قالدى:

— نېمە دەۋاتىسەن ئۇكاموي، ئۇنداقتا ساڭا زىيان چىقمامدۇ؟

— ياق، زىيان چىقمايدۇ، — دېدى ئابدۇل كەسكىن ھەم ئىشەنچلىك ھالدا.

قاسىم ئاكا ئابدۇلنىڭ باشقىچىرەك بىر ئېپىنىڭ بارلىقىنى پەملەپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى:

— قانداق قىلماقچىسەن؟

— نېرى-بېرىنى سورىمايلا قويۇڭ، قانداق، ماقۇل بولامسىز-يوق؟

قاسىم ئاكا ئۇنىڭ دېگىنىگە كۆندى.

— قاراپ تۇرۇڭ ئەمىسە، — ئابدۇل ئىككى تاقلاپلا نېرىراقتا نۇسخا ئېلىۋاتقان 16 ياشلار چامىسىدىكى بىر ئوغۇل بالىدىن كىچىك خالتىدىن بىرنى ئېلىپ، قاسىم ئاكىنىڭ پاختىلىرىدىن ئۆز ئىختىيارىچە نۇسخا ئېلىپ، ئۇنى كۆتۈرگىنىچە ئۇدۇل پرىيومخانىغا كىرىپ كەتتى. ئارىدىن 5 مىنۇت ئۆتمەيلا سىرلىق ھىجىيىپ قاسىم ئاكىنىڭ ئالدىغا ئۇندى. پرىيوم نەتىجىسى پۈتۈنلەي ئۆزگەرگەن بولۇپ، پاختا ئىككىنچى دەرىجىگە كۆتۈرۈلگەن ئىدى. پاختىنىڭ دەسلەپكى پرىيومدا بېكىتىلگەن ئىككى يۈەن يەتمىش ئالتە پۇڭلۇق باھاسى بىراقلا ئۆرلەپ ئىككى يۈەن توقسەن تۆت پۇڭغا چىققانىدى.

قاسىم ئاكا دەسلەپ ئەجەبلەندى. بىراق، بىر نەچچە مىنۇت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئۆزگىرىشلەر ئۇنىڭ قاتتىق غەزىپىنى قوزغىدى. قانلىرى قىزىپ، تومۇرلىرى كۆپۈشۈپ، يۈرەكلىرى داۋالغۇپ كەتتى. كۆپكۈندۈزدە سادىدا خەلقنىڭ

www.uyghurkitap.com

كۆزلىرىنى باغلاۋاتقان ئاچكۆز نەيرەڭ ۋازلاردىن ئۆچ ئالماقچى، دەۋالاشماقچى بولدى - يۇ، تولىمۇ تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. قوشنىسىنىڭ ئوغلى ئابدۇلنى ئاياپ قالدى. ئاچچىقىنى تاماكىدىن چىقارماقچى بولۇپ يېنىنى ئاختۇردى. ئەمما، سەرەڭگىسى يوق بولۇپ چىقتى...

قاسىم ئاكا پاختىلىرىنى مىڭبىر مۇشەققەتتە ئۆتكۈزۈپ بولدى. ئەمما، ئابدۇلنىڭ كارامەتلىرىنىڭ ئۇجۇر - بۇجۇرىنى بىلىپ بېقىش ئىستىكى پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغانىدى. شۇڭا ئابدۇل بىلەن ھېساب - كىتاب قىلىشقاندىن كېيىن ئۇنى زاۋۇت دەرۋازىسىنىڭ يىراق چېتىگىرەك جايلىشىپ قالغان ئادەم شالاڭ بىر ئاشخانىغا باشلاپ كىردى. پېتىرمانتىدىن 30 نى بۇيرۇپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ يېدى. تاماق ئاخىرىدا قاسىم ئاكا ئۆز مۇددىئاسىنى ئاشكارىلىدى.

— بالام، راستىنى ئېيتسام بۈگۈنكى كارامەتلىرىڭگە ئەقلىم يەتمەيلا قالدى. شۇڭا بۇنىڭ سىرىنى ماڭا بىر ئېيتىپ بەرسەڭ.

ئابدۇل تاماقتىن توختاپ، بىر ھازا ئويلىنىپ تۇرۇپ كەتتى.

— قاسىمكا، بۇنى سورىمايلا قويسىڭىزچۇ؟ — دېدى ئۇ تەڭلىكتە قالغان بىر ھالەتتە.

— زادى بىر بىلگۈم بار بالام، خاتىرجەم بول، سىرىڭنى قەتئىي مەخپىي تۇتىمەن. سەن بىلەن يولمۇ تالاشمايمەن. پەقەت بىلىپلا قالسام بولدى. پۇل دېسەڭ ئېيتىپ بەرگەن ھەققىڭ ئۈچۈن مانا بۇنى كوي، ئالدىڭغا قوياي، مېنى مۇشۇ ئىشنىڭ تېگىگە يەتكۈزگىن.

— يامان بىر سوئالنى سوراپ قالدىڭىز ئاكا، خەير، سىزنى دادام ئورنىدا كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئېيتىپ بەرسەممۇ بېرەي. ماۋۇ پۇللىرىڭىز ئۆزىڭىزدە قالسۇن. بىراق بىرلا شەرتىم — مەخپىيەتلىكنى ساقلايسىز. بۇ، ئادەمنىڭ بېشىغا چىقىدىغان ئىش.

قاسىم ئاكا ۋەدە بەردى.

— بۇنىڭدا ئالاھىدە كارامەتلەرمۇ يوق، — دېدى ئابدۇل سۆز باشلاپ، — پەقەتلا باش پىرىيومچى بىلەن تىلىمىز بىر. مەن ئادەتتىكى باھادىن بىرئاز يۇقىرى باھادا تونىلاپ پاختا سېتىۋالىمەن - دە، پىرىيومخانىغا كىرىپ باش پىرىيومچىغا يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە پىرىيوم قىلدۇرىمەن. كەچتە، ئالغان پايدىنىڭ ئالتە ئۈلۈشىنى باش پىرىيومچىنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ تاپشۇرىمەن. تۆت ئۈلۈشى ماڭا قالىدۇ.

— سەن پاختىنى ئادەتتىكى باھادىن يۇقىرى ئالساڭ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنى باش پىرىيومچى يەنە تېخىمۇ يۇقىرى ئۆلچەم بويىچە پىرىيوم قىلىپ بەرسە، كېيىن يۇقىرىدىن ئادەم كېلىپ تەكشۈرۈپ قالسا پاختىنىڭ سۈپىتىدىن چاتاق چىقمامدۇ؟

— تېيىز ئويلايدىكەنسىز ئاكا، ھەممىنى يەنە شۇ باش پىرىيومچى كونترول قىلىپ تۇرىدۇ. ئۇ قول ئاستىدىكى ياردەمچى پىرىيومچىلارغا چەك بەلگىلەپ بېرىپ پاختىلارنى ئومۇمىيۈزلۈك تۆۋەن ئۆلچەم

بويىچە ئىلىشىنى بۇيرۇيدۇ. ئۇلار ياردەم۔
چى بولغانلىقى ئۈچۈن غىدىق ـ پىدىق
قىلالمايدۇ. كېيىنى يېرىسلا پرىيومخانىدىن
مەيدانغا قوغلاپ چىقىرىدۇ. بىرى ئۇنىڭ
ساقىلىغا يامىشىۋىدى، تاس قالدى پرىيوم۔
خانىدىن ئايرىلىپ قالغىلى ... زاۋۇتتىكى باھا
ئومۇميۈزلۈك تۆۋەن بولغاندىكىن دېھقانلار۔
نىڭ ھەممىسى بىزدەك سودىگەرلەرنىڭ
ئالدىغا يۈگۈرەيدۇ. بىز قارىماققا يۇقىرى
باھادا ئالغاندەك قىلغىنىمىز بىلەن ئەمەل۔
يەتتە، يۇقىرىنىڭ ئۆلچىمىگە سېلىشتۇرغان۔
دا يەنىلا تۆۋەن باھادا ئالىمىز. پاختا
بىزنىڭ قولىمىزغا ئۆتكەندىن كېيىن باش
پرىيومچى ئاندىن رەسمىي ئۆلچەم بويىچە
يۇقىرى باھاغا چۈشۈرۈپ پرىيوم قىلىدۇ.
شۇنداق بولغاچقا ھېچقانداق چاتاق
چىقمايدۇ.

قاسىم ئاكا شۈكلەپ كەتتى.

ــ سەن يالغۇزلا شۇنداق قىلامسەن
ياكى باشقىلارمۇ شۇنداق قىلامدۇ؟

ــ مەندەكلەردىن بىر نەچچىسى بار.

ــ پاختا سودىگەرلىرىنى جازالىدى
دېگەندەك قىلىۋاتىمامتى؟

ــ كانايدا شۇنداق تەشۋىق قىلمىس۔
مۇ بولمايدۇ ـ دە. ئەمەلىيەتتە باش پرىيوم۔
چىمۇ سودىسىنىڭ كاپالىتى ئۈچۈن زاۋۇت
باشلىقىغا بەدەل تۆلەيدۇ. ئۇلارمۇ: «قام۔
لاشتۇرالىساڭ قىل!» ــ دەيدۇ. چاندۇرۇپ
قويغانلارنى جازالايدۇ.

ھۇ نەپسى بالا ھارامتاقلار! ئاچكۆز
زالىملار! قاسىم ئاكىنىڭ كۆزلىرىدىن دەھ۔
شەتلىك ئوت چاقناپ كەتتى. شۇ تاپتا
بۇ ئوت ئىنىدىن چىقسىلا خۇددى ۋەيلۇنىنىڭ
ئۈچقۇندىسىدەك پۈتكۈل جاھانغا شىددەت
بىلەن ھەملە قىلىپ، دۇنيانى قوقاسقا ئاي۔
لاندۇرۇۋېتىدىغاندەك ئىدى. بىراق، ئۇ ئى۔
نىدىن چىقالمىدى. يىلتىزلىرى كەڭ شا۔
خاپچىلارغا يۆلىنىپ كەتكەن زور بىر ئەكس
كۈچ ئۇنىڭ ھارارىتىنى ئاستا ـ ئاستا پە۔
سەيتىپ، چەكسىز بوشلۇققا سىڭدۇرۇۋەتتى.

ــ ئۇھ! ... ــ دېدى قاسىم ئاكا ئۇلۇغ۔
كىچىك تىنىپ، ــ ئۇلارمۇ بىر كۈنى يەپ
تويار، خۇدا ئۇلارغا ئىنساپ ياكى جازا بېرەر.

مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە

## مۇھاكىمە

يالقۇن روزى

# ئەدەبىياتىمىز مۇنازىرىگە ئېھتىياجلىق

ئەدەبىياتىمىزنىڭ غورىگىل ھاياتىنى ئۆزگەرتىش، ئۇنى جۇلالىق سەنئەت ئالىمىگە ئايلاندۇرۇش تۈرلۈك ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ ئىمكانىيەتلەرگە باغلىق. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزمۇ ئەنە شۇنداق قىسمەتنىڭ ئىلكىدە. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ راۋاجلىنىش يوللىرى كۆپ ھاللاردا ئوبيېكتىپ ئامىللاردىن كۆرە سۇبيېكتىپ ئامىللارنىڭ چەكلىشىگە ۋە بوغۇشىغا ئۇچراپ كەلدى. ئېتىكىلىق ئاتالغۇلارنى شىپى كەلتۈرۈپ، ۋەز-نەسىھەت قىلىشمۇ شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر.

يازغۇچى ھەمتىمىن ھوشۇرنىڭ «بۇرۇت ماجىراسى» ناملىق ھېكايىسى كېرىمجان ئابدۇرېھىم بىلەن ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا، كېرىمجانغا نىسبەتەن «پەزىلەتسىزلىك»، مەن ئۈچۈن ئەھمىيەتلىك ھېسابلىنىدىغان كالتە «ماجىرا» نى پەيدا قىلدى. مېنىڭچە، ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە مەردانە دوقۇرۇشۇپ قېلىشلاردىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. مەسىلە بۇنى قانداق چۈشىنىشتە. ئەگەر ئۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتىكى ساقلانغىلى بولمايدىغان نورمال ھادىسە دەپ قارىلىدىغان بولسا، بۇ ئەقىلگە مۇۋاپىق قاراشتۇر. ئەگەر ئۇنىڭغا دۇچ كەلگەندە ھودۇقۇپ كېتىپ، ئالدىراپ-تېنەپ ئېتىكىلىق ئاتالغۇلارغا مۇراجىئەت قىلىپ، «مۇھىمى پەزىلەت» دەپ قاراپ، ئۇنى ئەخلاققا باغلاپ چۈشىنىدىغان بولساق، بۇ بىر ئىلمىي بولمىغان خاتا پوزىتسىيىدۇر.

كېرىمجاننىڭ «كۆلكىلىك تراگېدىيە» ناملىق ماقالىسىدىكى تەھلىللەرنى ئىنكار قىلىش مەقسىتىدە يېزىلغان «‹بۇرۇت ماجىراسى› نىڭ قىممىتى» ناملىق ماقالەم كېرىمجاننىڭ نەزەرىدە ئوبزورچىلىقىمىزدىكى بىر-بىرىنىڭ پىكرىنى ئىنكار قىلىش بىلەن خاراكتېرلەنگەن كونا «ئەنئەنە» نىڭ داۋامى ئىكەن. مېنىڭچە، كېرىمجان ئىلگىرىكى ئوبزورچىلىقىمىزدىكى سىياسىي قالپاق كىيگۈزۈشۈپ ئېلىپ بېرىلغان ئەھمىيەتسىز، خاتا، سەنئەتكە خىلاپ مۇنازىرىلەر بىلەن ئەدەبىيات-سەنئەتنىڭ قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان نورمال مۇنازىرىنى ئارىلاشتۇرۇپ چۈشىنىۋالغاندەك قىلىدۇ. ئەگەر ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ ئەسەر ھەققىدىكى تەنقىدچىلىكىدە مۇنازىرە تۈسىنىڭ قويۇق بولۇشىنى كېرىمجانغا ئوخشاش پەزىلەتسىزلىك، بىھۇدە ئىسراپچىلىق، تويۇق يولغا كىرىپ قالغانلىق، تەنقىدچىلىكنىڭ ئورنىنى تۆۋەنلىتىۋەتكەنلىك دەپ قارايدىغان بولساق، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىكنىڭ خاراكتېرىگە ئۇيغۇن بولمىغان، بىر تەرەپلىمە، خاتا قاراشتۇر. بىزنىڭ ئىلگىرىكى ئوبزورچىلىقىمىز راستىنلا سىياسىي نۇقتىدىن، شەخسىيەتچىلىك، گۇرۇھۋازلىق نۇقتىسىدىن چىقىپ مۇنازىرىلىشىشتەك بىمەنە يولدا كۆپ مېڭىپ كەتتى. بۇ بىر ئېچىنىشلىق ساۋاق. ئەمما بۇ ھەرگىزمۇ ئوخشىمىغان ئەدەبىيات قاراشلىرى،

ئوخشىمىغان چۈشەنچىلەر ئاساسىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ تەرەققىياتىغا پايدىلىق، نورمال بەس - مۇنازىرە بىلەن بىردەك خاراكتېرگە ئىگە ئەمەس. ئەگەر خاراكتېرى ئوخشاش بولمىغان بۇ ئىككى خىل مۇنازىرە ئوخشاشلا «پەزىلەتسىزلىك، بىھۇدە ئىسراپچىلىق» دېيىلىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا «بەس - مۇنازىرە» دېگەن ئۇقۇمنىمۇ ئەدەبىي تەنقىدچىلىك لۇغىتىدىن چىقىرىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ. ئەمما بۇنداق قىلىش مۇمكىنمۇ؟!

كېرىمجاننىڭ ماقالىسىدە يەنە ئەدەبىي تەنقىدچىلىكتە مۇنازىرىلەشمەي، ھەر كىم ئۆزىنىڭ ئەدەبىي ئەسەر ھەققىدىكى قارىشىنى، چۈشەنچىسىنى ئوتتۇرىغا قويسىلا بولمىدىمۇ دېگەن بىر تولۇقلىما پىكىرمۇ بار. ئۇ «مىڭ كىتابخاننىڭ مىڭ ھاملېتى بار» دېگەن توغرا سۆزنىڭ خاتا ئىستېمال قىلىنىشى. «مىڭ كىتابخاننىڭ مىڭ ھاملېتى بار» دېگەن بۇ ھەقىقەتكە ئېلاستىكىلىق خۇسۇسىيەت بەخش ئېتىپ، ئۇنى خالىغانچە كېڭەيتىپ ئۆزلەشتۈرۈش، ماھىيەتتە بۇ ھەقىقەتنى سەپسەتىگە يېقىنلاشتۇرۇپ قويىدۇ. ئالدى بىلەن ئەسەر ھەققىدىكى ھەر قانداق باھا ۋە تەسىرات چوقۇم ئۆزىدە مۇئەييەن قىممەتنى ھازىرلىغان بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا قوبۇل قىلىش ئېستېتىكىسى نەزەرىيىلىرىنىڭ چۆنتىكى كۆتۈرۈپ قويغۇسىز نەرسىلەر بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. يەنە بىر جەھەتتىن، ئەدەبىي تەنقىدچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ھەر مۇقامدا يورغىلىسىمۇ ھېچ قانداق تەنقىدكە، ئىنكار قىلىشقا ئۇچرىمايدىغان، ئەدەبىيات - سەنئەت قوشۇنىنىڭ ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە ئەركە باللىرىدىن بولۇپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كەسكىن، رەھىمسىز مۇنازىرىلىشىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ خەلقىمىزنىڭ يېڭىلىنىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان مەدەنىيەت پىسخىكا قۇرۇلمىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئىنتايىن مۇھىم. بىز ھازىرغا قەدەر تېخى ئەدەبىيات - سەنئەت قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇن بولغان نورمال بەس - مۇنازىر مۇھىتىنى شەكىللەندۈرۈپ بولالماي تىت - تىت بولۇپ كېتىۋاتىمىز. ئەدەبىي تەنقىدچىلىكىمىزنىڭ بىر ئىزدا چۆگىلەۋەرگەنلىكىدىكى سەۋەبمۇ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات - سەنئەت تەرەققىياتى جەريانىدىكى ماھىيەتلىك كۈچىنى جارى قىلدۇرالماي كەلگەنلىكىدىكى سەۋەبمۇ، قورال-ۋاستە بولۇپ قېلىشتەك ئۇيۇق يولغا كىرىپ قالغانلىقىدىكى سەۋەبمۇ دەل مۇشۇ يەردە. بىزنىڭ يازغۇچى - شائىرلىرىمىزمۇ، ئەدەبىي تەنقىدچىلىرىمىزمۇ تەنقىدكە، بەس - مۇنازىرىگە كۆنەلمەيۋاتىدۇ، ئىلمىي پوزىتسىيە تۇتالمايۋاتىدۇ. ئەمما ماختىنىشقا ھەممىسىلا كۆنۈك، ھەتتا خاتا ماختالسىمۇ كەڭ قورساقلىق بىلەن خۇشال بولۇپ، قوبۇل قىلىۋېرىدۇ. بۇ يەردىكى مەسىلە ئەدەبىياتقا بولغان مۇھەببەتنىڭ ساپ ۋە كۈچلۈك بولماسلىقىدىن، ئەدەبىي تەنقىد ھەققىدىكى چۈشەنچىنىڭ چولتىلىقىدىن كېلىپ چىقىۋاتىدۇ. بىزدە ئەدەبىي تەنقىدكە ئىجادىيەتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان، ئەسەرلەرگە ياخشى ياكى يامان دەپ باھا بېرىدىغان، كىتاب بىلەن كىتابخاننى مۇناسىۋەتلەشتۈرىدىغان بىر ئەدەبىي تەركىب دېگەندەك بىر تەرەپلىمە تەبىر بېرىلگەن. بۇ ھەقتىكى مۇلاھىزەمنى مۇشۇ يەردە توختىتىپ تۇراي.

ئەمدى كېرىمجان بىلەن بولغان ئەسلى «ماجىرا»، «يوشۇرۇن مەنە» مەسىلىسىگە كېلەي. كېرىمجان ماقالىسىدە «ھەممىنى قويۇپ تۇرۇپ ئەسەرگىلا مۇراجىئەت قىلىدىغان بولساق، بۇنداق (چۈۋۈپ توقۇلۇش) نىڭ بازار باشلىقى بىلەن قىلچە سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز»، «‹مەن› پەقەت بويىنىڭ ئۆزىگە پاراكەندىچىلىك كەلتۈرۈپ بەرمەسلىكى ئۈچۈنلا خىيالىي دۇنياسىدا (چۈشىدە) چۈۋۈپ

www.uyghurkitap.com

توقۇلىدۇ»، «بۇ يەردىكى چۇۋۇپ - توقۇلۇش ئەسەرنى ئوقۇغان ھەرقانداق ئادەمگە ئايانكى، پەقەت «مەن» نىڭ ھېلىقى شاپ بۇرۇتىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بويى بىلەنلا مۇناسىۋەتلىك» دەپ يازىدۇ. كېرىمجاننىڭ ئەسلى «ئەسەرگە مۇراجىئەت قىلىپ» ھاسىل قىلغان بۇ چۈشەنچىسىنى ئىنكار قىلماي ئامال يوق. چۈنكى مەن ئىلگىرىكى ماقالەمدە بۇ ھېكايىدىكى يوشۇرۇن مەنە قاتلاملىرىنى، دارىتمىلاش، سىمۋوللارنى چوڭقۇر يەرلىرىگىچە چۈشىنىش ئۈچۈن زوقلانغۇچىدا چوقۇم مىللىي روھتىن ئىبارەت مەنىۋى تەييارلىق بولۇشى كېرەك دېگەنىدىم. ئەلبەتتە بۇنداق «ئاچقۇچ» نى ھازىرلىمىغان ئەھۋالدا ھېكايىنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنىدىن كېرىمجانغا ئوخشاش يەكۈن چىقىرىش تەبىئىي ئەھۋال.

«مەن» نىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئىچىنىڭ بازار باشلىقى بىلەن زادى سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى بارمۇ - يوق؟ مەنمۇ ئەسەرگە مۇراجىئەت قىلىپ باقاي. ھېكايىنىڭ بېشىدا «مەن»، «بۇرۇت قويغانلارنى تىزىملاۋېتىپتۇدەك» دەپ ئاڭلاپ ئاۋۋال گاڭگىراپ قالىدۇ، كېيىن «توغرا، ھېلىقى بىر يىللاردا ساقال - بۇرۇتلارنى قايچىلىغاندەك ئىشلار بولۇۋېدى، يەنە شۇنداق بىر پالاكەت يۈز بەردىمۇ - يا؟!» دەپ ئويلاپ، بۇ خىل غەلىتە ئەھۋالنى ئۆزىنىڭ ھايات كەچمىشلىرىدىكى مەلۇم ئىشلارغا باغلاپ چۈشىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن «تۇرۇپلا ئەندىشىگە چۈشۈپ» قالىدۇ. كېيىن قوغداش كادىرى ئۆمەرجاننى ئۇچرىتىپ، ئۇنىڭدىن «تۆت - بەش كۈننىڭ ئالدىدا مۇنۇ بازاردا سىلىگە ئوخشاش ئېگىز بوي، شاپ بۇرۇتتىن بىرى كۆپكۆندۈزدىلا پىچاق كۆتۈرۈپ ئادەم بوغۇزلىماقچى بولغان ئوخشايدۇ، ھازىر بازار باشلىقىنىڭ ئۆزى بۇ ئىشنى تەكشۈرۈۋاتىدۇ...» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ مېڭىسىدىن «تۈتۈن چىقىپ» كېتىدۇ ھەم دەرھال بۇرۇتى بار بالىسىمۇ ئۇنىمىغىنىغا قويماي ساتىراشخانىغا ئېلىپ بېرىپ بۇرۇتىنى غىردىتىۋېتىپ كېلىدۇ. ئايالى بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىسا، «يۈرىكى ئاجىز بۇ خوتۇنغا راست گەپنى قىلغۇسى كەلمەيدۇ». شۇ ئاخشىمى ئۇ «چۇۋۇپ - توقۇلۇپ» چۈش كۆرىدۇ. ئەتىسى بازار باشلىقىنىڭ ھوزۇرىغا چاقىرتىلىپ، نۇرغۇن پوپوزا - ھەيۋىلەرنى ئاڭلايدۇ (بىچارە بۇرۇتلۇق ئۆزىدە قىلچە گۇناھ يوق تۇرۇپمۇ غىڭ قىلالمايدۇ. غىڭ قىلىپ قويسىلا چۇۋۇپ - توقۇلۇشتىن قورقىدۇ. چۈنكى بۇنداق قىسمەت ئۇنىڭ ئۈچۈن يېڭىلىق ئەمەس). بازار باشلىقى بولسا، تېخىمۇ ئەزۋەيلەپ (ماھىيەتتە بولسا، ئۇ تېخىمۇ قورقىدۇ. چۈنكى ئۇ دائىم ئۆزىنى شىرغا مىنىپ قالغان ئۇۋچىدەك ھېس قىلىدۇ)، بۇرۇتلۇق پىچاقچىلار ھەققىدە ئىسكەندەر، چىڭگىزخانغا مۇناسىۋەتلىك رىۋايەتلەرنى سۆزلەيدۇ. ئاخىرىدا «مەن» گە «بۇرۇتىڭىزنىڭ شەكلىنى دېگىنىم: توم بۇرۇتمۇ، بوم بۇرۇتمۇ، شاپ بۇرۇتمۇ، سىم بۇرۇتمۇ ھەممىنى ئېنىق يېزىپ، ئەتىدىن قالدۇرماي بىزگە تاپشۇر!» دەپ بۇيرۇق قىلىدۇ. «مەن» شۇ كۈنى دەرھال بۇرۇتىنىڭ «تۇغۇلۇشىدىن تارتىپ ئۆلگىچە بولغان قىسقىچە تارىخىنى» يېزىپ چىقىدۇ (مانا بۇ چۇۋۇپ - توقۇشنىڭ باشلىنىشى). كەچتە كىر ئالغۇنىڭ ئىچىدە پىرقىراپ، ماغزاپنىڭ ئىچىگە چۆكۈپ كېتىپ، گۇلدۇر - غالاپ قىلغان ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە ۋارقىراپ چۈش كۆرىدۇ. دېمەك، بۇ بۇرۇتلۇقنىڭ روھىي تەڭپۇڭلۇقى قاتتىق بۇزۇلۇپ، ئارامى پۈتۈنلەي يوقىلىدۇ. ئولتۇرسا - قوپسا ئەندىشىدىن نېرى كېتەلمەيدۇ. كوچا ئايلىنىپ بازارغا چىققان چاغدىمۇ «ھەقاچان بازار باشلىقى بۇ بازارنى ئۇزۇن ئۆتمەي چوقۇم باشقىدىن توقۇيدىغۇ، دەيمەن» دەپ ئويلايدۇ. بۇلاردىن

كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، «چۈۋۈپ توقۇشنىڭ» بازار باشلىقى بىلەن سەۋەب - نەتىجىلىك مۇناسىۋىتى ناھايىتى قويۇق. ئاشۇنداق سۇ كۆرمەي ئۆتۈك سالىدىغان تەنتەك، ئادالەت تۇيغۇسى، قانۇن ئېڭى كەم، بۇرۇتلۇقلارغا گۇمان بىلەن قارايدىغان، ھە دېسىلا چۈۋۈپ-توقۇشقا تەييار تۇرىدىغان بازار باشلىقىنىڭ بازىرىدا ياشاۋاتقان بۇرۇتلۇقلار تەبىئىي ھالدا ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىغا گىرىپتار بولىدۇ، ئەلۋەتتە.

كېرىمجان ھېكايىسىنىڭ مەزمۇنىدىكى مانا مۇشۇنداق چۈشىنىشلىك ئېچكى رېئاللىقنى نەزەر-دىن ساقىت قىلىپ، «ئەسەردىن مەلۇمكى، ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي دېگۇدەك مەۋجۇت» دەپ تونۇيدۇ. ئۆزى ياشاۋاتقان تۇپراقتا، ئۆزىنى ياراتقان خەلقنىڭ قەلبىگە يىلتىز تارتقان بىر ئادەمنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردىن ئالىدىغان تەسىراتى ئاساسەن ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىن ئالغان تەسىراتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. مەن بۇ بۇرۇتلۇقنىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىنى يالغاندىن «بۇ ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭى»، «ئىنسان تەبىئىتىگە خاس بولغان پسىخىك كەچۈرمىش» دەپ چۈشىنىپ، ئۆزۈمگە ۋە يازغۇچىنىڭ ئەسىرىگە يالىتىراق سوپەت بېرىشنى خالىمايمەن. چۈنكى يازغۇچىنىڭ يۇدۇرلۇق تەبەسسۇم ئىچىدىكى ياش يۇقى كۆزى مېنىڭ ئۇلۇغ ئازابلار بىلەن تولغان قەلبلەرنىڭ پۇچۇلىنىشىدىن ھۇزۇرلىنىدىغان ئىپتىنىك خاھىشىمغا ناھايىتى ئۇيغۇن كېلىدۇ. شۇڭا ھېكايىدىكى «مەن» نىڭ ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭىنى ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا تەبىئىي مەۋجۇت دەپ قارىمايمەن. ئەگەر شۇنداق قارايدىغان بولساق، ساتىراشنىڭ مۇنۇ سۆزلىرىنى قانداق چۈشىنىش كېرەك؟ «— توۋا دەيمەن، ئاتا - بالا ئىككىڭلارنى قوشقاندا، بۈگۈن ساتىراشخانىمىزغا كېلىپ بۇرۇتىنى غىردىتىۋەتكەنلەر يىگىرمىدىن ئېشىپ كەتتى». شۇنچىۋالا بۇرۇتلۇقلارنىڭ ھەممىسىدە ئەنسىرەش - قورقۇمسىراش ئېڭى تەبىئىي دېگۇدەك مەۋجۇتمىدۇ؟ بۇ مېنىڭچە روشەن ئوبيېكتىپ ئېچكى سەۋەبكە ئىگە غەيرىي تەبىئىي مەۋجۇتلۇق.

كېرىمجان ماقالىسىدە يەنە ئۆزىنىڭ «ئۇنىڭدىكى (ھېكايىدىكى) كۈلكە ئادەملەرنىڭ مەنىۋى تراگېدىيىسىنى — بىھۇدە ئەندىشە - قورقۇمسىراش بىلەن ھايات خاتىرجەملىكىدىن مەھرۇم قىلىش، ئۆمۈرنى قىسقارتىۋېتىشتەك پاجىئەنى ئېچىنىپ گەۋدىلەندۈرۈپ بەرگەن» دېگەن قارىشىدا چىڭ تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ ھەم مېنىڭ تەھلىللىرىمنى «پېرسوناژلارنى مۇناسىۋەتسىز تەرەپلەر بىلەن بىھۇدە شەرھلىگەن» دەپ قارايدىغانلىقىنى يازىدۇ. كېرىمجاننىڭ تەھلىلىچە بولغاندا، بۇ ھېكايە كىتابخانلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشى ئۈچۈن پسىخولوگىيىلىك تىببىي ساۋات بېرىشنى مەقسەت قىلغان، ئادەتتىكى پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىگە ئىگە ئەسەر بولىدۇ، خالاس. بۇ نۇقتىدا مەن كېرىمجاننىڭ «بۇرۇت ماجىراسى» نىڭ زادى نېمە مەقسەتتە يېزىلغانلىقىنى بىلمەيمەن» دېگەن ئىزاھاتىغا تولۇق قوشۇلىمەن. كېرىمجان ھەقىقەتەن بۇ ھېكايىنىڭ يۈكسەك قىممىتىنى ھېس قىلىپ يېتەلمەپتۇ. ئەگەر كىتابخاندا مۇئەييەن رېئالىستىك روھ بولىدىكەن، بۇ ھېكايىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلىش تەس گەپ ئەمەس. كۆزىمىزنى يۇمۇۋالمىساق، بەلكى ئاستىمىزدىكى تۇپراققا، ھايات قىسمەتلىرىمىزگە تىكىلىدىغان بولساقلا، ھېكايىنىڭ نېمە مەقسەتتە يېزىلغانلىقىنى بىلمەك تەس ئەمەس.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

# ئالقىش ۋە ئۈمىد

ۋەركىن ۋامەت

## نەسىرچىلىكىمىزدىكى يېڭى يۈكسىلىش

جەمئىيەتنىڭ ماددىي بايلىق يارىتىش ئىقتىدارى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر يېمەك - ئىچمەك، تۇرار جاينىڭ چەكلىمىسىدىن پەيدىنپەي قۇتۇلۇپ، كونكرېت ماكان، زامان چەكلىمىسىدىن ھالقىغان كۆپ قاتلاملىق تەپەككۇر ئالەمگە پەيدىنپەي قەدەم تاشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا بۇ خىل ئاڭ جەمئىيەت روھىي پسىخىكىسىنىڭ سەزگۈر بارومېترى بولغان ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئوبرازلار ۋاستىسى بىلەن روشەنلەشتى ۋە چوڭقۇرلاشتى. بۇنىڭغا بىر جەھەتتىن قېرىنداش مىللەتلەر ئەدەبىياتى ۋە چەت ئەل ئەدەبىياتىنىڭ تەسىرى سەۋەب بولغان بولسا، يەنە بىر ئوبيېكتىپ ئەھۋال ئەدەبىياتىمىز ئومۇملىشىش باسقۇچىدىن مۇكەممەللىشىش، يېتىلىش باسقۇچىغا كىردى. ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ خىل ئابستراكتلىشىش يۈزلىنىشى ئەڭ دەسلەپ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتىدىكى شېئىرىيەتتە بارلىققا كەلدى. ئارقىدىنلا يېڭىچە ئۇسلۇب بىلەن مىللىي ئەنئەنە بىرلەشتۈرۈلگەن نەسرىي ئەسەرلەر يېزىلدى. بىر تۈركۈم ياش قەلەمكەشلەر بۇ جەھەتتىكى سىناققا قاتناشتى. ئەدەبىياتىمىزنىڭ نەسىرچىلىك ئىجادىيىتىدە يېڭىلىق ياراتقۇچىلار گەرچە ساناقلىق بىرنەچچە ئاپتور بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنىڭ بەدىئىي تەپەككۇرى يەتكەن چوڭقۇرلۇق باشقا ژانىرلاردىن قېلىشمايدۇ. بىز نۆۋەتتە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ياش نەسىرچى ئەركىن نۇرنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1991 - يىللىق 1 - سانىدا ئېلان قىلىنغان نەسىرلىرىنى تەھلىل قىلىپ، ئۇنىڭ نەسىرچىلىك سەنئىتىدىكى ئۆزگىچىلىك بىلەن تونۇشۇپ باقايلى.

كۆپچىلىككە مەلۇم، ئەدەبىياتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى بىر خىللىق ۋە ئوخشاشلىق، سەنئەتنىڭ ھاياتىي كۈچى ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇش ئاساسىدا ئۈزلۈكسىز يېڭىلىق يارىتىشتىن ئىبارەت. مەسئۇلىيەتچان سەنئەتكارلار پەقەت بىر - بىرىنىڭ ئەسىرىدە پەرق بولۇشىنىلا كۆزدە تۇتماستىن، بەلكى بۈگۈن يازغان ئەسىرى بىلەن ئەتە يازماقچى بولغان ئەسىرىدىمۇ پەرق بولۇشىنى نىشان قىلىدۇ. ئەدەبىياتنىڭ ئەركىن ژانىرى بولغان نەسىر ئىجادىيىتىدە تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. نەسىر ئىجادىيىتىمىزدە ئۇزۇندىن بۇيان سۆز - ئىبارىلەردىكى دەبدەبىگە بېرىلىپ، مەزمۇندىكى بىر خىللىق ۋە پوچەكلىككە سەل قاراپ، شەيئىلەرنىڭ تاشقى پوستىدىكى نەرسىلەرگە رومانتىك بوياق بېرىپ قويۇش بىلەنلا چەكلىنىپ، نەسىرچىلىك ژانىرىنىڭ شەكىل ۋە مەزمۇنىدىكى جانلىقلىقنى تولۇق جارى قىلدۇرالمىغانىدۇق. بىراق ئەركىن نۇرنىڭ ئىجادىيىتىدە بۇ خىل

چەكلىمىلىكلەر بۆسۈپ تاشلىنىپ، يۇقىرىقىلارنىڭ ئورنىنى تەسىرلىك ۋەقەلەر، پەلسەپىۋى قىزىلىمىلارغا باي بولغان سىمۋوللۇق ئىشارەتلەر، ھېسسىياتلىق، ئاددىي، چۈشىنىشلىك، مەزمۇنى چوڭقۇر سۆز - ئىبارىلەر ئىگىلىمىدى. ئەسەردىن ئىبارەت بۇ ئامىباب ژانىر پەقەت ھېسسىيات ئالماشتۇرۇش، ئوي - پىكىرنى ئىپادىلەش ۋاستىسىلا ئەمەس، بەلكى ئۇ ھايات ماھىيىتىنىڭ ئىچكى سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە بايقاش ئېلىپ بېرىش سورۇنى بولۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆز ئۈستىگە ئالغان. بىز ئەركىن نۇر ئەسەرلىرىدە ئىدىيىۋى، بەدىئىي قۇۋۋەتنىڭ جۇشقۇنلاپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلىمىز.

قېنى، بىز ئۇنىڭ «دېڭىزچى ناخشىسى» ناملىق ئەسىرىنى كۆرۈپ باقايلى: بىر بوۋاي زەئىپ گەۋدىسى بىلەن كېمە ياغىچىنى چىڭ تۇتقىنىچە قاراڭغۇ كېچىدە شىددەتلىك دېڭىز دولقۇنى بىلەن تەنھا ئېلىشىۋاتاتتى. ئەتراپتا ماياكمۇ، ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاي ياكى جىمىرلاۋاتقان يۇلتۇزلارمۇ كۆرۈنمەيتتى. يېيىلىپ ياتقان دېڭىز، پايانسىز قاراڭغۇ كېچە ۋە بوۋاينىڭ ئازاب - ئوقۇبەت ئىچىدە ئۆرتەنگەن روھىدىن باشقا ھېچنېمە يوق ئىدى. بوراننىڭ تىغدەك قىرلىق تېنى يەلكەننى يىرتىپ تاشلىدى. ماچتىلارمۇ سۇندى. بوۋاينىڭ ئۈمىدسىزلىك قايغۇسى چىدىغۇسىز ئازابقا ئايلاندى. بوۋاي ئاخىرى ھەممىنى چۈشەندى. قىرغاقتا ئۆزىنى زارىقىپ كۈتۈۋاتقان ئادىمى، ئۆي - ماكانى ياكى ئۆزى بارمىسا بولمايدىغان مەنزىلگاھى بولمىغان بىر دېڭىز سەرگەردانى ئۈچۈن نىشان تاللاش نە ھاجەت؟! بوۋاي ئۆزىنى دېڭىزنىڭ ئالقىنىغا قويۇۋەتتى. ئەمما قىزىقارلىق يېرى، بوۋاي ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ، تىنچلىققا ئىگە بولدى. ھاياتلىق ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچتى. ئاپتور بۇ ئەسىرىدە مەسەل شەكلىنى قوللىنىپ، ئازاب - ئوقۇبەت، بەخت، ئالىيجانابلىق، باتۇرلۇق ۋە زەئىپلىكنىڭ يۇغۇرۇلمىسى بولغان رېئال ھاياتتىكى جاپا - مۇشەققەتلىك مۇھىت ئارقىلىق ئىنسان روھىنىڭ يالغۇزلۇق، تېگىرقاش ئىچىدىكى ئىزدىنىشىنى گەۋدىلەندۈردى. بوۋاي ئىنسانلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ سىمۋولى بولۇپ، ئۇنى قاڭقىتىپ ئېقىتىپ كېلىۋاتقان دېڭىز ئارقىلىق رېئاللىق يورۇتۇلغان. بۇ ئەسەردە جەمئىيەتنىڭ روھىي پىسخىكىسى سەزگۈرلۈك بىلەن مۇپەسسەل ئىپادىلەپ بېرىلگەن. بوۋاينىڭ جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن زەئىپلىشىپ، تەقدىرىنىڭ شەپقەتسىز بېسىمىنى ھېس قىلغان چاغدا ئېلىپ بارغان تاللىشى ئارقىلىق ھاياتلىق ئۈستىدە دادىللىق بىلەن ئەركىن تاللاش ئېلىپ بېرىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكى گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

«قىش قىسسىسى» ناملىق ئەسەر ئاپتورنىڭ قىش ھەققىدىكى تەسۋىرلىرى، باغلانما تەسەۋۋۇرلىرى بىلەن تولغان بولۇپ، قارىماققا پارچە - پۇرات ۋە قالايمىقان تەسىراتلار دۆۋىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما ئاپتور بۇ تەسىرات، ئوبراز ۋە مۇلاھىزىلەر ئارقىلىق ئۆزى ئىپادىلىمەكچى بولغان جەۋھەرلىك مەزمۇنلارنى تاۋلاپ چىققان. ئاپتور قىش مەنزىرىسىگە تەلپۈنىدۇ، قىش پەسلىنىڭ ئۆزىگە خاس خاسىيىتىدىن ھۇزۇرلىنىدۇ. قار بوۋاي ياسىشىپ ئويناۋاتقان باللار، باغچىدىكى مۇز ھەيكەللەر ئۇنى سۆيۈندۈرىدۇ، ئەمما ئاپتور باي تەسەۋۋۇرى ۋە سەزگۈرلۈكى ئارقىلىق بۇ قار - مۇزلاردىنمۇ

سوغۇق ھەم قېتىپ كەتكەن يەنە بىر دۇنيانى بايقايدۇ. ئاپتورنىڭ نەزەرى رېئاللىقتا ئاغدۇرۇلىدۇ. ئۇ قىش پەسلىنى رېئاللىقتىكى بۇرۇختۇملۇق، جاھىل خۇراپاتلىقتا سېلىشتۇرۇپ، ھەقىقىي سوغۇق قىش - جەمئىيەتنىڭ ئالغا سىلجىشىغا توسقۇن بولۇۋاتقان كىشىلەرنىڭ مۇزلىغان، چۈشكۈن روھىي دۇنياسى ئىكەنلىكىنى بايقايدۇ، ئاپتورنىڭ قەلب كۆزى دەبدەبە، ھەشەمەت، كۈچلۈكلۈك نىقابى ئاستىدىكى ئاجىزلىق، ساختىلىقنى كۆرۈپ يېتىدۇ. «مەن» نىڭ قەلبى ئوتتەك يالقۇنجايدۇ، ئەمما رېئاللىقتىكى ئەنئەنىۋى ئادەت كۈچى ۋە خۇراپاتلىق ئاسارىتىدىكى مۇھىتتا ئۇ ئۆزىنى شۇ قەدەر سوغۇق ھېس قىلىدۇ. «مەن» نىڭ قەلبىدىكى سائەت خۇددى سېھىرلەنگەندەك تېز ئايلانسا، رېئاللىقتىكى سائەت شۇ قەدەر ئاستا، كېلەڭسىز ئايلىنىدۇ. خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پاتقان كىشىلەر رېئاللىقتا يۈز بېرىۋاتقان غايەت زور ئۆزگىرىشلەرگە ئەگىشىپ، ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۆزگىرىشى كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ. دۇنيا ئايلىنىۋاتادۇ ياكى تىنىچ تۇرۇۋاتامدۇ؟ بۇ ئۇلارنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ. كونا ئادەت كۈچى ئۇلارنى خۇددى سىرتماقتەك چۈشەپ ئالغان، شۇڭا ئۇلار ئۈزلۈكسىز يورۇقلۇققا چىقىۋاتقان يېڭىلىقلارنى چەكلەشكە ئۇرۇنىدۇ.

چۆچەك شەكلىدە يېزىلغان «ئەما» ناملىق نەسىردىكى ئەما پەقەت ئۆزىنىڭ ئىچكى ئاۋازىغىلا ئىشىنىدۇ. بۇ ئاۋازلا ئەماغا يول باشلاپ، ئۇنى ھەتتا پىلسىراتتىنمۇ ئۆتكۈزەلەيدۇ. بىراق مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئەمانى تونۇغانلىقى ۋە ئۇنى مەھەللىدىكىلەرنى ئالدايدىغان ئالۋاستى دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنى قوغلىۋېتىدۇ. ئەما شەھەرگە كېلىدۇ، لېكىن ئۇلارمۇ ئوخشاشلا ئۇنىڭغا دەشنام ۋە ھاقارەت تەقدىم قىلىدۇ. ئۇ ئاخىرى قاراقچى بولۇپ كېتىدۇ ۋە ئۇزاق ئۆتمەي زىندانغا قامىلىدۇ. كۆپ يىللاردىن كېيىن ئۇ زىنداندىنمۇ چىقىدۇ ۋە ئۆزىگە ئۇچرىغان بىر ئېشەككە ئىچ سىرىنى تۆكۈپ قانغۇچە مۇڭدىشىدۇ.

ئەما — بەختسىزلىككە ئۇچرىغۇچى. كىچىكرەك ئوقۇشسىزلىقتىن كىچىك ساۋاققا، چوڭقۇر ئوقۇشسىزلىقتىن چوڭ ھەقىقەتكە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئەما ھاقارەت، دەشنام ئىچىدە ھەقىقەتنىڭ يۈكسەك ئېگىزلىكىگە چىقىدۇ. ئۇ بۇ ئېگىزلىكتىن تۆۋەنگە نەزەر تاشلاپ، جىسىملار بار، روھى يوقالغان چۈشكۈن ئادەملەر توپىدىن ئۆزىگە ئېتىقاد ئىزدەشنىڭ كۈلكىلىك ئاۋارىگەرچىلىك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەندە، ئۆزىنى شۇ قەدەر تەنها ھېس قىلىدۇ. چىدىغىلى بولمايدىغان يالغۇزلۇق ئۇنى چىرمىۋالىدۇ. بىراق ئۇ رېئاللىقتىن بەزگەندىن كېيىن، چەكسىز مېھرى - مۇھەببەت ۋە گۈزەللىكنىڭ سىمۋولى، بارلىق ھاياتلىقنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرگۈچىسى بولغان تەبىئەت دۇنياسىنى بايقايدۇ، شۇنداقلا ئانا تەبىئەت بىلەن قانغۇچە مۇڭدىشىدۇ، ئۇنىڭدىن ھاياتلىققا بولغان ئېتىقاد، مېھرى - مۇھەببەت تاپىدۇ. تەبىئەت دۇنياسىدىكى بەتبەشىرە مەخلۇق — ئېشەك بىلەنمۇ بىر تەن - بىر گەۋدە بولۇپ كېتىدۇ. ئېشەكتىكى تەبىئىي تۇيغۇ، تەبىئىي روھ ئۇنى سۆيۈندۈرىدۇ. ئۇ تەبىئەت دۇنياسى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ، ھاياتلىقنىڭ ئۇلۇغ، يۈكسەكلىكىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھېس قىلىدۇ.

تەبىئەتنىڭ غۇبارسىز گۈزەل تەبىئىتى بىلەن رېئاللىقنى سېلىشتۇرۇپ، مېھىر - شەپقەت ۋە ئىنسان تەبىئىتىنى كۆرەلمەيدىغانلارنىڭ ھەقىقىي ئەما ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، شۇنداقلا تەبىئەتتىكى ئۆزئارا ماسلاشقان، بىر - بىرىگە تايىنىپ ياشاش مۇناسىۋىتىدىن تەبىئەتنى ئۇلۇغلاش، تەبىئەتكە قايتىش ئىدىيىسىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، تەبىئەت دۇنياسى بىر ئەينەك، بىز ئۇنىڭدىن ئۆزىمىزنىڭ ھەقىقىي قىياپىتىمىزنى كۆرەلەيمىز دېگەن قاراشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

ئاپتور «قارىغۇ چاشقان ئويۇنى» ناملىق نەسرىدە بەختكە ئېرىشىش يولىدا تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك سىناقلىرىغا، مازاق قىلىنىشقا ۋە ھاقارەتكە ئۇچرىسىمۇ، تىز پۈكمەي ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان بىر ئىنساننىڭ ئوبرازىنى يارىتىدۇ. دەرۋەقە، ھاياتلىق — ئۇلۇغ مەۋجۇدىيەت. قانداق قىلىپ ھاياتنى ئەھمىيەتلىك ئۆتكۈزۈش، تەقدىر بىلەن بەختكە قانداق مۇئامىلىدە بولۇش — بۇ ھاياتلىقتىن ئىبارەت قىممەتلىك سوۋغىغا ئىگە بولغۇچى ھەر بىر ئىنسان جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە. ئاپتور ئۆزىنىڭ بۇ نەسرىدە ھاياتلىقتا بولغان سۆيگۈ ھەم چۈشەنچىسى ئارقىلىق باش قەھرىمانىنى بەخت ۋە بەختسىزلىكتىن ئىبارەت توپ مەسىلىگە يۈزلەندۈرىدۇ ھەمدە بەختكە ئېرىشىشتىن ئىبارەت ئىنسانىيەتنىڭ بۇ توپ ھوقۇقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا توسقۇن بولۇۋاتقان سىرلىق كۈچلەر مەنبەسى ئۈستىدە ئىزدىنىدۇ.

ئەركىن نۇرنىڭ «بۇلۇت پەرۋازى» ناملىق نەسرىدە زامانىۋىلىشىش يولىدىكى ئىزدىنىش، بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ ئىنتىلىشى، زىددىيەتلىك روھىي دۇنياسى ۋە كۈرەشلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋى ئىدېئولوگىيىنىڭ سوقۇلۇشىدىن چاقنىغان ئۇچقۇننى كۆرەلەيمىز. بۇ نەسر ئاپتورنىڭ شېئىرىي تۇيغۇغا باي ئەسىرى بولۇپ، بىز ئۇنىڭدىن لىرىك ھېسسىيات بىلەن پەلسەپىۋى پىكىرنىڭ مۇكەممەل بىردەكلىككە ئىگە قىلىنغانلىقىنى كۆرەلەيمىز، شۇنداقلا بۇ نەسىردە نەسر ژانىرىنىڭ ئوبراز يارىتىشتىكى ئۆزگىچىلىكى، مەزمۇن سىغىمچانلىقى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغان. نەسىردە خۇراپاتلىق پاتقىقىغا پېتىپ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان كىشىلەرنىڭ روھىنى ھۆرلۈككە چىقىرىش يولىدا توختىماي كۈرەشكە ئاتلىنىپ، بارلىقىنى قۇربان قىلغان غايىپەرەسنىڭ ئوبرازى گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. «مەن» تەڭرىنىڭ مەخپىيىتىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ ئاسماندىن دوزاخقا تاشلىنىپ، كۆلگە ئايلاندۇرۇلىدۇ، ئەمما «مەن» نىڭ روھى بۇلۇتقا ئايلىنىپ، غەپلەت ئىچىدە ياتقان كىشىلەرنى ئويغىتىش ئۈچۈن كۆكتە يەنىلا ئۈزۈپ يۈرىدۇ. «مەن» نىڭ ئۆز غايىسى يولىدا سۆڭەكلىرى كۇمپەيكۇم بولۇشتىنمۇ قورقماي، تېنى كۆلگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەندىن كېيىنمۇ كۈرەشنى داۋاملاشتۇرۇش روھى كىشى قەلبىنى لەرزىگە سالىدىغان تەسىرلەندۈرۈش كۈچى پەيدا قىلىدۇ.

ئاپتورنىڭ «رەزىللىك» ناملىق نەسرى ئادەم قەلبىدە يۈز بېرىۋاتقان ئوخشاش بولمىغان مەنىۋى كۈچلەرنىڭ كۈرەشلىرىنىڭ ئوبرازلاشتۇرۇلۇشى بولۇپ، ئىنساننىڭ ئاچچىق مەغلۇبىيەتكە، چىدىغۇسىز ھاقارەتكە ئۇچرىغان چاغدىكى پىغان، ئۆكۈنۈشلىرىنى

مۇپەسسەل ئىپادىلەپ بەرگەن. «مەن» نادانلىق، خۇراپاتلىق، غەپلەت ئۇيقۇسىغا
پېتىپ چۈشكۈنلىشىپ، ئۆز ئېتىقادىغا بولغان مەسئۇلىيەتنى ئۇنتۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن
رەزىل كىشىلەر ئۇنىڭ ياشاشتىكى مەنىۋى يۆلەنچۈكى ــ غۇرۇرىنى دەپسەندە قىلىدۇ.
شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ مەستلىكى يېشىلىپ، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئەمما بۇ
ۋاقىتتا ئۇنىڭ تۇرار جايى ئالىلىقاچان ئۆرۈلگەن، روھى جاراھەتلەنگەنىدى. شۇ
پەيتتە ئۇ خارابىلىق ئىچىدە ئېچىلغان ياۋا گۈلنى كۆرۈپ، ھاياتلىقتا
قايتىدىن ئۈمىد باغلايدۇ. ئۇنىڭ روھى ساپلىشىدۇ، ئۇنىڭ قەلبىدە ئۆز
روزىغارىنى قايتىدىن قۇرۇپ چىقىش ئىستىكى تۇغۇلىدۇ، يېڭى ھاياتلىقنىڭ سىمۋولى
بولغان گۈلنى پەرۋىش قىلىپ ئۆستۈرىدۇ. گۈل زورىيىپ ئۇنىڭ ئۆيىگە پاتماي قالىدۇ.
گۈلنىڭ تېخىمۇ باراقسان ئۆسۈشى ئۈچۈن، ئۆز ئۆيىنى ئۆز قولى بىلەن ئۆرۈۋېتىش-
لاش كېرەكمۇ؟ ئۇ يەنە ئازابلىق تاللاشقا يۈزلىنىدۇ. ئۆزىگە ئۈمىد، پارلاق ئىستىقبال،
غۇرۇر ئېلىپ كېلىدىغان گۈلنىڭ زورىيىپ ئۆسۈشى ئۈچۈن، ئۆزىگە بىخۇتلۇق، قالاق-
لىقنى ئەسلىتىدىغان كونا روزىغارىنى ۋەيران قىلىش كېرەكمۇ؟ ئاپتور يەنىلا شەخسنىڭ
تېگىدىن قاش ئىچىدىكى ئازابلىرى ئارقىلىق ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىلەن زامانىۋىلىشىش
ئوتتۇرىسىدىكى ئازابلىق تاللاشنى گەۋدىلەندۈرگەن. ئۆزىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت
مىراسلىرىمىزدىن كېچىش ھەقىقەتەن مۇشكۈل. چۈنكى ئۇ ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەسىرلەر
مابەينىدە توپلىغان مەنىۋى بايلىقى. بىز بۇ رىقابەتلىك دەۋرگە ماسلاشماقچى، تەرەق-
قىي قىلماقچى بولىدىكەنمىز، ئۇ ھالدا چوقۇم ئوتتۇرا ئەسىر چۈشىدىن ئويغىنىپ، ھازىر-
قى زامان ئېڭى بىلەن قوراللىنىشىمىز ۋە شۇ ئاساستا ئەجدادلار ئەنئەنىسىنى تېخىمۇ
پارلىتىشىمىز لازىم. ئايرىلىش قىيىن، بىراق ۋاز كېچىش ئارقىلىق ئېرىشكىنىمىز يوقات-
قىنىمىزدىنمۇ قىممەتلىك ۋە ئىستىقباللىقراق. «رەزىللىك» ناملىق نەسىردە دەل مۇشۇ
خىل پەلسەپىۋى پىكىر ئىلگىرى سۈرۈلگەن.
دېمەك، ئەركىن نۇر نەسىر ئىجادىيىتىدە نوقۇل تۇرمۇش تەپسىلاتلىرى ئۈستىدىكى
ھېسسىيات دائىرىسىدە چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى چوڭقۇر پەلسەپىۋى بايانلارنى
تەسەۋۋۇر كۆچىگە باي ھازىرقى زامان چۆچەك شەكلىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، مۇپەس-
سەل ئىپادىلەپ بەردى. ئۇنىڭ نەسىرلىرىدە بىر ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر
قاتلاملىرىدىكى ئارزۇ-ھەۋەس، ئىپتىخار ۋە ئىنتىلىشلىرى ئۆز ئىپادىسىنى تاپتى.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئىبراھىم ئىزاقى

# كۆچۈرمىكەشلىكنى كەچۈرگىلى بولمايدۇ

ساپ تەرنىڭ سەمەرىسى، ھالال ئەمگەكنىڭ مېۋىسى بولغان شېئىرىيىتىمىز بۈگۈن كۆچۈرمىكەشلىك ۋاباسىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. شېئىرىيىتىمىزدىكى كۆچۈرمىكەشلىكتىن ئىبارەت مۇنداق غەيرىي ھادىسە شېئىرىيەت نەزەرىيىچىلىرى ۋە شېئىرىيەت ئوبزورچىلىرىنىڭ زېمىنىسىگە كۆچۈرمىكەشلىك ھەققىدە قايتا ئويلىنىش، سىستېمىلىق مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش، ئۇنىڭ يىلتىزىنى تېپىپ چىقىش ۋە قۇرۇتۇش ۋەزىپىسىنى يۈكلىدى.

ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدىكى كۆچۈرمىكەشلىكنىڭ شەكىل ۋە خىللىرى خېلى كۆپ. بىز تۆۋەندە ئۇنىڭ ئاساسلىق ئۈچ خىلى ئۈستىدە توختىلىمىز.

شېئىرىي بىرىكمە، شېئىرىي ئىبارە ۋە مىسرالارنى كۆچۈرۈش — بۇ، كۆچۈرۈشنىڭ بىرىنچى خىلى.

ئۇيغۇر تىلى لۇغەت تەركىبىدىكى سۆزلەر ئىستېمال نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئورتاق. كونكرېت سۆزلەر كونكرېت قەلەمكەشنىڭ شەخسىي مۈلكى ئەمەس. شۇڭا ھەر قانداق شائىر خالىغان سۆزنى خالىغان ۋاقىتتا خالىغان شېئىردا ئىستېمال قىلىشقا تولۇق ھوقۇقلۇق. لېكىن ھەممىگە ئورتاق بولغان ئاشۇ سۆزلەردىن تۈزۈلگەن شېئىرىي ئىبارە، شېئىرىي بىرىكمە ۋە مىسرالار كونكرېت بىر شائىرغا مەنسۇپ بولىدۇ. شۇڭا ئۇلارنى كۆچۈرۈۋېلىشمۇ ئىجادىيەتتىكى ناچار ئىللەت ھېسابلىنىدۇ. كۆچۈرۈشنىڭ بۇ خىلىغا مەنسۇپ بولغان شېئىرلار «تارىم» دەك نوپۇزلۇق ژۇرناللاردىمۇ كۆزگە چېلىقىدۇ.

بىرەر شېئىرنى ئىبارە، بىرىكمە ۋە مىسرانىڭ ئوخشاپ قېلىشى ياكى كۆچۈرۈلۈشى بىلەن پۈتۈن بىر شېئىرنى ئالدىراپ ئىنكار قىلىشقا ۋە ئۇنىڭ ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىنى يوققا چىقىرىشقا بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەردە مىسال كەلتۈرۈپ ئولتۇرمايمىز.

توغرا، بىر ئېقىمدىكى، بىر مەزھەپتىكى شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى شەكىل، مەزمۇن ۋە ئىپادىلەش سەنئىتى جەھەتتىن تەبىئىي ھالدا بىر-بىرىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ خىلدىكى ئوخشاشلىقنى شېئىرىيەت نەزەرىيىچىلىرىمۇ نەزەرىيە جەھەتتىن مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ، ئەمما بىزنىڭ بۇ يەردە نەزەردە تۇتۇۋاتقىنىمىز غەيرىي نورمال ئوخشاپ قېلىش.

ئايانكى، ھېسسىيات پۈتۈنلەي شەخسكە مەنسۇپ بولغان بىر خىل پسىخىك ھادىسە بولۇپ، روشەن خاسلىققا ئىگە. شۇڭا شائىرانە ھېسسىياتنى ماددىيلاشمىغان شارائىتتا ئۆتنە ئېلىشقا، سېتىۋېلىشقا، كۆچۈرۈۋېلىشقا، ئوغرىلىۋېلىشقا زادىلا بولمايدۇ، ئەمما ماددىيلاشقان بىر خىل شائىرانە ھېسسىياتقا ئاساسەن يەنە بىر خىل شائىرانە

ھېسسىياتقا ئىگە بولغىلى، ماددىيلاشقان مۇئەييەن شېئىرىي ھېسسىيات ئىلھامىدا ئىككىنچى بىر خىل شېئىرىي ھېسسىياتنى ماددىيلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

ئالايلۇق، «قەشقەر ئەدەبىياتى» نىڭ 1992 - يىلىلىق 4 - سانىدا شائىر ئابدۇلئەھەت ئىسمائىلنىڭ «تەقلىد شېئىرلار» ماۋزۇسى ئاستىدا بىر تۈركۈم شېئىرلىرى ئېلان قىلىندى. ئۇنىڭ «شائىر بولماق» ناملىق شېئىرى ل. مۇتەللىپنىڭ «ئەپەندى بولماق» ناملىق شېئىرىغا، «ئوت - يالقۇنمۇ توڭدۇرىدىكەن» ناملىق شېئىرى ت. ئېلىيېۋنىڭ «سوغۇق سۇمۇ كۆيدۇرىدىكەن» ناملىق شېئىرىغا؛ «دوستلىرىم كۆپ ئالەمدە» ناملىق شېئىرى ئوسمانجان ساۋۇتنىڭ «ياخشىلار كۆپ ئالەمدە» ناملىق شېئىرىغا؛ «قارا كۆزلۈكۈم» ناملىق شېئىرى ئابدۇللا ئارىپوۋنىڭ «نېچۈن تۇم قارا ئەرمەن كۆزلىرى» ناملىق شېئىرىغا تەقلىد قىلىنغان ۋە باشقىلار.

بىز بۇ يەردە ئاپتورنى كۆچۈرمىكەشلىكتە، مۇھەررىرلەرنى مەسئۇلىيەتسىزلىكتە ئەيىبلىمەيمىز. چۈنكى ئەنئەنىۋى شېئىرىيەت نەزەرىيىمىزدە ئاشۇنداق «تەقلىد»، «نەزىرە» لەر بىر خىل ئەنئەنىۋى شېئىر شەكلى دەپ ئېتىراپ قىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، «نەزىرە» ۋە «تەقلىد» شەكلىدە يېزىلغان شېئىرلاردىكى ھېسسىياتنىڭ قانچىلىك قويۇق ۋە قايناق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بىۋاسىتە تۇرمۇشتىن كەلگەن ھېسسىيات بولماستىن، بەلكى نادىر شېئىرلاردىن كەلگەن ۋاستىلىك ھېسسىيات بولغاچقا، ئۇ ئىككىلەمچى ھېسسىيات بولۇشى بىلەن بىرلەمچى ھېسسىياتتەك قەدىرلەشكە ۋە سۆيۈپ ئوقۇلۇشقا نائىل بولالمايدۇ.

باش تېمىنى، سيۇژېتنى، ئىدىيىۋى مەزمۇننى كۆچۈرۈش — كۆچۈرۈشنىڭ ئىككىنچى خىلى.

ئابدۇللا ئارىپوۋ «تەقلىدچى شائىرغا» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق يازىدۇ:

تەقلىد قىلىۋەرگىن چىدىساڭ ئەگەر،
بۇنىمۇ سەندىكى بىر ھەۋەس دەيلى.
بىراق باش كۆتۈرۈپ بىر كۈنى مەگەر،
ئەسلى نۇسخا مەن دەپ چىقمىسا مەيلى.

بىز تا بۈگۈنگىچە تەقلىدچىلىكنى بىر ھەۋەس، ئۇ، ئىجادىيەتنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى دەپ قاراپ، ئۇنىڭ كەلتۈرىدىغان ئۇياتلىق ئاقىۋىتىنى چوڭقۇر تەسەۋۋۇر قىلمىدۇق.

ئابدۇللا ئارىپوۋنىڭ تەسەۋۋۇر ئىقتىدارىغا ئاپىرىن! باشقا شائىرنىڭ ئەمەس، دەل ئابدۇللا ئارىپوۋنىڭ «دارۋاز» ناملىق شېئىرىنىڭ ئەسلى نۇسخىسى ھەبىبۇللا رەجەپ ئىمزاسى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1990 - يىلىلىق 1 - سانىدا «نېمىشقا» دىگەن ماۋزۇ ئاستىدا مانا مەن دەپ ئوتتۇرىغا چىقتى.

<table>
<tr><td>كىرپىكتىكى ياشتەك تۇرىدۇ،</td><td>قورقۇشلارنى ئەتكەن ئۇ تەرك،</td></tr>
<tr><td>ئارغامچىنىڭ ئۈستىدە دارۋاز.</td><td>ھەرىكەتلىرى شىرنچە چاققان، ساز.</td></tr>
</table>

بەزى موللاق ئاتىدۇ، بەزەن
كۆكۆللەرگە سىلىپ بىر ئەندىش.
بەزەن ئۇيان - بۇيان ماڭىدۇ،
ماھىرلىقنى قىلىپ نامايىش.

شۇنداق ھۈنەر كۆرسىتىپ دارۋاز،
لايىق بولۇپ كەلدى ئالقىشقا.
بىراق بىزلەر كەڭرى يولدىمۇ،
ماڭالمايمىز تۈزۈك نېمىشقا.

ئابدۇللا ئارىپوۋ «دارۋاز» ناملىق شېئىرىدىنى مۇنداق يازغاندى:

بۇلۇتلارغا ياندىش ئاسماندا،
كىرپىكتىكى ياشتەك تۇرىدۇ دارۋاز.
قىلىچنىڭ بىسىدەك ئارقان ئۈستىدە،
كۆزىنى چىڭ يۇمۇپ ماڭىدۇ دارۋاز.

ئادەملەر، ئادەملەر ئۇنى ئالقىشلاڭ،
قارىڭا، نەقەدەر چەبدەس، جەسۇر ئۇ.
بىزچۇ، ئاھ، كۆزىمىز ئوچۇق تۇرۇپمۇ،
ئەپلەپ ماڭالمايمىز چوڭ يوللاردىمۇ.

قارىغاندا ھەبىبۇللا رەجەپنىڭ كۆچۈرۈش تېخنىكىسى خېلى يۇقىرى ئىكەن. لېكىن كۆچۈرۈش تېخنىكىسىنىڭ، ئوغرىلاش ماھارىتىنىڭ قانچە يۇقىرى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ كۆچۈرمىكەش قەلەمكەشكە ئابروي ۋە شۆھرەت ئېلىپ كەلمەستىن، بەلكى قارغىش ۋە نەپرەت سوۋغا قىلىدۇ.

ئەنە، پاكىت ئۆزى سۆزلەپ تۇرۇپتۇ. «دارۋاز» ناملىق نادىر شېئىرنىڭ پاك يۈرىكى ھەبىبۇللا رەجەپنىڭ ناپاك قولى ئارقىلىق سۇغۇرۇۋېلىنغان.

«دارۋاز» ناملىق شېئىرنىڭ باش تېمىسى ۋە سيۇژىتى دارۋازنىڭ دار ئۈستىدىكى ھەرىكىتى — ئادەملەرنىڭ يەر ئۈستىدىكى پائالىيىتى. «دارۋاز» ناملىق شېئىردا ئالغا سۈرۈلگەن ئىدىيە دارۋازلار بوشلۇقتىكى ئارقان ئۈستىدە كۆزىنى يۇمۇپ ماڭالايدۇ - يۇ، ئادەملەر كەڭرى يوللاردا كۆزى ئوچۇق تۇرۇپمۇ نېمە ئۈچۈن راۋرۇس ماڭالمايدۇ، دېگەندىن ئىبارەت. بۇ ئىدىيىنىڭ ئارقىسىدا نامرات تىل بىلەن ئىپادىلەش ئاسانغا چۈشمەيدىغان بىر شېئىرىي خاھىش ياتىدۇ...

يۇقىرىقىلار «دارۋاز» ناملىق شېئىرنىڭ يۈرىكىدۇر. كېسىپ ئېيتىمىزكى، يۈرەك كىمنىڭ بولسا تەنمۇ شۇنىڭ.

ئابدۇللا ئارىپوۋنىڭ ئۆلمەس شېئىرلىرى ئاشۇنداق پاجىئەلىك تەقدىرگە دۇچ كەلگەندە، باشقا مەشھۇر كلاسسىك شائىرلار ۋە ھازىرقى زامان شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى قانداق قاباھەتلىك قىسمەتلەر كۈتۈپ تۇرىدىكىن؟

ھېچقانداق مېھنەت سىڭدۈرمەيلا باشقىلارنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتىنى ئوغرىلاپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش — كۆچۈرۈشنىڭ ئۈچىنچى خىلى.

تۆۋەندە نامدا ئىككى شېئىر، ئەمەلىيەتتە بىرلا شېئىرنىڭ ئىككى ئاپتورغا مەنسۇپ بولغان ئىككى خىل نۇسخىسىنى كىتابخانلارغا ئەينەن كۆرسىتىمىز.

ۋىسالىغا يەتمىسە بۇلبۇل، كۈلۈپ شاد سايرىماس ھەرگىز،
ئىناقلىق بولمىسا ئەلدە كۆڭۈللەر يايرىماس ھەرگىز.
ئىناقلىق گۈللىرى ياشناپ پۇراق چاچماقتا زەپ خۇش بۇي،
بەجانىدىل قىلمىساق پەرۋىش ئاشۇ گۈل ئاينىماس ھەرگىز.
ئىناقلىق كەلتۈرەر ئەلگە بۈيۈك غەلىبە - ئۇتۇقلارنى،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭسىز بەختىمىز گۈلدەك ئېچىلماس، ياشنىماس ھەرگىز.
كۆڭۈل - كۆكسىنى كەڭ تۇتقان جىگەرلىك ئوت يۈرەك ئىنسان،
كۆرەر تەڭ بارچە مىللەتنى ئاداۋەت ساقلىماس ھەرگىز.
گۈزەل مەنزىلگە ئات سالدۇق ئىناقلىق ناخشىسى تۇۋلاپ،
زەپەر قۇچماي شەرەپشاندىن قەدەملەر توختىماس ھەرگىز.

بۇ — ئاپتور ئابدۇرېھىم سىدىقنىڭ «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1989 - يىل 5 - ئاينىڭ 14 - كۈنىدىكى «ئەدەبىيات گۈلزارى» بېتىدە ئېلان قىلىنغان «ئىتتىپاقلىق كۈيى» ناملىق غەزىلى.

تۆۋەندىكىسى تۇرسۇن ھۇسەيىن نامىدا «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 1992 - يىللىق 9 - سانىدا ئېلان قىلىنغان «ھەرگىز» ناملىق غەزەل.

ۋىسالغا قانمىسا بۇلبۇل، كۈلۈپ شاد سايرىماس ھەرگىز،
ئىناقلىق بولمىسا ئەلدە كۆڭۈللەر يايرىماس ھەرگىز.
ئىناقلىق گۈللىرى ياشناپ، پۇراق چاچماقتا زەپ خۇش بۇي،
ھالال تەر تۆكمىسە ھەر كىم، ئاشۇ گۈل ئايىنىماس ھەرگىز.
ئىناقلىق كەلتۈرەر ئەلگە، بۈيۈك غەلبە - ئۇتۇقلارنى،
ئۇنىڭسىز بەختىمىز گۈلدەك ئېچىلماس، ياشنىماس ھەرگىز.
كۆڭۈل - كۆكسىنى كەڭ تۇتقان جىگەرلىك ئوت يۈرەك ئوغلان،
سۆيەر تەڭ بارچە مىللەتنى، بۆلەككە ئايرىماس ھەرگىز.
گۈزەل مەنزىلگە ئات سالدۇق، ئىناقلىق ناخشىسىن تۇۋلاپ،
زەپەر قۇچماي سەپەرلەردىن قەدەملەر توختىماس ھەرگىز.

بۇ غەزەلنىڭ ھەقىقىي ھەغداسى ۋە مۇئەللىپى ئابدۇرېھىم سىدىق. بۇ غەزەلگە بولغان ئىگىدارچىلىق ھوقۇقىمۇ ئابدۇرېھىم سىدىققا مەنسۇپ. بۇ غەزەلدىن كېلىدىغان ھەر قانداق ماددىي ۋە مەنىۋى مەنپەئەتمۇ ئابدۇرېھىم سىدىققا تەۋە بولۇشى كېرەك. لېكىن تۇرسۇن ھۇسەيىن قىلچىمۇ تەپ تارتماي، بىرەر تامچىمۇ ھالال تەر ئېقىتماي، ئابدۇرېھىم سىدىقنىڭ مەنىۋى مەھسۇلاتىنى ئوغرىلاپ ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان. بۇنى قانداقمۇ كەچۈرگىلى بولسۇن؟!

ئەگەر تۇرسۇن ھۇسەيىنمۇ ئازراق ئەمگەك قىلغان دېيىلسە، ئۇنىڭ ئەمگىكى پەقەت «ھەرگىز» دىن ئىبارەت رادىپىنى ماۋزۇ قىلغانلىقى، بىرىنچى مىسرادىكى «يەتمىسە» نىڭ ئورنىغا «قانمىسا» نى، 4 - مىسرادىكى «بەجانىدىل قىلمىسا پەرۋىش» نىڭ ئورنىغا «ھالال تەر تۆكمىسە ھەر كىم» نى، 7 - مىسرادىكى «ئىنسان» نىڭ ئورنىغا «ئوغلان» نى، 8 - مىسرادىكى «كۆرەر» بىلەن «ئاداۋەت ساقلىماس» نىڭ ئورنىغا «سۆيەر» بىلەن «بۆلەككە ئايرىلماس» نى، 10 - مىسرادىكى «شەرەپشاندىن» نىڭ ئورنىغا «سەپەرلەردىن» نى ئالماشتۇرۇپ قويۇشتىنلا ئىبارەت بولغان. ئۇ يەنە 3 - مىسرادىكى «خۇش بۇي» نى «خۇش خۇي» دەپ خاتا كۆچۈرگەن.

ئەقلىي مۈلۈكمۇ خۇددى ماددىي مۈلۈكتەكلا قانۇن تەرىپىدىن قوغدىلىدۇ. ئوغرىلىق بىر خىل جىنايەت. ھازىر «ئەسەر ھوقۇقى قانۇنى» قاتارلىق ئەقلىي مۈلۈككە ئائىت

قادىرلار ئىجرا قىلىنىۋاتىدۇ. بىزنىڭچە، ئەقلىي مۈلۈك ئوغرىلىرىنىمۇ تېگىشلىك ئىقتىسادىي جازاغا تارتىلىشى، ھېچبولمىغاندا ۋىجدان سوتى ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى لازىم.

ئۆتكەندە «ھەمرايى غەزەللىرى» مۇئەللىپىنىڭ كىملىكى توغرىسىدا كەسكىن تالاش-تارتىشلار بولدى. بۇنداق ساۋاقنى ئەستە مەھكەم تۇتۇشىمىز لازىم. ئەگەر كۆچۈرمىكەشلىكتىن ئىبارەت بۇ بىر خىل كەچۈرگىلى بولمايدىغان ئىللەتكە ئۈنۈملۈك تەدبىر قوللىنىلمىسا، يېقىن كەلگۈسىدە شېئىرىيىتىمىزدە تېخىمۇ مۇرەككەپ تالاش-تارتىشلار ۋە دەۋالار ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇقەررەر.

كۆچۈرمىكەشلىكنىڭ مەنبەسى — دورامچىلىق ۋە تەقلىدچىلىك. مەلۇمكى، كەسپىي غۇرۇر ئىچىدە شائىرلىق غۇرۇرى ئەڭ كۈچلۈك بولىدۇ. ھەقىقىي شائىرنىڭ شائىرلىق غۇرۇرى ھەتتا ئۆزىنىڭ شائىرانە خىيال، شائىرانە ھېسسىيات، شائىرانە تەسەۋۋۇرىنىڭمۇ باشقىلارغا قىسمەن ئوخشاپ قېلىشىغىمۇ يول قويمايدۇ، لېكىن دورامچىلىق ۋە تەقلىدچىلىك پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ قالغان قەلەمكەشنىڭ شائىرلىق غۇرۇرى بەك ئاجىز بولىدۇ. شائىرلىق غۇرۇرى ئاجىز قەلەمكەشلەر مۇھەررىرلەرنىڭ خىزمىتىنىڭ ئېغىر ۋە جىددىيلىكى تۈپەيلىدىن تۈرلۈك گېزىت-ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنى ئىزچىل، تولۇق كۆرەلمەسلىكتەك بوشلۇقتىن پايدىلىنىپ، مەتبۇئاتتا ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئالدىرايدۇ-دە، باشقىلارنىڭ كىتابخانلار بىلەن ئاللىقاچان يۈز كۆرۈشكەن شېئىرلىرىنى قارامىلىق بىلەن كۆچۈرۈپلا ئېلان قىلىدۇ. ئۇلاردىكى شەخسىيەتچىلىك ۋە ئابرويپەرەسلىك پىسخىكىسى ئۇلارنىڭ خەلقنىڭ كۆزىنىڭ ئۆتكۈر ۋە روشەنلىكىنى ئۇنتۇپ قېلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. نەتىجىدە ئۇلار كەسپىي ئەخلاقتا يات بولغان كۆچۈرمىكەشلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىدۇ.

كۆچۈرمىكەشلىكنى تۈگىتىشنىڭ ئۈنۈملۈك چارىلىرىدىن بىرى، دورامچىلىق ۋە تەقلىدچىلىككە چەك قويۇش. مېنىڭ «پالانىغا نەزىرە»، «پۇستانىغا تەقلىد»، «پالانىنىڭ ئىزىدىن» دېگەندەك شېئىرلارنىمۇ ئىنتايىن ئاز يېزىشنى تەشەببۇس قىلىشىمىز لازىم دېگۈم كېلىدۇ. تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، زامانىمىز شائىرلىرىنىڭ رۇبائىي ۋە غەزەللىرى بەدىئىي جەھەتتىن 12-ئەسىردىكى ئۆمەر ھەييام رۇبائىيلىرىدىن ۋە 15-ئەسىردىكى نەۋائىي غەزەللىرىدىن خېلى ئېشىپ كېتىشى كېرەك ئىدى. نېمە ئۈچۈن ئېشىپ كېتەلمىدى؟ بۇنىڭدا ئەلۋەتتە مەلۇم ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ سەۋەبلەر بار. ئاساسلىقى بىر قىسىم قەلەمكەشلىرىمىزنىڭ ئىزدىنىش روھى ئاجىز، يۈكسىلىش پىسخىكىسى كۈچلۈك، رىقابەت ئېڭى تۆۋەن.

قېنى بىزدىكى رىقابەت ئېڭى؟ ھازىر جاھان ئەدەبىياتى دېڭىزىدا ئىزدىنىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى. ئۇيغۇر سەنئىتى، جۈملىدىن ئۇيغۇر شېئىرىيىتى بىر زور ئىنقىلابقا ھامىلدار. بۇنداق دەۋر بۆلگۈچ شارائىتتا شائىرلىرىمىزدا ھەسەت ۋە ئۆچمەنلىكتىن خالىي بولغان رىقابەت ئېڭى بولۇشى لازىم. كۈچلۈك رىقابەت ئېڭى بولغاندىلا، كۆچۈرمىكەشلىكتەك ئىللەتتىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلۇپ، شېئىرىيىتىمىزنى ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇپ، ئۇنى مەملىكەت سەۋىيىسىدىن ھالقىتىپ، دۇنيا سەۋىيىسىگە كۆتۈرەلەيمىز.

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئەلى زاھىد

# سەرۋەگىدە مەن بىللە ئىدىم

— مەرھۇم ئابدۇكېرىم خوجىنى ئەسلەيمەن

ئابدۇكېرىم ئاكىنى مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمدا «ئايخان» بالىلادىسى ۋە «جەننەت دېگەن نەدىكەن» دېگەنگە ئوخشاش شېئىرلىرى ئارقىلىق تونۇغانىدىم. مەن ئۇنىڭ شېئىرلىرىنى تولىمۇ ياقتۇرۇپ ئوقۇيتتىم، قولۇمغا چۈشكەنلىكى شېئىرىنى يادلىۋالاتتىم، «لەۋلىرىدىن ئۇچتى كۈلكە، قىزىل مۇدەن ئېچىلغاندەك، كۆزلىرىدىن ئاقتى يېشى، ئۈنچە - مارجان چېچىلغاندەك.» دېگەنگە ئوخشاش مىسرالارنى ئوقۇغىنىمدا، ھاياجاندىن ئۆزۈمنى باسالماي قالاتتىم ھەمدە ئۇ كىشىنى بىر كۆرۈشنى، ئۇنىڭ بىلەن تونۇشۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئۈرۈمچىگە كېلىپ ھەربىي رايون ئورگىنىدا ئىشلىگەن بولساممۇ، ئۇ كىشى بىلەن كۆرۈشۈش، تونۇشۇش پۇرسىتى بولمىدى، چۈنكى مەن خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا جاھان ماللىماتاڭ بولۇپ كەتتى، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ يىرگىنچلىك، ئەڭ رەزىل، ئەڭ ئۇزاق ۋاقىت داۋام ئەتكەن مەدەنىيەت تىراگېدىيىسى خۇددى كوھىقاپنىڭ بورىنىدەك پۈتۈن زېمىننى قاپلاپ، شۇ زاماندىكى بىزگە ئوخشاش نۇرغۇن ياشلارنىڭ گۈزەل ئارزۇ - تىلەكلىرىنى، غايە - مەقسەتلىرىنى مەدەنىيەتسىزلىكنىڭ چاڭ - توزانلىرىغا باستۇرۇۋېتىپلا قالماستىن، بەلكى ئابدۇكېرىم ئاكىدەك تالانتلىق كىشىلىرىمىزنىڭ قىران مەۋسۇمىنى يالماپ يۇتۇۋالدى، ئۇلارنى ئۆز تالانتىنى جارى قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىدىن، ئىجادىيەت ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلدى، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي ھوقۇقىنى ۋە غۇرۇرىنى ۋەھشىيلەك بىلەن ئاياغ ئاستى قىلدى، ئۇلارنى ئىسسىق ئائىلىسىدىن، دوست - يارەنلىرىدىن، نورمال خىزمەت مۇھىتىدىن ئايرىپ، چۆل-جەزىرىلەرگە سۈرگۈن قىلدى، ئۇلار بىلەن خەلق ئوتتۇرىسىدا قېلىن تام پەيدا قىلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن مېنىڭ ئۇ كىشى بىلەن تونۇشۇش ئارزۇيۇم پەقەت پارتىيە 11 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3 - ئومۇمىي يىغىنى ئېچىلىپ، جاھاننىڭ چاقى توغرا چۆگىلەيدىغان بولغاندىن كېيىنلا ئەمەلگە ئاشتى. مەن 1983 - يىلى 7 - ئايدىكى سەرۋەك سەيلىسىدە ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن سىردىشىش، مۇڭدىشىش شەرىپىگە ئىگە بولدۇم.

شۇ يىلى يازدا دەم ئېلىش، تۇغقان يوقلاش ئۈچۈن، ئائىلەمدىكىلەر بىلەن بىللە قۇمۇلغا بارغانىدىم. شىنجاڭ سانائەت شۆبىۋەنىنىڭ سابىق يۇەنجاڭى، پېشقەدەم رەھبىرىي كادىر ھەمدۇللا قۇربان ئاكا، ئابدۇكېرىم خوجا ئاكا قاتارلىقلارمۇ دەم ئېلىش ئۈچۈن قۇمۇلغا بارغانىكەن. قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسى بىلەن قۇمۇل شەھىرىدىكى رەھبەرلەر

بۇ پېشقەدەملەرگە غەمخورلۇق قىلىپ، ئۇلارنى قۇمۇل شەھىرىنىڭ ناھايىتى مەنزىرىلىك، ھاۋاسى سالقىن يايلىقى — سەرۋەگگە سەيلىگە ئېلىپ باردى، بۇ ئىلتىپاتقا مەنمۇ شېرىك ئىدىم. بىز قۇمۇل ۋالىي مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن ۋالىيسى توختىخان ئىسمايىل، قۇمۇل شەھىرىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى خەلچەم ئابباس قاتارلىق يولداشلارنىڭ ھەمراھلىقىدا سەرۋەگگىدە بىر كۈن سەيلە قىلدۇق، شۇڭا ھەر قېتىم «تۇپراق، باھار ۋە مەن» دېگەن تەۋەررۈك توپلامنى قولۇمغا ئالغاندا، «سەرۋەگگە چىققاندا» دېگەن شېئىرنى يېنىشلاپ - يېنىشلاپ ئوقۇپ چىقىمەن ۋە ئۇنى ئوقۇغىنىمدا شائىرغا بولغان سېغىنىشىم كۈچىيىدۇ، ئۇنىڭ ئېگىز، جۈدەڭگۈ گەۋدىسى، ئويچان، يارقىن كۆزلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ، ئېيتقان سۆزلىرى قۇلاق تۈۋىمدە قايتا جاراڭلىغاندەك بولىدۇ. «سەرۋەگگە چىققاندا» دېگەن شېئىرنىڭ تۆرەلمىسى شائىرنىڭ كاللىسىدا ھاسىل بولغان ئاشۇ مىنۇتلاردا مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇنى بەك چوڭقۇر چۈشىنىمەن، ئۇ ماڭا تولىمۇ يېقىملىق تۇيغۇ بېغىشلايدۇ. شۇ كۈنكى سەيلىدە ئابدۇكېرىم ئاكا مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلارنى قالدۇرغانىدى.

ئۇ خۇش پېئىل، چىقىشقاق ئىدى. بىز سەرۋەگگە چىققان كۈنى ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، «شېشىدەك ئاسماندا ئالىقانچە بۇلۇت» يوق دېيەرلىك ئىدى، دېڭىز يۈزىدىن تەخمىنەن 4000 مېتىر ئېگىز بولغان بۇ گۈزەل يايلاق ئۆزىنىڭ ئاسمانغا بوي تارتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە، تۈزلەڭلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن ھەيۋەتلىك قارىغايلىرى، رەڭگارەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن يېشىل مەخمەلدەك يۇمران ئوتلاقلىرى، گۈلل ۋە دورا ئوتلارنىڭ يېقىملىق ھىدىنى دىماغقا ئۇرۇپ چىقىۋاتقان سالقىن شامىلى بىلەن ھەممىمىزگە تەسۋىرلىگۈسىز راھەت، ئازادىلىك بېغىشلىغانىدى. ماشىنىدىن چۈشۈشىمىز بىلەن تەڭلا، مېھماندوست ئۇيغۇر چارۋىچىلىرى خۇددى يىراقتىن كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقىنىنى كۆرگەندەك خۇشال بولۇشۇپ، ھەممىمىزنى ئۆزلىرىنىڭ كىگىز ئۆيلىرىگە تەكلىپ قىلىشتى، بىز بۆلۈنۈپ بىرنەچچە كىگىز ئۆيگە كىردۇق، مەن ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن بىللە بىر چارۋىچىنىڭ ئۆيىگە كىردىم. بىز ئەتكەن چاي، قېتىق - قايماق ئىچكەچ چارۋىچىلار بىلەن پاراڭلاشتۇق، ئەمەلىيەتتە، باشقىلىرىمىز ئازراق سۆز قىلىپ، ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ چارۋىچىلار بىلەن قىلغان سۆھبىتىنى تىڭشىدۇق. ئابدۇكېرىم ئاكا چارۋىچىلار بىلەن بىردەمدىلا كونا تونۇشلاردەك چىقىشىپ كەتتى، بىز كىرگەن كىگىز ئۆيدە دەسلەپتە ئادەم كۆپ ئەمەس ئىدى، كەلگەنلەر ئىچىدە ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ بارلىقىنى ئۇققان چارۋىچىلار تەرەپ - تەرەپتىن يىغىلىپ، بىردەمدىلا ئۆيگە لىق تولدى، ئولتۇرىدىغان ئورۇن تەگمىگەنلەر قىستىلىشىپ ئۆرە تۇرۇشتى، ھەممەيلەننىڭ كۆزى شائىرغا تىكىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىدىن ئۆز شائىرىغا بولغان چەكسىز ھۆرمەت ئىپادىلىنەتتى. شۇ ئەسنادا ئابدۇكېرىم ئاكا ئۆرە تۇرغانلار ئىچىدىكى ئاق ساقاللىق بىر مويسىپىتنى كۆرۈپ قالدى ۋە دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇ كىشى بىلەن سالاملاشتى ۋە ئۇنى ئۆز يېنىغا — تۆرگە تەكلىپ قىلدى، لېكىن ئاقساقال تۆرگە ئۆتۈشنى بىئەپ كۆرۈپ:

— ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى، ئۆزلىرى بىزنىڭ ئەزىز مېھمىنىمىز، ئات، تۆگە ئولتۇرۇپ

www.uyghurkitap.com

چىللىساقمۇ كېلىشىلىرى ناتايىن، كەڭتاشا ئولتۇرسىلا، بىز مۇشۇنداق يادىي - چۇداي① ئۆتىمىز، ئەيىبكە بۇيرۇمىغايلا، — دېدى. ئابدۇكېرىم ئاكا ئۆرە تۇرغان پېتىلا بوۋايغا جاۋاب قايتۇردى:

— ۋاڭلارنىڭ ۋاقتىدا توقۇلغان مۇنداق بىر قوشاق بار ئىكەن: «ئۆتەك② پۇرىسا ئەگلىمدىن، سېسىق دەيدۇ شەھەرلىك، قوينى بىزلەر باقمىساق، پېتەك يەمدۇ شەھەرلىك»، ھەرقايسىلىرى قوي باققاچقا، بىز شەھەردە گۆش يەۋاتىمىز، ئەمما «يادىي - چۇداي» لىقنى ھامان بىر كۈنى تۈگىتىمىز، ھازىر مۇنچىسى بار زامانىۋى ئۆيلەردە ئولتۇرۇپ قوي بېقىۋاتقانلارمۇ بار، ھازىر جاھان ئۆزگىرىشالدى، بىزگىمۇ ئۇ كۈنلەر يىراق ئەمەس.

— ئىلاھىم ئېيتقانلىرى كەلگەي! — دېدى بوۋاي ساقىلىنى سىلاپ. ئابدۇكېرىم ئاكا بوۋاينى قولتۇقىدىن يۆلەپ تۆرگە ئۆتكۈزۈپ، ئۆز يېنىغا ئولتۇرغۇزدى ھەمدە ئۇ كىشىگە قاراپ:

— مانا ئەمەسمۇ، «تۆگە چۆكسە ئورۇن تاپىدۇ» دېگەندەك، ھەر ئىككىمىزگە ئورۇن چىقتىغۇ، — دېدى. بىز بىللە چىققانلار كۈلۈشۈپ كەتتۇق، چۈنكى سورۇندىكىلەر ئىچىدە ھەممىدىن بويى ئېگىزى ئابدۇكېرىم ئاكا ئىدى، بىزنىڭ كۈلكىمىزگە قوشۇلۇپ ئۇمۇ كۈلدى. دەسلەپتە يېتىرقاش، قورۇنۇش كەيپىياتىدا ئولتۇرغان ۋە تۇرغانلار بىردەمدىلا يېنىكلىك ھېس قىلىپ، ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ يېنىغا سىغدىلىپ كېلىشكە باشلىدى، ئۇلار شائىرغا كۆڭلىدىكى ئويلىرىنى ئېيتتى، ئۇنىڭدىن تۇرلۇك ئىشلار ئۈستىدە، ھەتتا توي، نىكاھ ئىشلىرى ئۈستىدە مەسلىھەت سورىدى، شائىر ئۇلارنىڭ سورىغانلىرىغا جاۋاب بەردى، ئۇلارغا يول كۆرسەتتى، يۇمۇرلۇق سۆزلەرنى قىلىپ ھەممەيلەننى كۈلدۈردى. سۆھبەت داۋامىدا پات - پات يېنىمدىكىلەرگە قاراپ: «شۇنداق ئەمەسمۇ، قانداق دېدىم» دەپ قوياتتى.

چاي ئىچىلىپ بولغاندىن كېيىن، قارىغايزارلىقنىڭ ئىچىدىكى چىمەنلىكتە تاماشا قىلىپ، كۆڭۈل ئاچتۇق. ئۇنىڭغىمۇ قويۇلدى، ھەممەيلەن ئۇسسۇلغا چۈشتى، توختىخان ئابدۇكېرىم ئاكىنى پوتا سېلىپ ئۇسسۇلغا تارتتى، ھەممىمىز «ئوينىسىلا» دەپ تۇۋلاشتۇق.

— ئۆردەكنى قونداققا چىقىرىشقا قىستىغاندەكلا ئىش بولدىغۇ، بوپتۇ ئويناپ باقاي، ئوتلاققۇ بۇزۇلۇپ كەتمەس، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ گېپىگە ھەممىمىز كۈلۈشتۇق. ئۇ ئۇنىڭغىدىن ئاڭلىنىۋاتقان قۇمۇل مەشرىپىگە كەلتۈرۈپ لەرزان ئويناشقا باشلىدى. ھەممىمىز ئۇنىڭغا قايىللىق، مىننەتدارلىق ھېسسىياتىمىز بىلەن قارىشاتتۇق، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا قانداقتۇر بىر خىل مەھلىيا قىلغۇچى سېھرىي كۈچ باردەك قىلاتتى، ئۇ ناھايىتى تەبىئىي ھالدا سورۇندىكىلەر ئىچىدە بىر ئوقىا ئايلانغانىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا يېقىنىراق ئولتۇرۇشنى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلىشىشنى ئويلايتتى.

ئۇ چوڭقۇر پىكىرلىك، ھېسسىياتقا باي ئىدى. شۇ كۈنى ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن ئىككىمىز سەرۋەگىنىڭ جەنۇبىي چېتىدىكى بىر دۆڭگە چىقتۇق، ئۇ دۆڭ خېلى ئېگىز

① يادىي - چۇداي — ئاددىي، ئەپلەپ - سەپلەپ.
② ئۆتەك — قوي قىغى.

بولۇپ، ئۇ جايدىن قۇمۇل شەھىرىنى ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. ئابدۇكېرىم ئاكا دۆڭگە چىققاندىن كېيىن، خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە قاتتىق ھاسىراپ كەتتى، ئۇ دېمىنى سەل توختاتقاندا:

— ئەسلى بۇ يەرگە چىقمىسىلا بوپتىكەن، ئۆزلىرىگە ئېغىر كېلىپ قالمىسۇن يەنە، — دېدىم مەن. چۈنكى دۆڭگە چىقىشنى شائىر تەكلىپ قىلغانىدى.

— ھېچقىسى يوق ئۇكام، «سەن ئېتىڭنىڭ بارىدا ئويمانغا چاپما، دۆڭگە چاپ» دېگەنىدەك، شۇنچىلىك ھالىمىز بار چاغدا بۇ يەرگىمۇ چىقىپ باققىنىمىز تۈزۈك. بۇمۇ بىر غەنىيمەت. قارىسىلا، مانا بۇ نېمىدېگەن گۈزەل مەنزىرە، بۇلۇتلار بىزدىن خېلى پەستە كۆرۈنۈۋاتىدۇ، بۇ يەرگە چىقمىغان بولساق، بۇ گۈزەل مەنزىرىنى ھەرگىزمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتۇق. قۇمۇل خېلى چوڭلا بىر يۇرت، مانا بۇ يەردە بۆكچىلىكلا كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ئېگىزگە چىقىۋالغانلارغا چوڭ-چوڭ نېمىلەرنىڭمۇ كىچىكلا كۆرۈنىدىغىنى راستكەن جۇمۇ، — دېدى ئۇ ماڭا مەنىلىك قاراپ، — بەزى ئەمەلدارلارنىڭ خەلقنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قېلىشىمۇ ئۆزىنى بەك يۇقىرى چاغلىغانلىقىدىن بولسا كېرەك، — دەپ قوشۇپ قويدى ئارقىدىنلا ماڭا ئىلھام بېرىپ، — توختاپ قالماي يازسىلا ئۇكام، مەسىلەن بۈگۈنكىدەك چاغلاردا ئادەمگە ئىلھام كېلىدۇ، ئەمما ئىلھام دېگەن بىر شەيتان، غىل-پال پەيدا بولۇپلا يوقىلىپ كېتىدۇ، ئۇنى پەيدا بولغان ھامان تۇتۇۋېلىشقا ماھىر بولۇش كېرەك، — دېدى. مەن سەرۋەڭ توغرىلىق بىر شېئىر يېزىشقا ۋەدە قىلغان بولساممۇ، ئابدۇكېرىم ئاكا ئىشتىراك قىلغان ساياھەت ھەققىدە قەلەم تەۋرىتىشكە پېتىنالمىدىم. كېيىن ئابدۇكېرىم ئاكا «سەرۋەڭگە چىققاندا» دېگەن شېئىرىنى ئېلان قىلدى، مەن زور ھاياجان ۋە خىجىللىق ئىچىدە ئۇنى ئوقۇپ چىقتىم. شائىرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ماڭا ئېيتقان سۆزلىرى شېئىرغا تولۇق كىرگۈزۈلگەنىدى.

ھايقىسام، قاپتۇ قۇمۇل بەكمۇ تۆۋەن،
تۇرىدۇ ئالدىمدا ئۇ بۆكچە گويا.
بىلمەن ئېگىزلىكىمنىڭ ۋەجىنى،
يەر بىلەن مەن يەر ئىدىم تاغ بولمىسا.
چۈشمىكى بار بەلكى چىقماقنىڭ ھامان،
ئۆرىدە تۇرساڭ ئۇنتۇما پەسنى خوجا!

ئۇ ئۇمىدۋار، قەيسەر ئىدى. ئابدۇكېرىم ئاكا شېئىرىدا تەسۋىرلىگەنىدەك «ئوتتۇز ئەگىمدىن ئۆتۈپ» سەرۋەڭگە يېتىپ چىققۇچە، سالامەتلىكىمىز ياخشى بولغان ياشراقلىرىمىزمۇ بەل-بېقىنلىرىمىزنىڭ ئاغرىۋاتقانلىقىنى، خېلى چارچىغانلىقىمىزنى ھېس قىلدۇق، لېكىن ئاللىقاچان ئەزرائىلنىڭ كۆزى چۈشكەن، كېسەل ئازابىنى تارتىۋاتقان ئابدۇكېرىم ئاكا باشتىن-ئاخىر ناھايىتى روھلۇق بولۇپ، ئۆزىنىڭ كېسەللىكىنى قىلچە چاندۇرمىدى. ھەممىمىز ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولغاچقا، ئۇنىڭدىن ئەنسىرەيتتۇق.

www.uyghurkitap.com

ئۇ شۇ چاغلاردا «بەلكى ئەزرائىل يۇرەتتى تىمىسقاپ، گاھىدا ئاشكارا، گاھىدا پىنھان بولۇپ» دېگەندەك ئەھۋالدا ئىدى.

مەن ئۇنىڭدىن:

— قالغايتىدىكى داۋا خېلى شىپالىق بولۇۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدىم (ئۇ شۇ جايدا تۆگە قىمىزى ئىچىپ دەم ئېلىۋاتاتتى).

— ھەئە، خېلى ئۇنۇمى كۆرۈلۈۋاتىدۇ، ئۆزۈممۇ × × × نىڭ بالىسى بولۇپ قېلىۋاتىمەن ( × × × — قۇمۇل بويىچە ئەڭ ئېگىز ئادەملەردىن بولۇپ، ئابدۇكېرىم ئاكا ئۇ كىشىنى تۆگىگە ئوخشىتىپ چاقچاق قىلاتتى)، — دېدى ۋە كۈلۈپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — كېسەل دېگەنمۇ مۇتەھەم نېمە، ياۋاش بوپ بەرسىلە بوزەك ئېتىدۇ، ئىرادىلىرى چىڭ بولۇپ بوي بەرمىسىلە بوزەك ئېتەلمەيدۇ، بۇ مۇتەھەمنىڭ مۇشتىدىن قورقىنىدەك بىر ئىش ...

ئۇ بۇ سۆزلەرنى شۇنچىلىك تەمكىن، شۇنچىلىك ئىشەنچ بىلەن ئېيتتىكى، ئۆزۈمەنىڭ ئۇنىڭ كېسىلى توغرىسىدىكى ئەندىشىلىرىمنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ، بۇنداق قەيسەر ئادەمگە قانداقمۇ ئەزرائىلنىڭ كۈچى يەتسۇن دېگەنلەرنى خىيالىمدىن ئۆتكۈزدۈم. مەن ئۇنىڭدىن بۇ خىل ئۇمىدۋارلىقنى ئۇنىڭ كېسىلى ئېغىرلىشىپ ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەن، ئۇمىد ئاساسي جەھەتتىن ئۈزۈلگەن كۈنلەردىمۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا بايقىغانىدىم.

مەن ئۇنى ئاخىرقى قېتىم يوقلاپ بارغان ۋاقتىم ئۇ ۋاپات بولۇشتىن بىرەر ئاي ئىلگىرى بولسا كېرەك. مەن ئۇنىڭ يالغۇز كىشىلىك ياتىقىغا كىرگەندە، ئۇ پېشانىسىنى ياستۇققا تىرىگەن، بەدىنىنى ئىككى جەينىكى بىلەن كۆتۈرگەن ھالدا دۇم يېتىپ ئۇخلاپ قالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم يوق ئىكەن. مەن شەپە چىقارماستىن كارىۋات يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئون مىنۇتتەك ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئوغلى دورا تۇتقان ھالدا كىرىپ كەلدى. بىز ئىككىمىز پەس ئاۋازدا سالاملاشقان بولساقمۇ، ئابدۇكېرىم ئاكا ئويغىنىپ كەتتى. مەن ئۇنىڭ ئىنتايىن قىممەتلىك، تاتلىق ئۇيقۇسىنى بۇزۇۋەتكەنلىكىم ئۈچۈن قاتتىق ئېچىندىم ۋە ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدىم، لېكىن ئۇ مەن بىلەن ناھايىتى قىزغىن سالاملاشتى ھەمدە مېنىڭ ئۆزىگە نېمە دەپ تەسەللى بېرىشنى بىلمەي تۇرغانلىقىمنى ئۇققاندەك، ئۆزى ئالدى بىلەن ئېغىز ئېچىپ، يېقىندا يولداش بادەينىڭ بىر موگغۇل تېۋىپنى تونۇشتۇرغانلىقىنى، ئۇ كىشىنى تەكلىپ قىلىپ ئەكېلىشكە تەشكىلدىن ئادەم ئەۋەتكەنلىكىنى ئېيتتى.

— ھازىر گەجگەمدە بىر نەرسە پەيدا بولۇپ قالدى، ئاغرىپ ئۇخلاتقۇزمايۋاتىدۇ، باشقا ئىش يوق، ئەمدى ئاشۇ موگغۇل تېۋىپقا ئۇمىد باغلاۋاتىمەن، كۆپ ئادەملەرنى ساقايتىپتىكەن، مەنمۇ ساقىيىپ كېتەرمەن، ئەزرائىل بىلەن تىركىشىپلا كېلىۋاتىمەن، ئاخىرغىچە بىر تىركىشىپ باقاي قېنى، — دېدى ئۇ كەسكىنلىك بىلەن. بۇ سۆزلەرنى بىر نەچچە يىل بۇرۇن ئاڭلىغان بولسام كۈلگەن بولاتتىم، لېكىن بۇ قېتىم يىغلىغۇم كېلىپ،

بوغۇزىمغا قاتتىق بىر نەرسە تىقىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدىم. مەن ئۆزۈمنى ئاران بېسىۋېلىپ:

— چىرايلىرى خېلى ئوبدان تۇرىدۇ، — دېدىم مۇۋاپىق گەپ تاپالماي ۋە دەرھال گەپنى بۇرىدىم، — تاماقتا ئىشتىھالىرى ياخشىمۇ؟

— تاماقنى يېقىندىن بۇيان تازا يېگۈم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى، ھەرىكەتنىڭ ئازلىقىدىن بولسا كېرەك، شۇنداقتىمۇ غەيرەت قىلىپ زورمۇ زور يەۋاتىمەن، — دېدى ئۇ. بۇ گەپتىن ئۇنىڭ كېسەلگە يەنىلا تەن بەرمەيۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. مەن ئۇنى چارچىتىپ قويماسلىق ئۈچۈن، كېتىشكە تەييارلىنىۋىدىم، ئۇ ماڭا قاراپ سەممىيلىك بىلەن:

— بەك مۇھىم ئىشلىرى بولسا مەيلى، ئەگەر مۇھىم ئىشلىرى بولمىسا ئولتۇرسىلا، پاراڭلىشايلى، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ بىلەن يەنە بىر سائەتتەك پاراڭلىشىپ ئولتۇردۇم. ئارىلىقتا ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن قوشنا ياتاقتا داۋالىنىۋاتقان مەرھۇم تېيىپجان ئاكا كىرىپ قالدى. ئۇ ئابدۇكېرىم ئاكا بىلەن بىردەم چاقچاقلاشقاندىن كېيىن، ماڭا قاراپ:

— بۇ ئاداش بۇ يىل ئاپىسىنى ئەمگىلى قومۇلغا بارالمىدى، خۇدا بۇيرۇسا يەنە بىر ئېمىۋالسىلا ساقىيىپ كېتىدۇ، — دېدى. مەن ئۇنىڭ تۆگە سۈتىنى دەۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ كۈلۈپ قويدۇم. ئابدۇكېرىم ئاكىمۇ ئۇنىڭغا لايىقىدا ناھايىتى ئەپچىل بىر چاقچاق بىلەن جاۋاب قايتۇردى. شۇ چاغدا تېيىپجان ئاكىنىڭ ئەھۋالى ئابدۇكېرىم ئاكىنىڭ ئەھۋالىدىن خېلى ياخشى ئىدى، بىراق ئۇلار ئۆزىنىڭ قانداق كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى ئېنىق بىلەتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق ئۇلارنىڭ يەنىلا چاقچاقتىن قالمىغانلىقى، ھاياتقا بولغان ئۇمىدۋارلىقى، كېسەل ئازابى ئالدىدىكى قەيسەرلىكى مېنى چوڭقۇر ئويغا سالغانىدى...

سەرۋەك ھېلىھەم بولۇتلارنى ئۆزىگە پوتا قىلىپ ھەيۋەت بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئۇنىڭ مەخمەلدەك ئوت - چۆپلىرى، گۈل - گىياھلىرى ھەر يىلدا ئوخشاشلا گۈللەپ ياشناۋاتىدۇ، قارىغايلار يەنىلا كۆك بىلەن بوي تالىشىپ باراقسان ئۆسۈۋاتىدۇ، لېكىن خەلقىمىزنىڭ شائىرى، ئەدەبىي تەرجىمە پېشىۋاسى ئابدۇكېرىم ئاكا ئارىمىزدىن چىقىپ كەتتى — ئەزرائىل ئاخىرى غالىب كەلدى! ئابدۇكېرىم ئاكا خەلق بىلەن يولداش، تەقدىرداش، سىرداش ئىدى، ئۇ شېئىرىدىن تۇپراق ھىدى پۇراپ تۇرىدىغان ئاددىي پۇقرا، ھەقىقىي خەلق شائىرى، باھارنىڭ كۈيچىسى ئىدى، ئۇنىڭ ئارىمىزدىن كەتكىنىگە ئالتە يىل بولغان بولسىمۇ، ئۇنى خەلق ئېسىدىن چىقارغىنى يوق، بەلكى مەڭگۈ ئېسىدىن چىقارمايدۇ، ئۇ سەرۋەكدىكى تاغ چوققىلىرى ۋە قارىغايلار بىلەن بىللە مەڭگۈ ھايات تۇرىدۇ، ئۇنىڭ خەلققە سۇنغان «غورا» لىرى ھالۋىغا ئايلىنىپ، ئەۋلادلىرىمىزنىڭ قېنىدا مەڭگۈ ئايلىنىپ تۇرىدۇ!

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# چەتئەل ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر

تاگور (ھىندىستان)

## سوتچى

(ھېكايە)

1

ياشلىق باھارىدىن ئايرىلغان كىروتا بىر مۇنچە ئوڭۇشسىزلىقلاردىن كېيىن، ئاخىرى ئۆزىنى باقىدىغان بىر ئەرنى تاپتى، بىراق بۇ ئەر ئۇنى كونا دەسمالنى تاشلىغاندەك تاشلىۋەتتى. ئۇ ئەينى چاغدا جان بېقىش ئۈچۈنلا ئۆزىگە باشپاناھ بولغۇدەك بىر ئەرنى تېپىشقا مەجبۇر بولغانىدى، ئەمما ھاقارەت ۋە خورلۇق ئۇنىڭ يۈرىكىگە چوڭقۇر ئورناپ كەتتى.

ياشلىق باھارىنىڭ كېتىپ قېلىشىغا ئەگىشىپ، ئىنسان ھاياتىدا ئالتۇن كۈزگە ئوخشاش جىمجىت، تۇراقلىق، گۈزەل چاغلار يېتىپ كېلىدۇ. بۇ، ھاياتلىق مېۋىلىرىنى يىغىدىغان چاغلار، شۇنداقلا پىشقان زىرائەتلەرنىڭ ھوسۇلىنى يىغىدىغان چاغلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ياشقا كەلگەندە، ياشلاردىكى بەڭباشلىق ئۆز كۈچىنى يوقاتقان بولىدۇ. بۇ چاغقا كەلگەندە، كىشىلەر ئۆي-ئوچاقلىق بولۇپ، بىرەر ئىشنىڭ پېشىنى تۇتقان بولىدۇ. تۇرمۇشتىكى ئىسسىق-سوغۇق كىشىنى تېخىمۇ پىششۇرىدۇ، چېنىقتۇرۇپ تەمكىن قىلىدۇ. كىشى ئوتتۇرا ياشقا بارغاندا، خىيالىي دۇنيادىن ۋە ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ئارزۇ-ھەۋەسلەردىن ۋاز كېچىپ، ئۇنى قۇربىتى يەتكۈدەك دائىرىدە چەكلەيدۇ. مانا بۇ چاغدا كىشىنى مەپتۇن قىلىدىغان كۆزلەرنى جەلپ قىلالمىساقمۇ، لېكىن كونا تونۇشلارغا نەچچە ھەسسە يېقىنلىق تۇيۇلىمىز. ياشلىقتىكى گۈزەللىك ئاستا-ئاستا تۈگەۋاتقان چاغلاردا، مەڭگۈ قېرىمايدىغان ئىچكى خاراكتېر ئۇزاق مۇددەت بىللە ياشاپ كەلگەن چىراي ۋە كۆزدە تېخىمۇ روشەن ئىپادىلىنىدۇ. كۈلكە، كۆز نۇرى ۋە ئاۋاز ئىچكى جەھەتتە باغلىنىپ تۇرغان مەن ئارقىلىق بىر-بىرىگە كىرەلىشىپ كېتىدۇ. ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئارزۇلاردىن ۋاز كېچىمىز، بىزدىن ئايرىلغانلارغا ماتەم تۇتۇپ ئولتۇرمايمىز، بىزنى ئالدىغانلارنى كەچۈرىمىز. قەلبىمىزنى

قېشىمىزغا كەلگەن، بىزنى قىزغىن سۆيىدى-
غانلارغا تاپشۇرىمىز. ئۇلار بىزدىن ئاي-
رىلغاندا، دۇنيادىكى بارلىق بوران - چاپ-
قۇنلارنى باشتىن كەچۈرگەن، بىزگە بول-
غان ساداقىتىنى يوقاتمىغان بولىدۇ.
ئۆزىمىز ئىشىنىدىغان، ئۇزاق سىناقلاردىن
ئۆتكەن كونا تونۇشلىرىمىز ئىچىدە يىل-
لىق ماكان قۇرىمىز. بۇ ماكاندا تولۇق
ئارام ئالالايمىز، بارلىق ئارزۇ - ئارمانلى-
رىمىزغا يېتەلەيمىز. ياشلىق باھارىنى
يوقاتقان يىللىق كۆكۈم — تۇرمۇشنى خا-
تىرجەم ئۆتكۈزىدىغان پەيت. مۇشۇ پەيت-
تىمۇ ئۆزىمىزنى ئىشقا ئۇرۇۋەرسەك، يېڭى
ئىشلار ئۈستىدە ئىزدەنسەك، يېڭى دوست-
لارنى ئىزدىسەك، پايدىسىز يېڭى مۇناسى-
ۋەتلەرنى ئورنىتىپ، باشقىچە ئىش تۇ-
تۇشقا ئۇرۇنساق، بەكمۇ ئېچىنىشلىق بو-
لىدۇ. دېمەك، دۇنيادا ئادەم ئۈچۈن ئوت-
تۇرا ياشقا بارغاندا، ئارام ئالىدىغان
ئورۇن، كېچىلىرى يورۇتىدىغان چىراغ
بولماسلىقتىنمۇ ئېغىر ئىش بولمىسا
كېرەك.

كىروتا ياشلىق پەيزى توگەي دەپ
قالغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەتىگەنلىكى
ئويغىنىپلا ئاشنىسىنىڭ كېچىدە ئۆزىنىڭ
پۇل ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ئېلىپ قې-
چىپ كەتكەنلىكىنى بىلدى. ئەمدى
ئۇنىڭ ئۆي ئىجارىسىنى تۆلىگۈدەكلا
ئەمەس، بەلكى ئۈچ ياشلىق ئوغلىغا
سۈت ئېلىپ بەرگۈدەكمۇ پۇلى قالمىغا-
نىدى. ئۇ ئۆزى ئۇتتۇز سەككىز ياشقا
كىرىپ قالغان بولسىمۇ، سىردىشىدىغان
بىرەر ئادىمىنىڭ، ئەركىن - ئازادە ياشاپ
ئۆلگۈدەك بىرەر ماكانىنىڭ يوقلۇقىنى
ھېس قىلدى. ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كەل-

گەندەك بولدى، ئۇ ئەمدى كۆز - ياشلىرى-
نى سۈرتۈۋېتىپ، ئۆزىنى ياساپ پەرداز
قىلىپ، ئىنتايىن زور سەۋرچانلىق بىلەن
زورىغا كۈلۈمسىرەپ، يېڭى ئۇسۇللارنى
ئىشقا سېلىپ، كىشىلەرنىڭ قەلبىنى
ئۆزىگە رام قىلىشى كېرەك ئىدى. ئۇ
ئىشىكنى تاقاپ يەرگە ئۆزىنى ئاتتى-دە،
قاتتىق پولغا بېشىنى ئۇرغىلى تۇردى.
ئۇ پۈتۈن بىر كۈن ھېچ نەرسە يېمەي-
ئىچمەي پولدا ئۆلۈكتەك ياتتى. گۇگۇم
چۈشتى، چىرىغى يوق بۇ ئۆي تېخىمۇ
قاراڭغۇلاشتى. بۇ چاغدا ئۇنىڭ ئىلگىرى-
كى بىر ئاشنىسى كېلىپ، «كىرو»، «كىرو»
دەپ توۋلىغىنىچە ئىشىكنى قاتتىق ئۇرغى-
لى تۇردى. كىروتا قولىغا سۇپۇرگىنى
ئېلىپ، چىشى يولۋاستەك ھۆركىرىگىنىچە
ئىشىكتىن ئېتىلىپلا چىقتى. ياپپاشقىن[illegible]
كەلگەن ھېلىقى خوتۇنپەرەس ئىشىنى[illegible]
چاتاقلىقىنى كۆرۈپ، قۇيرۇقىنى خاد
قىلدى.

قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بالا چىر-
قىراپ يىغلاپ كەتتى. يىغلا - يىغلا كا-
رىۋاتتىن ئېغىناپ چۈشۈپ كەتتى - دە،
ئۇخلاپ قالدى. ئۇ ۋارقىرىغان ئاۋازنى
ئاڭلاپ، يەنە ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ قاراڭ-
غۇدا بوغۇق ئاۋاز بىلەن «ئاپا»، «ئاپا»
دەپ يىغلايتتى.

كىروتا يىغلاۋاتقان بالىنى جان -
جەھلى بىلەن كۆتۈردى - دە، ئۇچقاندەك
يۈگۈرۈپ چىقىپ، قۇدۇققا سەكرىدى.

قولۇم - قوشنىلار بىرىنىڭ قۇدۇققا
سەكرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ، پانۇسلىرى-
نى كۆتۈرۈشۈپ قۇدۇقنىڭ قېشىغا كەلدى.
كىروتا بىلەن ئۇنىڭ بالىسى بىردەمدىلا
قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىلدى. كىروتا

www.uyghurkitap.com

ھوشىدىن كەتكەن، بالا ئۆلگەنىدى.

دوختۇرخانىغا ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، كىروتانىڭ سالامەتلىكى ئاستا - ئاستا ئەسلىگە كەلدى. سوتچى ئۇنى قاتىللىق جىنايىتى بىلەن سوتقا چاقىرتىپ، سوراق قىلدى.

2

سوتچى موست موھىن دورتو قائىدە - تۈزۈمگە بەك ئەمەل قىلىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ كىروتانى دارغا ئېسىشقا ھۆكۈم قىلدى. ئادۋوكاتلار ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بۇ ئايالنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، قىلچە نەتىجىسى بولمىدى. سوتچى بۇ ئايالغا قىلچە ئىچ ئاغرىتىشقا ۋە كەڭچىلىك قىلىشقا بولمايدۇ دەپ تۇرۇۋالغانىدى.

سوتچىنىڭ مۇنداق دەپ تۇرۇۋېلىشىدا سەۋەب بار ئىدى. ئۇ ئاغزىدا ھىندى دىنىدىكى ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى «ئىلاھە» دېسىمۇ، كۆڭلىدە ئاياللارنىڭ ھەر قانداقىغا ئىشەنمەيتتى. ئۇ، ئاياللار ئائىلىنى بۇزۇش كويىدىلا يۈرىدۇ، چەكلىمە سەل بوشاشتۇرۇپ قويۇلسىلا، يۇقىرى تەبىقە ئاياللىرى شۇ جەمئىيەتنىڭ قەپىسى ئىچىدە تۇرمايدۇ، دەپ قارايتتى.

ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قاراشنىڭ كېلىپ چىقىشىدىمۇ سەۋەب بار ئىدى. بۇ سەۋەبنى بىلىش ئۈچۈن موست موھىننىڭ ياشلىق دەۋرىدىكى كىچىككىنە كەچۈرمىشىنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ.

موستنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىككىنچى يىللىقىدا ئوقۇۋاتقان مەزگىلىدىكى كىيىنىشى، تەقى - تۇرقى ۋە مېڭىش - تۇرۇشى ھازىرقىغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى. ھازىر موستنىڭ ئالدىدىكى چېچى پۈتۈنلەي چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كەينىدە تەقۋادار ھىندى مۇرىتلىرىنىڭكىگە ئوخشاش بىر تۇتام مۇقەددەس چېچى بار ئىدى. ئۇ ھەر كۈنى ئەتىگەندە ساقال - بۇرۇتلىرىنى ئىتتىك ئۇستىرا بىلەن پاك - پاكىز قىرىپ تۇراتتى. بىراق ئۇ ئەينى يىللاردا بولسا، چېچىنى ئەنگلىيە تۆرىلىرىنىڭكىدەك ئالدۇرۇپ، ساقال - بۇرۇتلىرىنى ياسىتىپ، ئالتۇن رامكىلىق كۆزەينەك تاقاپ، ئون توققۇزىنچى ئەسىردىكى بىنگاللىق بايۋەچچىلەردەك يۈرەتتى. كىيىنىشكە، ياسىنىشقا بەكمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى، ھاراقنى، گۆشلۈك تاماقلارنى بەك ياخشى كۆرەتتى. بۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر، ئىككى خىل ئىشقا ھەۋىسى بار ئىدى.

موستنىڭ ئۆيىگە يېقىنلا يەردە بىر ھاللىق ئائىلە بار ئىدى. بۇ ئائىلىنىڭ تېخى ئون بەش ياشقا توشمىغان ھومشاس ئىسىملىك بىر تول قىزى بار ئىدى.

دېڭىزدىن قارىغاندا، قارا ۋە يېشىل ئورمان بىلەن قاپلانغان قىرغاق خۇددى تىلسىماتتەك كۆرۈنەتتى. يېقىنلاپ بارسىڭىز، ئۇنچىۋالا چىرايلىق ئەمەس ئىدى. ھومشاسنىڭ سىرت بىلەن ئالاقە قىلمايدىغان تۇللۇق تۇرمۇشىدىن قارىغاندا، يىراق رېئال دۇنيا قىرغاقتىكى شاد - خۇراملىققا چۆمگەن سىرلىق ئورمانلىققا ئوخشايتتى. بۇ دۇنيانىڭ زاۋۇت - فابرىكىلاردىكى ماشىنىلارغا ئوخشاش تولىمۇ مۇرەككەپ، پولاتتەك قاتتىق

ئىكەنلىكىنى، دۇنيادا خۇشاللىق بىلەن
قايغۇ، ئامەت بىلەن بەختسىزلىك، ئەندى-
شە بىلەن خەۋپ، ئۈمىدسىزلىك بىلەن
پۇشايمان بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كېلى-
دىغانلىقىنى ئۇ چۈشەنمەيتتى. ئۇ كى-
شىلىك تۇرمۇشنى شېرىنلىداپ ئېقىۋاتقان
بۇلاق سۈيىدەك تىپتىنچ، خۇشال ئۆتى-
دۇ، ئالدىمىزدىكى گۈزەل دۇنيانىڭ بار-
لىق يوللىرى داغدام، تۈپتۈز بولىدۇ،
بەخت مېنى بوسۇغىدىلا كۈتۈپ تۇرىدۇ،
كۆكرەك قەپىسىمدىكى ئوتتەك قىزىق ها-
رارەت ۋە يۇمشاق قەلبىمدىلا، مەڭگۇ
قانمايدىغان ئارزۇ-ئارمانلىرىمنى يې-
تىشتۇرەلەيمەن دەپ ئويلايتتى، بولۇپمۇ
ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ چېتىدىكى
ئۇپۇقتا لەرزان باھار شامىلى كۆتۈرۈلگەن-
دە، ئۇنىڭغا پۈتكۈل دۇنيا رەڭگا رەڭ
باھار مەنزىرىسىدە تېخىمۇ جۇلالىنىپ كەت-
كەندەك، كۆك ئاسمان ئۇنىڭ كۆكرەك قە-
پىسىنىڭ ھەرىكەتلىنىشى بىلەن تېخىمۇ
گۈزەل تۈسكە كىرگەندەك، ئالەممۇ ئۇنىڭ
خۇش پۇراق چېچەپ تۇرغان يۈرەك گۈ-
لىنى دەۋر قىلغان ھالدا، يارقىن نىلۇ-
پەر گۈلىنىڭ يۇمشاق بەرگىگە ئوخشاش
يۇقىرىغا قاراپ بالداقمۇ بالداق ئېچىلى-
ۋاتقاندەك سېزىلەتتى.

ھومشاسىنىڭ ئۆيىدە ئاتا-ئانىسى،
ئىككى ئىنىسىدىن باشقا ئادەم يوق ئىدى.
ئىككى ئىنىسى ئەتىگىنى تاماق يەپلا مەك-
تەپكە كېتەتتى، مەكتەپتىن قايتىپ كې-
لىپ، تامىقىنى يەپ بولۇپلا يەنە يېقىنلا
يەردىكى كەچكى مەكتەپكە دەرس تەكرار-
لاشقا ماڭاتتى. ئاتىسىنىڭ كىرىمى ئاز بول-
غاچقا، ئائىلىگە ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قى-
لىشقا قۇربىتى يەتمەيتتى.

ھوم ئائىلە ئىشلىرىدىن قولى بوشى-
غاندا، ئادەم يوق بۇ ئۆينىڭ دېرىزىسى
ئالدىدا يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەم-
لەرگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئېلىپ-ساتار-
لارنىڭ خېرىدار چاقىرغان ئاۋازلىرى ئاڭ-
لىنىپ تۇراتتى، ئۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان
ئادەملەرنىڭ ھەممىسى بەختلىك ئىكەن،
ھەتتا تىلەمچىلەرمۇ ناھايىتى ئەركىن
دەپ ئويلايتتى. ئېلىپ-ساتارلار ئۇنىڭغا
جان بېقىش ئۈچۈن جاپالىق ئىشلەۋاتقان-
دەك ئەمەس، بەلكى كىشىلىك ھاياتنىڭ
ھەرىكەتچان سەھنىسىدە ئويۇن كۆرسىتى-
ۋاتقان كومېدىيە ئارتىسلىرىدەك بىلى-
نەتتى.

ھوم ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى، چۈش-
تىن كېيىن ۋە گۇگۇم چۈشكەندە، پۇزۇر
كىيىنگەن موستىنىڭ بۇ يەردىن گىدى-
يىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرەتتى
ھوم ئۇنى خىزىر سۈپەت ئادەملەرنىڭ
ئەڭ بەختلىك ئەرلەرنىڭ سىمۋولى دەپ
قارايتتى. ئۇ بۇ چىرايلىق كىيىنىدىغان،
مەغرۇر ياشنىڭ توققۇزى تەل بولسا كې-
رەك دەپ پەرەز قىلاتتى، بارلىقىمنى
ئۇنىڭغا تەقدىم قىلساممۇ بولغۇدەك دەپ
ئويلايتتى. كىچىك قىزلار قورچاق ئوينى-
غاندا، ئۇنى راست بالىنى ئوينىغاندەك
ئوينايدۇ. بۇ ياش تۇل ئايالمۇ جىمىكى
گۈزەل ئەخلاقى پەزىلەتنى موستقا ۋە
ئۆزى ئىجاد قىلغان خاسىيەتلىك ئويۇنغا
مۇجەسسەملەشتۇرەتتى.

ئۇ بىر كۈنى ئاخشىمى موستىنىڭ
ئۆيىدە چىراغ نۇرلىرى چاقناپ تۇرغان-
لىقىنى كۆردى. ئۇ يەردىن ئۇسسۇل ئوينا-
ۋاتقان ئادەمنىڭ پۇت قوڭغۇرىقىنىڭ ئاۋازى
ۋە ناخشا ئېيتىۋاتقان ئايال كىشىنىڭ

ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ ھەرىكەتلە-
نىپ تۇرغان گەۋدىگە بىر كېچە ئىنتىزار-
لىق بىلەن قاراپ چىقتى، قىلىچە ھار-
غىنلىق ھېس قىلمىدى. ئازابلانغان
زېدە بولغان يۈرىكى ئۇنىڭ كۆكرەك قە-
پىسىدە قەپەستىكى قۇشتەك تىپىرلايتتى.

ھوشياس ئۇ يىگىتنى خالىغانچە
كۆڭۈل ئېچىشۋاتىدۇ، دەپ ئەيىبلەۋاتامدۇ-
قاندىاق؟ ياق، ئۇ ئەيىبلەۋاتقىنى يوق،
موستىنىڭ يوپيورۇق ئۆيىدىن چىقىۋاتقان
ناخشا ۋە كۈلكە سادالىرى ئۇنى خۇددى
جەننەتتىكى خىيالىي مەنزىرىدەك ئۆزىگە
جەلپ قىلماقتا ئىدى. ئۇ خۇددى پەرۋانە
ئاسماندىكى چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارغا
ئىنتىلگەندەك بىر ھالەتتە ئىدى. يىراق
كېچە، ئەتراپ جىمجىت. ئۇ كارىۋىتىدا
ئولتۇرۇپ يىراقتىكى دېرىزىدىن چۈشۈ-
ۋاتقان چىراغ شولىسى بىلەن ئاڭلىنى-
ۋاتقان ناخشا ساداسىنى ئۆز ئارزۇسى ۋە
تەسەۋۋۇرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ خىيالىي
تۇيغۇ ئالىمىنى بەرپا قىلدى - دە، كۆڭ-
لىدىكى مەبۇدىنى بۇ خىيالىي تۇيغۇ
ئالىمىنىڭ تەختىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇنىڭغا
مەپتۇن بولغىنىچە قاراپلا قالدى. ئۇ ئۆز
ھاياتىنى، ياشلىق باھارىنى، خۇشاللىق
ۋە خاپىلىقىنى، ئىشقىلىپ بۇ دۇنيادى-
كى ھەممە نېمىسىنى تېپتىنچ ئازادە
بۇتخانىدىكى ھېلىقى مەبۇدىگە — ئىلاھقا
ئىسرىق ئوتى ئوتقاندەك ئوتماقچى بولدى.
ئۇ ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى بۇ ھەشەمەتلىك
ئوردىدا ۋە قاينام - تاشقىنلىق خۇشاللىق
كەيپىياتى ئىچىدە يەنە چېكىدىن ئاشقان
ھارغىنلىق، بىزارلىق، ئىپلاسلىقلارنىڭ،
پەس ئارزۇ - ھەۋەسلەرنىڭ ۋە روھىي دۇن-
يانى نابۇت قىلىدىغان شىددەتلىك ئوت-
نىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. يىراقتىن
قاراپ تۇرغان بۇ ياش تۇل ئايال كېچە-
چە يېنىپ تۇرغان بۇ يورۇقلۇق ئىچىدە
ئەسەبىيلەرچە ساختىلىق، ياۋۇزلارچە كۈلكە
ۋە ۋەھشىي ھالاكەت ئويۇنلىرىنىڭ بارلى-
قىنى نەدىنمۇ بىلسۇن؟

ھوم ئەسلىدە ئۆز ھاياتىنى جىم-
جىت دېرىزىسىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ،
خىيالىي جەننەتتە خىيالىدىكى خىزىر
سۈپەت ئادەم بىلەن بىللە سەيلە - سايا-
ھەت قىلىپ ئۆتكۈزسىمۇ بولاتتى، بىراق
ئۇنىڭ بەخت - تەلىيى تەتۈر كېلىپ قال-
دى. تەقدىرى ئۇنى بەك ياخشى كۆرگەچكە،
جەننەت ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى. جەن-
نەت ئىنسانلار ئارىسىغا كەلسە، گۈمۈرۈ-
لۈپ چۈشۈپ، جەننەتنى بەرپا قىلغان كىشى-
لەرنى مىجىپ كۇكۇم - تالقان قىلىۋېتىدۇ.

ئاچكۆز موستىنىڭ نەزەرى دېرىزى-
نىڭ تۈۋىدە مىسكىن ئولتۇرغان قىزغا
چۈشتى - دە، «بىنود چاندىرا» دېگەن
ئىسىم بىلەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن خەت يازدى.
ئۇ مەلۇم بىر كۈنى خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە
ئىملا خاتاسى جىق، لېكىن تولىمۇ ھېسسى-
ياتلىق بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدى.
شۇنىڭدىن ئېتىبارەن بۇ ئىككىيلەن بو-
ران - چاپقۇن ئىچىدە ياشىدى. بەزىدە
ئويناپ - كۈلۈشۈپ ۋاقىتنى خۇشال ئۆت-
كۈزسە، بەزىدە بىر - بىرىدىن گۇمانلىنىپ
يۈردى، يەنە بەزى چاغلاردا بولسا، بىر-
بىرىنى ئەسەبىيلەرچە كۈتۈشتى. شۇنىڭ-
دىن كېيىن پۈتكۈل دۇنيا چەكسىز بەخت
ئىچىگە غەرق بولغان بۇ تۇل ئايالنىڭ ئەترا-
پىدا چۆگىلەيدىغان بولدى. بۇ ھال
ئۇنىڭ ئارزۇ - ئارمانلىرى كۆپۈككە ئايلان-
غانغا قەدەر داۋاملاشتى. چۆگىلەۋاتقان

دۇنيا ئاخىرى بېرىپ تۈيۈق يولغا كىـ
رىپ قالغان بۇ بەچارە ساھىبجامالنى يىراققا
ئاپىرىپ تاشلىدى. مېنىڭچە، بۇنىڭ جەر-
يانىنى سۆزلەپ ئولتۇرمىساقمۇ بولار.

بىر كۈنى يېرىم كېچىدە هومشاس
ئاتا - ئانىسىدىن، ئىنىلىرىدىن ۋە ئۆيىـ
دىن ئايرىلىپ، ئىسمىنى «بىنود چاندىرا»
دەپ ئاتىۋالغان موست بىلەن پويىزغا
چىقتى. ئۇستىبېشىغا لاي ۋە ئوت - چۆپ
چاپلىشىپ قالغان مەبۇد كۆزنى چاقنىـ
تىپ تۇرىدىغان زىننەت بۇيۇملىرى بىـ
لەن ئالدىغا كەلگەندە، هوم خىجىل بو-
لۇپ، ئۆكۈنۈپ ئۆزىنى قويارغا يەر تا-
پالماي قالدى.

پويىز قوزغالدى، هوم موستنىڭ
پۇتىغا باش قويۇپ يىغلاپ:

— سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، مېنى
ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويۇڭ، — دېدى.

موست شۇ زامان ئۇنىڭ ئاغزىنى
ئېتىۋالدى. پويىز تېز يۈرۈپ كەتتى.

ئادەم سۇغا چۆشۈپ كېتىپ ئۆلگىـ
چە بولغان بىر دەقىقە ئىچىدە ئۇنىڭ هاياتىـ
دىكى بارلىق ئىشلىرى ئېسىگە كېلىدۇ.
ئىشىكلىرى هىم ئېتىلگەن قاپقا-
راڭغۇ ۋاگوننىڭ ئىچىدە هومشاسىمۇ ئەنە
شۇنداق هېسسىياتقا كەلدى. ئائىلىسىدىكى
ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىغا كىرىۋالدى: هەر
كۈنى تاماق ۋاقتىدا ئۇ داستىخانغا كەلـ
مىسە، ئاتىسىمۇ تاماققا ئولتۇرمايتتى.
ئۇنىڭ كىچىك ئىنىسى مەكتەپتىن قايتىپ
كېلىپ، تاماقنى ئاچىسى يېگۈزۈپ قويمىـ
سا يېمەيتتى. ئۇ ئەتىگىنى ئانىسى بىـ
لەن سىپارى مانتىسى توگەتتى، كەچتە
ئانىسى ئۇنىڭ چاچلىرىنى تاراپ قوياتتى،
ئۆينىڭ هەر بىر - بۇلۇڭ پۇشقىقى، ئۇششاق-
چۈششەك ئىشلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كەلـ
دى. ئۇ ئاشۇ كىچىككىنە ئائىلىسى ۋە
تىنىچ تۇرمۇشنى جەننەتنىڭ ئۆزىكەن دېـ
گەن يەرگە كەلدى، سىپارى مانتىسى تو-
كۈش، چاچ تاراش، تاماق ۋاقتىدا ئاتىسىـ
نى يەلپۈپ قويۇش، دەم ئېلىش كۈنلىرى
ۋە چۈشلۈك ئارام ئېلىش ۋاقىتلىرىدا ئاتىـ
سىنىڭ بېشىدا پەيدا بولۇپ قالغان ئاق
چاچلارنى يۇلۇش، ئىنىسىنىڭ كەپسىزلىكـ
لىرىگە چىداش قاتارلىق ئادەتتىكى ئىشلار-
مۇ تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان بەخت
ئىكەنلىكىنى هېس قىلدى. ئۆيۈمدە هەمـ
مە نېمە تۇرسا، ماڭا يەنە نېمە بەخت
كېرەك؟ — دەيتتى ئۇ ئىچىدە، — دۇنيا-
دىكى ئۆز ئىززەت - ئابرويىنى ساقلاۋاتقان
قىز - چوكانلارنىڭ هەممىسى هازىر شېرىن
ئۇيقۇغا كەتتى، ئىلگىرى ئۆز ئۆيىدە، ئۆز
كارىۋىتىدا ئۇخلاشنىڭ نەقەدەر راهەت
ئىكەنلىكىنى نېمىشقىمۇ هېس قىلمىغان-
دىمەن. ئەتە ئەتىگەندە هەممە ئائىلىنىڭ
قىزلىرى ئۆز ئۆيلىرىدە ئورۇنلىرىدىن تۇ-
رۇشۇپ، غەم - غۇسسىسىز هالدا ئۆيلىرىنىڭ
ئىشلىرىنى قىلىشىدۇ. مەنچۇ، بۇ ئۇيقۇسىز
كېچىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئەتە ئەتىـ
گەندە قەيەرگە بېرىپ قالىدىغانلىقىمنىمۇ
بىلمەيمەن. ئەتە ئەتىگەندە بىزگە تونۇشـ
لۇق بولغان، يېقىملىق چىراي ئېچىپ
چىقىدىغان تاڭ قۇياشى ئۇ كوچىدىكى كىـ
چىك كەپىلەرگە چۈشكەندە، ئۇ يەردە قانـ
داق سەتچىلىكلەر، نومۇسسىزلىقلار يۈز بېـ
رەر؟ قانداق مەسخىرىلەر كېلىپ چىقار؟

هومنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولغاچـ
قا، قاتتىق يىغلاپ هەسرەت - نادامەت
چەكتى.

— تېخى تاڭ ئاتمىدى، ئاپام، ئىككى

ئىنىم ئويغانماستا مېنى ئۆز ئۆيۈمگە ئاپىرىپ قويسىڭىز، — دەپ قاتتىق يىلىنىدى ئۇ. بىراق ئۇنىڭ قەلبىدىكى مەبۇد ئۇنىڭ يىلىنىشلىرىغا قىلچە پەرۋا قىلمىدى، چاقلىرى گۈلدۈرلەپ كېتىۋاتقان ئىككىنچى دەرىجىلىك ۋاگوندا ئولتۇرۇپ، ئۇنى ئۇزۇندىن بۇيان تەلپۈنۈپ كەلگەن جەننەتكە ئېلىپ ماڭدى.

بۇ مەبۇد ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي، ئىككىنچى دەرىجىلىك يەنە بىر كونا ۋاگونغا ئالمىشىپ، باشقا تەرەپكە كېتىپ قالدى. ھومشاس تاشلىۋېتىلىپ، پاسكىنىچىلىق ئىچىگە كىرىپ قالدى.

3

يۇقىرىدا تىلغا ئالغانلىرىم موستموھىنىنىڭ قىزىقارلىق چوڭ ئىشلىرىدىن بىرى. ھېكايەم تېتىقسىز بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ باشقا ئىشلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇرمايمەن.

ئەمدى بۇ ئىشلارنى تىلغا ئېلىپ ئولتۇرۇشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق. ھازىر دۇنيادا بىنود چاندىرانىڭ ئىسمىنى خاتىرىسىدە تۇتالىغان ئادەم بارمۇ-يوق، ئۇنىڭغا بىر نېمە دېگىلى بولمايدۇ. ھازىر موست تەقۋادار مۇخلىس بولغاچقا، ھەر كۈنى تائەت-ئىبادەت قىلىدۇ، دىنني قائىدىلەرگە ئەمەل قىلىدۇ. ئۇ بالىلىرىنى يوگا① ئۆلگىسى بويىچە تەربىيىلەيدۇ، ئۆيدىكى قىزلىرىنى قاتتىق تۇتۇپ، ئۇلارنى كۈن نۇرىمۇ، ئاي شولىسىمۇ چۈشمەيدىغان ۋە شامالمۇ كىرمەيدىغان قىز ھۇجرىسىغا سولاپ قويىدۇ. بىراق نۇرغۇن ئاياللارنىڭ ئالدىدا جىنايەت ئۆتكۈزگەن بۇ ئادەم ئىجتىمائىي ئالاقە جەھەتتە سەۋەنلىك سادىر قىلغانلىكى ئاياللارنى ئىنتايىن قاتتىق جازالايدۇ.

كىروتاغا دارغا ئېسىش جازاسى بېرىلىپ، بىر-ئىككى كۈندىن كېيىن، كۆكتاتقا ئامراق موست ئازراق ئوتياش ئېلىۋېلىش ئۈچۈن، تۈرمىنىڭ كۆكتاتلىقىغا كەلدى. ئۇ كىروتانىڭ دېلوسىنى بىردىنلا ئېسىگە ئالدى-دە، بۇ ئايال ئىلگىرىكى چۈشكۈن ھاياتىدىكى جىنايەتلىرىدىن تەۋبە قىلدىمۇ يوق، بىر ئۇقۇپ باقمايمەنمۇ، دېگەن ئوي بىلەن ئاياللار كامېرىغا كىردى.

ئۇنىڭ قۇلىقىغا يىراقتىنلا ۋارقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلاندى. ئۇ كامېرغا كىرگەن چاغدا كىروتا بىر گۇندىپاي بىلەن ۋارقىرىشىپ تۇراتتى. بۇ ئىش مۇستەقا كۈلكىلىك تۇيۇلدى، ئۇ، ئايال خەق دېگەننىڭ تەبىئىتى ئۆزگەرمەيدىكەن، ئۆلىدىغان چاغدىمۇ سوقۇشۇۋاتقىنىنى قارىمامدىغان، ئايال خەق دوزاخقا كىرگەندىمۇ، دوزاخ ئىلاھىنىڭ ئەلچىلىرى بىلەن سوقۇشىدىغۇ دەيمەن، دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

موست كىروتاغا ئوبدانىراق تەنبىھ بېرىپ نەسىھەت قىلىپ قوياي، گۇناھىغا تۆۋە قىلسۇن، دەپ ئويلىدى-دە، ئۇنىڭ قېشىغا باردى. كىروتا ئىككى قولىنى جۈپلەپ ھەسرەت بىلەن:

— ھە، سوتچى ئەپەندىكەنغۇ، سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۇنىڭغا گەپ قىلسىڭىز، ئۇزۇكەمنى قايتۇرۇپ بەرسۇن، — دېدى.

موست ئۇقۇشۇپ كۆرۈۋېدى، كىروتا چېچىغا يوشۇرۇپ ئېلىپ كىرگەن بىر تال

① يوگا — ھىندىستاندىكى بىر خىل پەلسەپە سىستېمىسى (ت).

ئۈزۈكنى گۈلدىپاينىڭ ئېلىشۋالغانلىقى مەلۇم بولدى. بۇ ئىش موستقا تېخىمۇ كۆلكىلىك تۇيۇلدى. ئەتە دارغا ئېسىلىدىغان ئادەمنىڭ بىر تال ئۈزۈكنى تالىشىپ يۈرگىنىنى كۆرمەمدىغان، ئۇنچە - مەرۋايىت دېگەن ئايالالرنىڭ جېنى ئىكەن - دە، دەپ ئويلىدى ئۇ.

موست گۈلدىپايغا:

— ئۈزۈك قېنى؟ ئېلىپ كەل، كۆرۈپ باقاي، — دېدى.

گۈلدىپاي ئۈزۈكنى موستقا بەردى.

موست ئۈزۈكنى قولىغا ئېلىپ كۆرۈپلا چۆچۈپ كەتتى. قولىغا قىپقىزىل كۆمۈر چوغىنى ئېلىۋالغاندەك تۇرالماي قالدى. ئۈزۈكنىڭ بىر تەرىپىگە ساقال - بۇرۇتلىرى تەكشى قىرىلغان بىر ياشنىڭ ماي بوياق سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن پىل چىشى سۆڭىكى نەقىش قىلىپ سېلىنغان، يەنە بىر تەرىپىدىكى ئالتۇنغا «بىنو چاندىرا» دېگەن خەتلەر ئويۇلغان ئىدى.

موست بۇرۇلۇپ كىروتانىڭ چىرايىغا قارىۋىدى، بۇنىڭدىن يىگىرمە تۆت يىل ئىلگىرىكى مېھرىبان، نازاكەتلىك، مۇلايىم، تارتىنچاق چىراي كۆز ئالدىغا كەلدى. شەك - شۈبھىسىزكى، ئۇ چىراي بىلەن بۇ چىراي بىر ئادەمنىڭ ئىدى.

موست ئۈزۈككە يەنە سەپسېلىپ قاراپ ئاستا بېشىنى كۆتۈردى. ئالدىدىكى جازاغا ھۆكۈم قىلىنغان، چۈشكۈنلەشكەن بۇ ئايال كىچىك ئالتۇن ئۈزۈكنىڭ يارقىن نۇرىدا ئالتۇن نۇر چېچىپ تۇرغان ئىلاھە ھەيكىلىدەك كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى.

1894 - يىل دېكابىر

ساتتار ئابدۇللا تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

www.uyghurkitap.com



يېقىندا «خەلق گېزىتى» نىڭ ئەدەبىيات بېتىدە «ئەندا لوگىقىسى» نى تاللىشىش بويىچە مۇكاپاتلىق قىسقا ئەدەبىي ئوبزورلار مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈلگەنىدى. كىتابخانلارنى خەۋەردار قىلىش مەقسىتىدە ئاشۇ ئوبزورلارنىڭ بىرنەچچىسىنى تاللاپ تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇردۇق.

تەھرىردىن

گۈلى

## ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ئىستىقبالى...

يېڭى يىل باشلىنىشى بىلەنلا ھەممە كەسىپ جانلىنىپ، گۈللىنىش مەنزىرىسى بارلىققا كەلدى. ئەمما ئەدىبلەر بىر يەرگە جەم بولسىلا، ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ غېمىنى يەپ: «ھازىر ژۇرناللار كۆپىيىپ كەتتى، ئەمما ساپ ئەدەبىي ژۇرناللارنىڭ تىراژى چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ»، «مال باھاسى ئۆسۈپ كېتىۋاتىدۇ، قەلەم ھەققى بولسا ئۆز پېتى تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنداق بولغاندا، يازغۇچىلار قانداق كۈن ئالىدۇ؟»، «كىتاب بازىرى قىزىپ كەتتى، بازارلىق كىتابلار ئاز ئەمەس، ئەمما يازغۇچىلارنىڭ كىتابلىرى قانچىلىك سېتىلىۋاتىدۇ؟» دېيىشىۋاتىدۇ. بۇ كىشىلەرنىڭ سۆزىگە قارىسىڭىز، ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ئىستىقبالى چاتاقتەك قىلىدۇ.

مېنىڭ جەنۇبتىن كەلگەن بىر ئەدىب دوستۇم بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پەرۋاسىزلىق بىلەن كۈلۈپ قويۇپ: «ئەدەبىيات ساھەسىنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشى ھاجەتسىز» دېدى.

مەن ئۇنىڭدىن بۇ ھەقتە تەپسىلىي سۆزلەپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىۋېدىم، ئۇ مۇنداق ئۈچ سەۋەبنى كۆرسەتتى: بىرىنچى، ئەدەبىيات ساھەسى بۇرۇنقىغا قارىغاندا تېخىمۇ كەڭتاشا، تېخىمۇ ئەركىن بولۇپ قالدى. ئەينى يىللاردا ئەدەبىيات ساھەسى سىياسىي ساھەگە بېقىناتتى، ئەدەبىيات سىنىپىي كۈرەشنىڭ قورالى بولۇپ قالغانىدى. ھازىر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش مەركەز قىلىنماقتا، كىشىلەر ئۇنى - بۇنى پىپەن قىلىشتىن قاتتىق زېرىكتى، نېمىلا يازساڭ دەخلى قىلمايدىغان بولدى، مۇنداق كەيپىياتنى ئەدەبىياتنىڭ گۈللىنىشىدىن بېشارەت دېيىشكە بولىدۇ. ئىككىنچى، ئىجادىيەت دېتاللىرى مىسلىسىز كۆپەيدى. بىرقانچە يىللار ئىلگىرى «جاراھەت»، «يىلتىزنى ئىزدەش» دېگەندەك بىر نېمىلەر يېزىلىپ، بۇرۇنقى نۇرغۇن ئىشلار سېسىتىۋېتىلگەنىدى. ئەمما ھازىر پەقەت سودا سېپىدىلا كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان نۇرغۇن ھېكايىلار بار. ئىسلاھاتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكى، كىشىلەرنىڭ روھىي جەھەتتىكى

ئۆزگەرتىشكە كەلسەك، تېخىمۇ مۇرەككەپ، تېخىمۇ رەڭدار بولۇپ كەتتى، بۇ جەھەتتىمۇ يازىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار. مەنىۋى ئوزۇق ئىشلەپچىقىرىشتا قازانغا سالىدىغان خۇرۇچتىن ئەنسىرىمەيمىز، «پىشۇرۇش تېخنىكىسى» ياخشى بولسىلا بولغىنى. ئۈچىنچى، يازغۇچىلارنىڭ ماھارەت كۆرسىتىدىغان سورۇنى بارغانسېرى كېڭەيدى. كىنو-تېلېۋىزىيە بازىرى قوپۇۋېتىلدى. پەقەت ئېسىل سىنارىيىلا كەم بولۇۋاتىدۇ، شۇڭا قابىلىيىتى بار كىشىلەرنىڭ «چوڭ باي» لاردىن بولۇپ قېلىشى قىيىنغا چۈشمەيدىغان بولدى. گېزىتلەر بەس-بەس بىلەن سەھىپىسىنى كېڭەيتتى، قوشۇمچە بەتكە ماقالە يېتىشمەيۋاتىدۇ، مۇنداق ئەھۋالدا يېزىقچىلىق ئۇستىلىرى قانداقمۇ بەت تالاشمىسۇن! «سودا ساھەسىدىكى چوڭ باي» لارنىڭ بەش-ئون مىڭ يۈەن پۇل خەجلەپ، «بىلىملىك كىشى» لەرنى تەكلىپ قىلىشى بارغانسېرى ئاددىيلا ئىش بولۇپ قېلىۋاتىدۇ. شۇڭا يازغۇچىلىرىمىز «پاك» لىق كىيىمىنى تاشلاپ، «كالا ئۆلتۈرىدىغان پىچاقتا توخۇ بوغۇزلاپ» ئۆزىنى سىناپ باقسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟

مۇنداق دانا پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئاسان. ئۇ ئەدەبىيات ساھەسىدىكى نۇرغۇن زىددىيەتلەرگە شىپا بولالارمۇ؟ لېكىن ئەستايىدىل ئويلىنىپ باقسام، بۇ دوستۇمنىڭ گەپلىرى ئەتراپلىق بولمىسىمۇ، ئادەمنىڭ پىكىر يولىنى ئاچىدىكەن. يادىمدا قېلىشىچە، مۇندىن بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى شائىخەيلىك يازغۇچى جاۋ چاڭتيەننىڭ «ياشاش ئۇسۇلىمىز كۆپرەك بولسا قانداق؟» دېگەن ماقالىسىنى ئوقۇغانىدىم. بۇ ماقالىدە ئايال يازغۇچى چېڭ نەيشەننىڭ راھەت-پاراغەتكە بېرىلمەي، شائىخەيدىن شياڭگاڭغا بېرىپ ئىشلەمچىلەر قاتارىغا قوشۇلغانلىقى، نەتىجىدە ئېسىلزادە ئائىلىدىكى ئەرك قىزنىڭ چۈۋەر كەسىپ ئەھلىگە ئايلانغانلىقى مەدھىيىلەنگەن. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ مۇھىتنىڭ قىستىشىدىن بولغان. ھازىر بازار ئىگىلىكىنىڭ بەرپا قىلىنغانلىقىغا ھەممە كىشى بارىكاللا ئوقۇۋاتىدۇ، ئەمما بىز بازار ئىگىلىكىنىڭ زەربىسى ئالدىدا يېگۇڭنىڭ ئەجدىھانى ياخشى كۆرگىنىدەك ئىش قىلساق بولمايدۇ. ئەدەبىيات ساھەسى بازار ئىگىلىكىگە ماسلاشماقچى بولسا، ئازاب ۋە زىددىيەتتىن خالىي بولالمايدۇ، ئەمما بىزگە بۇنىڭدىن باشقا يەنە قانداق يول بار؟

ئادەمدە ياشاش ئۇسۇلى كۆپرەك بولۇشى، ئەدەبىيات ساھەسىدىمۇ بىرنەچچە خىل ھاياتلىق يولى بولۇشى كېرەك. سىياسىتىمىز ساپ ئەدەبىياتقا يان بېسىشى، نادىر ئەسەرلەرنى تەقدىم قىلغۇچىلارغا جەزمەن نۇرغۇن ھەق بېرىپ، ئۇلارنى ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن مۇكاپاتلىشى لازىم. بۇنىڭدىن تاشقىرى جىمى ھۈنىرىمىزنى ئىشقا سېلىپ، بىرنەچچە يولنى ئارتۇق ئاچساقمۇ بولۇۋېرىدۇ: كىنو سىنارىيىسى ۋە تېلېۋىزىيە تىياتىرى يازالايدىغانلار لىيۇ خېڭ بىلەن ۋاڭ سونى دورىسۇن؛ بازارلىق ھېكايە يازالايدىغانلار جۇڭگونىڭ ئاس ھېلىسى بولسۇن؛ سودا بىلەمۇ، يېزىقچىلىق بىلەمۇ شۇغۇللىنالايدىغانلار لياڭ فېڭيىدىن ئۆگىنىپ باقسىمۇ مەيلى... قىسقىسى، دۇنيا كەڭ، ئۇ بولمىسا، بۇ بولىدۇ. دەرۋەقە بازار ئىگىلىكى دولقۇنى بىر تۈركۈم ئەدىبلەرنى شاللاپ چىقىرىدۇ، ئەمما بۇنى كىمدىن كۆرگىلى بولىدۇ؟

ئائىلىشىمىزچە، جەنۇبتىكى ئەدىبلەر ھازىر كاڭگىراشتىن قۇتۇلۇپ، بۇ يەردىكى

كەسىپداشلىرىدىن ئوبدان ياشاۋېتىپتۇ. ئالدىمىزدا ئۈلگە بولۇۋاتقانلار تۇرسا، يەنە نېمىشقا دادىللىق بىلەن ئالغا باسمايمىز!

«ئەدەبىيات گېزىتى» نىڭ 1993 - يىل 7 - يانۋاردىكى سانىدىن

لى يۇمىڭ

## ھېكايە كىتابخانلارنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك

مەن مۇنداق بىرنەچچە سانغا دىققەت قىلدىم: يېقىندا نەشر قىلىنغان «قۇتلۇق يول»، «بېيجىڭلىقلار نيۇ - يوركتا»، «مېنىڭ بايلىقىم ئاۋستىرالىيىدە» قاتارلىق بىرقانچە ئەدەبىي خاتىرىنىڭ تىراژى يۈزمىڭ نۇسخىدىن ئېشىپ كەتتى. بېيجىڭ نەشرىياتى نەشر قىلغان «مانھاتتۇندىكى جۇڭگولۇق ئايال» ئىككى قېتىم قايتا نەشر قىلىنىپ، ئۈچ يۈز مىڭ تىراژغا يەتتى. مۇنداق ھادىسە يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئەدەبىيات ساھەسىدە ئىنتايىن ئاز ئۇچرىغان. بۇنىڭغا سېلىشتۇرغاندا ھېكايىنىڭ بازىرى تازا ياخشى بولمايۋاتىدۇ. مەملىكىتىمىزدە خېلى داڭقى چىققان بىر يازغۇچىنىڭ ھېكايىلار توپلىمىنىڭ تىراژى ئۈچ خانىلىق سانغىمۇ يەتمىگەچكە، ئامالسىزلىقتىن بېسىلماي قالغان، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن كىتابخانلار ھېكايىنى ئەمەس، بەلكى ئەدەبىي خاتىرىنى ياقتۇرىدۇ، دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولمايدۇ. ئەپسۇسكى، نۆۋەتتە ھېكايە ئىجادىيىتىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولمايۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ كىتابخانلىرىنىڭ كۆپ ئەمەسلىكى ئۆزىمىزنى قاچۇرغىلى بولمايدىغان بىر پاكىت.

بەزىلەر: «ياخشى كىتابنىڭ بازىرى يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، بازىرى بار كىتابنىڭ ياخشى كىتاب بولۇشى ناتايىن» دەپ ئاغرىنىۋاتىدۇ. مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ بازار ئىگىلىكى كۆز قارىشىنىڭ ئاجىزلىقىنىڭ ئىپادىسى، «بازىرى بار كىتابنىڭ ياخشى كىتاب بولۇشى ناتايىن» دېگەن گەپ پاكىتقا ئۇيغۇن كېلىشى مۇمكىن. ئەمما «ياخشى كىتابنىڭ بازىرى يوق» دېگەن گەپنى چۈشىنىش ناھايىتى تەس. ئۇنداقتا بازىرى يوق «ياخشى كىتاب» نىڭ ياخشىلىقى زادى قەيەردە؟ «قۇتلۇق يول» دېگەن كىتاب نۇقسانسىز ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭدا ئەكس ئەتتۈرۈلگىنى دەل كىتابخانلار كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان مەسىلىلەر، شۇڭا كىتابخانلار يەنىلا ئۇنى سېتىۋالغان، ئۇنىڭغا بېرىلىپ ئوقۇغان. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، شىنخۇا كىتابخانىسى دەسلەپ تىراژ قوبۇل قىلغاندا، بۇ كىتابنىڭ تىراژى پەقەت بىرنەچچە مىڭ نۇسخىغىلا يەتكەن. نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، قايتا - قايتا بېسىلىپ، ئەسلىدىكى تىراژ سانىدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتكەن. بۇ، كىتابخانلىرىمىزنىڭ كۆزى ئۆتكۈرلۈكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. بەزى ھېكايىلارنىڭ كىتابخانلىرى بولماسلىقى ياكى ناھايىتى ئاز بولۇشىدىكى سەۋەب، ئېھتىمال، ھېكايىنىڭ ئۆزىدە بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر ھېكايە ئاپتورى كىتابخانلارغا كۆڭۈل بۆلمىسە، كىتابخانلارنىڭمۇ ھېكايىسىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ھەققى بولىدۇ. رېئال تۇرمۇشتىن يى-

راقلىشىپ كېتىش، ئۆز دەۋرىگە بولغان چوڭقۇر بايقاش ۋە بەدىئىي ئىشەنچىنىڭ
كەمچىل بولۇشى، ئېھتىمال، ھازىرقى بەزى ھېكايىلارنىڭ كىتابخانلاردىن ئايرىلىپ قې
لىشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەر بىرى بولسا كېرەك. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەگەر
«دەۋر روھىنى ئەكس ئەتتۈرۈش» نى ئاددىي ھالدىلا بىز بۇرۇن دائىم ئاغزىمىزدىن
چۈشۈرمەي كەلگەن ئاتالمىش «مەركەزنى يېزىش، مەركەزنى قويۇش، مەركەزنى ئېيتىش،
مەركەزنى سىزىش» دېگەنلەر بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ قويمىساقلا، مېنىڭچە، بۇ ئاكتىپ،
قوبۇل قىلىشقا بولىدىغان ئەدەبىي تەشەببۇس.

ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش دەۋرىدە رېئال تۇرمۇشتا ھەر كۈنى يېڭى ئەھۋال، يېڭى
مەسىلە، يېڭى زىددىيەت ۋە يېڭى مەنزىرىلەر بارلىققا كېلىپ، ھېكايە ئىجادىيىتىنى
مىسلى كۆرۈلمىگەن مول، رەڭگارەڭ تۇرمۇش خام ماتېرىياللىرى بىلەن تەمىنلىدى،
ھېكايە تەسىرچانلىقى كۈچلۈك بىر خىل ئەدەبىي شەكىل، ئەدەبىيات - سەنئەتنىڭ
گۈللىنىشى ھېكايىنىڭ گۈللىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ھېكايە ئىجادكارلىرى
«بىر قەدەر كەڭ ئىدىيىۋى چوڭقۇرلۇق ۋە تونۇپ يېتىلگەن تارىخىي مەزمۇن» (ئېن-
گېلىسنىڭ سۆزى) بىلەن رېئاللىقنى يورىتىپ، چوڭقۇرلۇقى، كۈچ - قۇدرىتى بولغان،
رېئال تۇرمۇشنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئەسەرلەرنى كۆپرەك يېزىشى، تېخىمۇ كۆپ
كىتابخانلارنى قولغا كەلتۈرۈپ، دەۋرنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇشى كېرەك.

«خەلق گېزىتى» نىڭ 1993 - يىل 10 - فېۋرالدىكى سانىدىن

سۇن باۋيىن

## يازغۇچىلار، ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار

لۇياۋ كۈچلۈك قەلىمىگە تايىنىپ، دەسلەپ «كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدىغان
بىر كۆرۈنۈش» ، «جاپالىق كۈنلەردە» نى، كەينىدىن «ھايات» نى، ئاندىن ئۈچ توم-
لۇق چوڭ ئەسىرى — «ئاددىي دۇنيا» نى يېزىپ چىقىپ، ئاخىرى ئۈچىنچى نۆۋەت-
لىك ماۋدۇن ئەدەبىيات مۇكاپاتىنىڭ تاجىنى كىيدى. ئەمما ئۇ ئالقىش ساداسى، گۈل
دەستە ۋە شان - شەرەپنىڭ ھەمراھلىقىدا جاھان بىلەن خوشلىشىپ، ئۇپۇل - تۇپۇللا
كېتىپ قالدى. كىشىلەر بۇ ھەقتە ھەرخىل گەپلەرنى قىلىشىپ، تۈرلۈك - تۈمەن خىيال-
لاردا بولماقتا.

لۇياۋ بىلەن ئوبدان تونۇشىدىغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسىگە مەلۇمكى، لۇياۋ ئەدە-
بىيات ساھەسىگە كىرگەندىن تارتىپلا ئۆز ھاياتىنى ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن باغلىدى.
لۇياۋنىڭ ئۆز سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھەمىشە «سەھەرنى
چۈشتىن باشلىدى»، «بىر چىنە سۇيۇقئاش ياكى ھورنان بىلەن بىر تال پىياز» دىن
باشقىنى يېمىدى. «ئاددىي دۇنيا» نى يازغۇچە «خاڭدا بىراقلا بىر قىش تۇرۇۋېتىپ،
ئۈچ-تۆت ئايغىچە تاغدىن چىقمىدى». ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئىككى مىڭ كېچە - كۈندۈز جەريانىدا

www.uyghurkitap.com

ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك ئىرادە بىلەن ھايات ۋە سەنئەتنىڭ بۈيۈك مەنزىلىدىن ئىبارەت ئالىيجاناب نىشانىسى ئۈستىدە جاپالىق ئىزدەندى، قىلچە بوشاڭلىق قىلمىدى. كەۋدىسى زادىلا چىداشلىق بېرەلمىگەندە، «جوزىغا چاپلىشىۋېلىپ، بېشىغا بىر كىتابنى قويۇۋېلىپ» داۋاملىق يازدى، يېزىۋەردى. پۈتكۈل ھاياتىنى مانا مۇشۇنداق بەدەل قىلىش ئاساسىدا ئۆزىنىڭ ئەدەبىيات پىرامىدىسىنى تۇرغۇزۇپ، جۇڭگو ھازىرقى زامان يازغۇچىسىنىڭ ھۆرمەتكە لايىق ئوبرازىنى تىكلىدى. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، لۇياۋ يارايدۇ، ئۇ كەتكىنى بىلەن «ھايات» مەڭگۈلۈك، «ئاددىي دۇنيا» بۇرۇنقىدەكلا شاۋقۇن - سۈرەن سالىدۇ، ئەمما يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، بىر ئادەم دۆلەت ۋە مىللەت ئۈچۈن تۆھپە يارىتىدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى ئۆزىگىلا مەنسۇپ بولماي قالىدۇ، بەلكى دۆلەت ۋە مىللەت بىلەن چەمبەرچەس باغلىنىپ كېتىدۇ. لۇياۋنىڭ ئىجادىيىتى، سالامەتلىكى، ئائىلىسى ۋە روھىي ھالىتىگە نېمىشقا شۇنچىۋالا كۆپ كىشى كۆڭۈل بۆلىدۇ دېگەن مەسىلىنىڭ سەۋەبى مانا مۇشۇ يەردە، بىزنىڭچە، زامانىمىزدىكى بىر يازغۇچىدا كەسپىي ئىنتىلىش ۋە پىكىر قىلىش بولمىسا بولمايدۇ. ئەمما ئۇنىڭ ئەقلى ۋە كۆڭۈل ئازادىلىكى بولمىسىمۇ بولمايدۇ. ئۇ خەلقنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ دىققەت - ئېتىبارىغا سازاۋەر بولۇشى، خۇسۇسىي شادلىقتىن ۋە ئائىلە مېھرىدىنمۇ ئايرىلىپ قالماسلىقى كېرەك. مەن لۇياۋنىڭ بىر دوستى دېگەن مۇنۇ گەپنى قۇۋۋەتلەيمەن: «بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز ئۇلۇغ ۋە جىددىي ئىش بولسىمۇ، ئۇنى ئورۇنداۋاتقان چېغىمىزدا ھالىمىزغا يارىشا ئىش قىلىشىمىز؛ بەك ئالدىراپ، بەك چارچاپ كەتمەسلىكىمىز؛ بەك جاپالىق، بەك ئېغىر ئەمگەك بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆزىمىزگە سەل قارىماسلىقىمىز كېرەك. چۈنكى خىزمىتىمىزنى چەكتىن ئاشۇرۇۋېتىپ، زېھنىي قۇۋۋىتىمىزنى ھەددىدىن زىيادە خورىتىۋەتسەك، ئۆزىمىزنى نابۇت قىلىمىز، شۇنداقلا كۈرمەڭلىگان كىشىلەرنىڭ ئۈمىدىنى يوققا چىقىرىمىز...» شۇنداق ئەمەسمۇ، ئەگەر لۇياۋ بىز بىلەن يەنە ئون يىل بىرگە ياشىيالىغان بولسا، ھېچ بولمىغاندا يەنە بىر يېپيېڭى «ئاددىي دۇنيا» نى كۆرەلىگەن بولاتتۇق. مۇبادا يىگىرمە يىل، ئوتتۇز يىل ياشىغان بولسىچۇ؟

بىزنىڭ يازغۇچىلىرىمىز جۇكېچىن، مويىڭفېڭ ۋە لۇياۋلاردىن ئىلھام ئالسا بولىدۇ، ئەمما كىشىلەرنىڭ: «يازغۇچىلار ئۆزۈڭلارنى ئاسراڭلار!» دەپ توۋلايدىغان ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتىمۇ بار.

يېزىپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە «شەنشى قوشۇنى» نىڭ يەنە بىر پالۋىنى جۇجىڭئەننىڭ 46 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى ئاڭلاپ قاتتىق ھەسرەتلەندىم، شۇڭا يازغۇچى دوستلىرىمىزغا يەنە بىر قېتىم دەپ قوياي: «ئۆزۈڭلارغا ھەرگىز سەل قارىماڭلار!»

«خەلق گېزىتى» نىڭ 1993 - يىل 10 - فېۋرال سانىدىن

غوپۇر قادىر تەرجىمىسى

مەسئۇل مۇھەررىر ئەنۋەر ئابدۇرېھىم

ئابدۇرۇسۇل ئابدۇراخمان

# ئاق كىرپىك

(ھېكايە)

ئالىي مەكتەپنىڭ دەرۋازىسىدىن زور ئۈمىد ۋە ئەيمىنىش ئىچىدە كىرىپ، تېگىشلىك رەسمىيەتلەرنى ئۆتكەندىن كېيىنلا يېنىك تىنىدىم. شۇ چاغدا كەملەپ قالغان بىر نومۇر ئۈچۈن، دادامنىڭ ماڭغان يوللىرىنىڭ بىكارغا كەتمىگەنلىكىگە ئىشەندىم.

ئەتىسى چۈشتە مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا ئۆتكەن - كەچكەنلەرگە قاراپ تۇراتتىم، بىر چاغدا شاش ئاق ئات قوشۇلغان خادىك يېنىمغا كېلىپ توختىدى - دە، خادىكتىن قارا كۆزەينەك تاقىغان زىلۋاغىنە بىر قىز چۈشۈپ، يۈك - تاقلىرىنى يەرگە ئالدى، ئاندىن بىر كىمنى ئىزدەۋاتقاندەك ئەتراپقا قاراشقا باشلىدى. قىز خېلى ئۇزۇنغىچە شۇ ھالەتتە تۇردى. ئۇ تىت - تىت بولۇۋاتقان بولسا كېرەك، ھەدەپ قول سومكىسىنىڭ بېغىنى يۆگەپ بىردەم چۇۋۇسا، يەنە بىردەم تولغايتتى. شۇ چاغدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قىزلارنىڭ گەپلىرى قۇلىقىمغا كىردى:

— ۋىيىەي، ئاۋۇ سەھرالىقنىڭ تۇرۇشىغا قاراڭلار، خۇددى چەت ئەلدىن كەلگەندەك.

— كىيگەن كىيىمىنى، ئوتۇنچىنىڭ ئۆزى.

— ئەينەك تاقىغان ھالىغا چۈشلۇق كىيىمنى تۈزۈكرەك كىيسىچۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن قىزغا قايتىدىن نەزەر سالدىم. پىشقان ئاناردەك ئىككى مەڭزى كەڭ گىرۋەكلىك قارا كۆزەينەك ئاستىدا تېخىمۇ چىرايلىقلىشىپ كەتكەن بولۇپ، شەبنەم قونغان قىزىلگۈلگە ئوخشايدىغان لەۋلىرى ئارىسىدىن بىر تال «ئوغرى» چىشى گويا ياقۇتتەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ئۇ ئۈستىگە كونا پاسوندا تىكىلگەن ئېتەكلىرى كەڭ ئويما ياقىلىق ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن، بېشىغا گۈللۈك ياغلىق چىگىۋالغان بولۇپ، يېزىدىن كەلگەنلىكى چىقىپلا تۇراتتى. ئۆتكەن - كەچكەنلەر ئۇنىڭغا مەنسىتمەسلىك بىلەن قاراپ قويۇشاتتى. مەن قاراپ تۇرۇۋېرىشكە چىدىمىدىم. ئاخىرى ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

— ياخشىمۇسىز؟ — دەپ سالام بەردىم.

قىز چۆچۈپ ماڭا قارىدى - دە، دەررۇ مەندىن كۆزىنى ئېلىپ قاچتى.

— قەيەردىن كەلدىڭىز، مەن ياردەملىشەيمۇ؟ — مەن ئاۋازىمنى سىپايە چىقىرىشقا تىرىشتىم. بۇ قېتىم ئۇ، مېنىڭ باش - ئايىغىمغا مۇنداقلا قاراپ چىقتى - دە،

— رەھمەت، — دەپلا يەنە باشقا ياققا قارىۋالدى.

— تارتىنماڭ، مەنمۇ يېڭى كەلدىم. سىز قايسى فاكۇلتېتقا قوبۇل قىلىندىڭىز؟

— ئەدەبىيات فاكۇلتېتىغا!، — قىز بوشقىنە جاۋاب بەردى.

— ياخشىغۇ، — مەن خۇشاللىق بىلەن ئۇنىڭغا قارىدىم، — مەنمۇ ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدا، ئىككىمىز ساۋاقداش بولىدىكەنمىز، بولدى تارتىنماڭ، مەن سىزگە ياردەملىشەي.

شۇنىڭدىن كېيىن قىزنىڭ لەۋلىرىدە سۇس كۈلۈمسىرەش پەيدا بولدى. مەن ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ تىزىملاش ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردىم.

— ئىسمىڭىز نېمە؟

— ئالتۇنگۈل.

قىز سورالغان سوئاللارغا قىسقىلا جاۋاب بەردى. ئەمما كۆزەينىكىنى ئېلىۋەتمىدى. تىزىملاۋاتقان كىشىنىڭ ئىچى پۇشتى بولغاي، قىزغا قاراپ:

— ئۇكام، كۆزەينىكىڭىزنى ئېلىۋېتىڭ، كوچىغا چىققاندا تاقىۋالارسىز.

— بۇ ... — قىز بېشىنى تۆۋەن سالدى.

— ئېلىۋېتىڭ دېگەندىكەن ئېلىۋېتىڭ!

قىز تۇساتتىن ئېسەدەپ يىغلىۋەتتى. ھەممىمىز ھاڭ-تاڭ قالدۇق. ئىشخانىدىكى باشقا ئىككى ئوقۇتقۇچىمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئاھ خۇدا، يەنە ئوقۇيالمايدىغان بولدۇم. ئىست، شور پېشانىلىكىم ... — قىزنىڭ يىغىسى تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. قىزغا بۇيرۇق قىلغان كىشى مېنى چىقىپ كېتىشكە ئىشارە قىلدى، مەن سىرتقا چىقىپ قىزنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىگە قاراپ ھەيرانلىق، ئەجەبلىنىش ئىچىدە تۇرۇپ قالدىم. كاللامدا بۇ قانداق گەپ، ئۇنىڭ نېمە دەردى باردۇ؟ دېگەن سوئال چۆگىلەيتتى. بىر پەستىن كېيىن، قىز ئىشخانىدىن خۇشال ھالدا چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ بايىقى تېپىشماقتەك سۆزى مېنى ئەجەبلەندۈرگەن بولسا، ئەمدىكى ھالىتى تېخىمۇ گاڭگىرىتىپ قويغانىدى ...

* *

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن دەرس باشلاندى. ئالتۇنگۈل بىلەن راستتىنلا بىر سىنىپتا ئوقۇيدىكەنمىز. ئۇ سىنىپقا كىرگەندىمۇ كۆزەينىكىنى ئېلىۋەتمىدى، ئوقۇتقۇچىلارمۇ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچمىدى. ئەمما ئوغۇللار ئارىسىدا پات-پاتلا ئۇنىڭ گېپى بولۇپ قالاتتى.

— ئۇ كۆز كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان، — دەيتتى بىرى، — ئۇنىڭ كۆزى يورۇقلۇققا بەرداشلىق بېرەلمىسە كېرەك.

— مېنىڭچە كۆزىنىڭ ئەتراپى ئېغىر زەخىملەنگەن، — دەيتتى يەنە بىرى، — شۇڭا تاتۇقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن ئەينەك تاقىۋالغانىكەندە.

تالاش-تارتىشىمىز كۆپەيگەنسېرى، ئالتۇنگۈل بىزنىڭ نەزىرىمىزدە چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر قىزغا ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈستىگە سىنىپ مۇدىرىمىزنىڭ ئالتۇنگۈلگە بۇ ھەقتە ئازار بەرمەسلىك توغرىسىدا ئاچقان مەخسۇس يىغىنى بىزنى ئويغا سالاتتى.

بىرىنچى مەۋسۇملۇك ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، ئالتۇنگۈلگە بولغان قىزىقىشىمىز تېخىمۇ كۈچەيدى. چۈنكى ئۇنىڭ يەككە پەنلەر بويىچە

ئەتىجىسى 97 پىرسەنتتىن ئاپلانغانىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇ كۈنلەردە بىر پارچە ھېكايىسى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنىدى. بىز ئۇنىڭ قارا كۆزەينىكى ئاستىغا يوشۇرۇنغان مەخپىيەتلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، يان تەرىپىدىن سىنچىلاپ قارايتتۇق. ئەمما ئالتۇنگۈل ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي ئۆگىنىش، يېزىش بىلەن مەشغۇل بولاتتى. ئۆزىنى ھامان تەمكىن، مەغرۇر تۇتاتتى.

*

ئىككىنچى ئوقۇش يىلىغا قەدەم باستۇق. مەن ئالتۇنگۈلنى دائىم ئويلايدىغان، ئۇنىڭغا بەكرەك قىزىقىدىغان بولۇپ قالدىم. ئۇمۇ سىنىپتا پەقەت مەن بىلەن ئوچۇق - يورۇق سۆزلىشەتتى. ئۇنى كۆرگەن ھامان ئاشۇ كۈندىكى يىغىسىنى ئەسلەيتتىم، سەۋەبىنى سوراپ باقماقچى بولاتتىم - يۇ، يەنە جۈرئەت قىلالمايتتىم.

بىر كۈنى كەچلىك تاماقتىن كېيىن سىنىپقا چىقسام ئالتۇنگۈل يالغۇز ئولتۇرۇپ دەرس تەكرارلاۋاتقان ئىكەن. بىردەم تاغدىن - باغدىن پاراڭ قىلىشىپ ئولتۇردۇق.

— ئالتۇنگۈل، — دېدىم مەن گەپ ئارىلىقىدا، — كۆزەينىكىڭىزنى نېمىشقا ئېلىۋەتمەيسىز؟ مۇشۇ ئەينەك سىزنى سىرلىق كۆرسىتىپ، سىزگە يېقىنلاشماقچى بولغان ئادەملەرنىمۇ ئەيمەندۈرىدىكەن.

ئالتۇنگۈل بىردىن ئۇھ تارتتى ۋە:

— چىرايىمنى كۆرۈمسىز، ئەينەكنى ئېلىۋەتسەم سىزنى ئۈركۈتۈۋېتىمەن.

— مەن ئىشەنمەيمەن، — دېدىم دەررۇ، — سىز ناھايىتى چىرايلىق. كۆڭلۈمدىكىنى ئېيتاي دەيمەن، ئەمما كۆزەينىكىڭىز ئالدىمدا گويا ئۆتكىلى بولمايدىغان توساقتەك تۇرۇۋالدى.

— توغرا ئويلاپسىز، — دېدى ئالتۇنگۈل كىتاب - دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرغاچ، — ئېيتمىغىنىڭىز ئوبدان بولدى، ھەم مەنمۇ قوبۇل قىلالمايمەن، بولدى، ماڭا بۇنداق گەپلەرنى قىلماڭ، كېيىن بىلىپ قالىسىز.— ئالتۇنگۈل شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈگۈرگىنىچە سىنىپتىن چىقىپ كەتتى. مەن نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم.

*

ئۈچىنچى ئوقۇش يىلى باشلىنىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، ئالتۇنگۈل «ت» ۋىلايىتىدە ئېچىلىدىغان مۇنەۋۋەر ئەسەرلەرنى مۇكاپاتلاش يىغىنىغا تەكلىپ قىلىنىدى.

بىر كۈنى سىنىپتا بىرنەچچەيلەن ئالتۇنگۈلنىڭ «يۇلغۇن چېچەكى» ناملىق ھېكايىسى توغرىلىق مۇنازىرىلىشىپ قالدۇق، ھەممىمىز ھېكايىدىكى گۈزەل ئەمما شاللاق قىز — گۈلشەننىڭ تۇرمۇشقا ئۈمىدسىز قاراپ، ئۆزىنى ھالاك قىلغانلىقىغا ئەپرەتلەندۇق. ئەمما مېنىڭ بىلەن بىر پارتىدا ئولتۇرىدىغان ھەلىمە بۇنىڭغا قارشى چىقتى:

— ئۇ ھە دېسىلا چىرايلىق قىزلارنى سۆكىدۇ، — دېدى ئۇ ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — گۈزەللىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئادەمنىڭ شۇنداق قىلىشى تەبىئىي-دە.

— قانداق دەيسىز؟ — دەپ سورىدىم مەن، — ئېنىقراق ئېيتىڭا، گۈزەللىكنى ئاپتور بىلمەمدۇ ياكى ھېكايە پېرسوناژىمۇ؟

— ئەلۋەتتە ئاپتور بىلمەيدۇ، — دېدى ھەلىمە مەغرۇرانە ھالدا، — بىزنىڭ ئالتۇنگۈلىمىزدە ئاشۇ پېرسوناژنىڭ

چىرايىدەك چىراي يوق، شۇڭا چىرايلىق قىزلارغا ئۆچ.

— ئۇنىڭ كۆزەينەك تاقىۋېلىشى سەتلىكىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن دېمەكچىمۇ سىز؟ — يەنە بىر ساۋاقدىشىم كۈچەپ سورىدى.

— شۇنداق، ئۇنىڭ قېشىمۇ، كىرپىكىمۇ ئاپئاق، خۇددى ...

— ھەلىمە، — دەپ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈۋەتتى قىزلار ھەيئىتى، — مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ بولدى، بۇ ئىشنى قويايلى، يۈرۈڭلار قىزلار، تازىلىققا چىقىمىز.

بۇ گەپ ئەتىسىلا پۈتۈن مەكتەپكە پۇر كەتتى. ئالتۇنگۈل قايتىپ كەلگەن كۈنى ھەممىمىز ئۇنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇنىڭ چىرايىدىن بىر نەرسە ئىزدەۋاتقاندەك، كۆزەينىكىنىڭ گىرۋىكىدىن ئىچىگە قارايتتۇق.

شەنبە كۈنى كەچتە سىنىپ يىغىنى ئېچىلدى. سىنىپ مۇدىرىمىز بىر قاتار ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغاندىن كېيىن، ھەلىمەنىڭ ئۆتكەنكى ئىشى توغرىلىق ئەمدىلا ئېغىز ئېچىشىغا ئالتۇنگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى ئۈزۈپ قويدى.

— مۇئەللىم، بىر ئېغىز پىكىر قىلىشىمغا رۇخسەت قىلسىڭىز، — ئۇ سىنىپ مۇدىرىنىڭ باش لىڭشىتقانلىقىنى كۆرۈپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — ھەلىمەنىڭ دېگىنى توغرا. مەن تۇغۇلۇشىمدىنلا تەلەيسىز قىز بولسام كېرەك. تەقدىر ماڭا باشقا قىزلاردىن پەرقلىق بولسۇن دېگەنمۇ، بېشىمغىچە قاش-كىرپىك ئاتا قىلدى. كىچىك ۋاقتىمدا باللار مېنى ئاق كىرپىك دەپ زاڭلىق قىلىشىپ ئويۇنغا قاتناشتۇرمايتتى. باللىقىم ئۆزۈمنى چۈشەنمەي ئۆتۈپ كەتتى. چوڭ بولغانسېرى چىرايىمدىكى پەرقنى تونۇپ يەتتىم، روھىي جەھەتتىن ئازابلاندىم، چۈشكۈنلەشتىم، چۈشكۈنلۈك مېنى نەچچە قېتىم ھالاكەت گىردابىغا ئىتتەردى. ئەمما چىدام، غەيرەت مېنى يەنە ئۈمىد قىرغىقىغا ئېلىپ چىقتى. مەن ئاخىرى ياشاش، ياشىغاندىمۇ ئەھمىيەتلىك ياشاش ئىرادىسىگە كەلدىم. تىرىشتىم، ھەر قانداق مەسخىرىگە قارىماي ئۆگەندىم، ئوتتۇرا مەكتەپتە ھەر يىلى «ئۈچتە ياخشى ئوقۇغۇچى» بولۇپ باھالاندىم. ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىنىمۇ ياخشى بەردىم. بىراق چىرايىم مېنىڭ ھەممە ئارزۇلىرىمنى بەرباد قىلىۋەتتى، مېنى ھېچقانداق مەكتەپ قوبۇل قىلمىدى. مەن زادى قانداق ئادەم؟ — ئالتۇنگۈل سۆزىدىن توختاپ، كۆزەينىكىنى ئېلىۋىدى، ھەممىمىز كۆزلىرىمىزنى چەكچەيتكەنچە ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ قالدۇق. ئۇنىڭ قېشى بىلەن كىرپىكى ئاپئاق ئىدى، ئاشۇ ھالەت بىردىن ئۇنىڭ چىرايلىق لېۋى بىلەن مەڭزىنىڭ گۈزەللىكىنى يەپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. سىنىپ ئىچى تىمتاسلىققا چۆمدى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئالىي مەكتەپكە كىرىش ھالىتىمنى ئالتۇنگۈل بىلەن سېلىشتۇرۇپ بىردىن قىزىرىپ كەتتىم، ئالتۇنگۈل كۆزەينىكىنى قايتىدىن تاقاپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مانا، مەن مۇشۇنداق كۆرۈمسىز، ھەممىڭلار قىزىقىدىغان ئەمما چۈشىنەلمىگەن بىر قىزمەن. مەن ئىككىنچى يىلى يەنە ئىمتىھان بەردىم، يەنە قوبۇل قىلىنمىدىم، مەندىكى چىدام-غەيرەت ئۆلۈش ئالدىدا تۇراتتى، دەل شۇ چاغدا قولۇمغا «پولات قانداق تاۋلاندى» دېگەن

www.uyghurkitap.com

كىتاب چۈشتى، مەن بۇ كىتابنى دەسلەپتە ئوقۇغاندا پەقەت ۋەقەلىكىگە قىزىققان ئىدىم. بۇ قېتىم كىتابنى ئاپتورنىڭ ھاياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوقۇدۇم، ئوستروۋىسكىينىڭ ئىككى كۆزى ئەما ھالەتتىمۇ، ئاشۇنداق نەتىجىگە ئېرىشكەنلىكى مېنى قايتىدىن ئويغاتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ ئادەملىكىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش قارارىغا كەلدىم.

ساۋاقداشلار! ئالىي مەكتەپكە كىرىش چاقىرىق قەغىزىنى قولۇمغا ئالغاندىن تارتىپ، مۇشۇ سىنىپقا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا ئۆزۈمنىڭ راستتىنلا ئالىي مەكتەپ قوينىغا كىرگەنلىكىمگە ئىشەنگۈم كەلمىدى. مەكتەپ رەھبەرلىرى ماڭا تەسەللى ئېيتقان، سىنىپ مۇدىرىمىز قىزلارغا مېنىڭ چىرايىم توغرىلىق ئېغىز ئاچماسلىقنى تاپىلاپ، ماڭا مەدەت بەرگەن بولسىمۇ، مەن يەنىلا دەككە-دۈككىدە يۈردۈم. پەقەت بىرىنچى مەۋسۇملۇك ئىمتىھان نەتىجەم ئېلان قىلىنغاندىلا ئاندىن ئۆزۈمنىڭ ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئاشقانلىقىغا ئىشەندىم، ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلساڭلار مەيلى، مەن ھامان ئۆزۈمنى ئادەمدەك كۆرىمەن، ئادەم ئۆزىنىڭ ئادەملىكىنى بىلمىكى تەس، بۇ نۇقتىنى تونۇپ يەتكىنىدە، ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتكەن بولىدۇ، شۇڭا مەن باشقىلارنىڭمۇ بۇ نۇقتىنى تونۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن...

بىردىن ھەلىمەنىڭ ئېسەدىگەن يىغىسى ئاڭلاندى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئېتىلىپ بارغىنىچە ئالتۇنگۈلنى قۇچاقلىۋالدى:

— ئالتۇنگۈل مېنى كەچۈر، مەن ئەيىبلىك، مەن بىلمەپتىمەن، مەن ئەسكى، مەن...

بۇ مەنزىرىدىن سىنىپتىكى ساۋاقداشلارنىڭمۇ كۆزلىرى نەملەندى. ئىككى تامچە ياش مەڭزىمنى بويلاپ لېۋىمگە چۈشتى.

ئەتىسى چۈشتە ئالتۇنگۈلنى مەكتەپ بېغىدا دەرس تەكرارلاۋاتقان يېرىدىن تاپتىم.

— ئالتۇنگۈل، — دېدىم ئۇنىڭ كۆزەينىكىگە قاراپ، — ئەينىكىڭىزنى ئېلىۋېتەي، قوشۇلامسىز؟

— ئالدىرىماڭ، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن، — بىزگە تېخى نۇرغۇن پۇرسەتلەر كېلىدۇ. شۇ چاققىچە تاقاپ تۇراي، بىلىمىم بىزگە چوقۇم شۇ پۇرسەتنى ئەكېلىپ بېرىدۇ.

مەن ئۇنىڭ سۆزىگە قايىل بولدۇم، شۇڭا رازىمەنلىك بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم.

رۇسۇل ئىمىن

مەسئۇل مۇھەررىر سارەم ئىبراھىم

# مۇدىرنىڭ چارىسى

(ھېكايە)

قاسىم مۇدىر كۈتۈشلىرىۋا قۇتىسىلىغا ۋە ئەمەلدىكىدەك چايدىن بىر-ئىككى يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن، ئالدىدىكى كەچلىك گېزىتنى قولىغا ئالدى-يۇ، پەقەت ئىچ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتابلىرى

پۈشۈشقىنى چىقىرىش ئۈچۈنلا گېزىت كۆرەتتى. شۇڭا ئۇ 3- بەتنىلا ئاچتى ۋە قىسقا بىر ھېكايىنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئوقۇغانسېرى ئۇنىڭدا تەسۋىرلەنگەن پېرسوناژنىڭ ئۆزىگە ئوخشاپ قېلىۋاتقانلىقىنى سەزدى ۋە سەپرايى ئۆرلەپ، ئاچچىق موخۇركىسىنى كۇچەپ-كۇچەپ شوراشقا باشلىدى. ئىشخانا ئىچى تاماكىنىڭ قاڭسىق، كۆكۈچ ئىسى بىلەن تولدى. قاسىم مۇدىر ھېكايىنى ئوقۇپ تۈگەتكەندە ئۇنىڭ گازىردەك قىسىق كۆزلىرىنىڭ قارىچۇقلىرى كېڭىيىپ، سەل قارامتۇل كەلگەن چىرايى دات باسقان تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى. ئىسمىنى ۋە چىراي-شەكلىنى ئۆزگەرتكەننى ھېسابقا ئالمىغاندا ھېكايىدىكى نىياز مۇدىر دېگىنى مەن ئەمەسمۇ. توغرا، دەل مېنى يېزىپتۇ. قارا بۇنى، مېنىڭ باغاق تاپشۇرۇپ ئالغىنىمنى ۋە شۇ چاغدا قانداق ئويلاردا بولغىنىمنى خۇددى ئىچىمگە كىرىپ چىققاندەكلا بىلىۋاپتۇ. ۋىلايەتتىكى بىر باشلىق بىلەن ساۋاقداش ئىكەنلىكىمنى قانداق بىلگەندۇ ئەمدى؟! توۋا، جاھان نېمە بوپ كەتتى ئۆزى! ئادەمنىڭ كاللىسىدا ئويلىغانلىرىنى ئەينەكتە كۆرگەندەكلا ئېنىق بىلىۋالغان يەردە، مېنىڭ قالغان ئىشلىرىمنى بىلمەي قالارمۇ؟ يېقىندا بىر گېزىتتە چەت ئەللىكلەرنىڭ ھەربىي مەخپىيەتلىكىنى ئوغرىلايدىغان بىر ئەسۋاب كەشپ قىلغانلىقى توغرىسىدا قىزىقارلىق بىر نەرسىنى ئوقۇغاندەك قىلىۋىدىم. شۇنداق بىرەر ئەسۋاب ئىشلىتىپ مېنىڭ ئىچكى سىرلىرىمنى ئوغرىلىغان بولمىسۇن يەنە؟ ئۇنىڭ راستتىنلا شۇنداق بولۇپ قالغان تەقدىردە مېنىڭ بولمىغۇر خىياللاردا بولغىنىمنى گېزىتكە ھېكايە قىلىپ چىقىرىۋەتسە، خوتۇنۇم قولىقىمنى يۇلۇپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويار... ئوغۇ مەيلى، ئەڭ يامان يېرى، مېنىڭ قانداق قىلىپ مۇدىر بولۋالغانلىقىمنى... ھەي... كىم يازغاندۇ بۇ نەرسىنى؟ قاسىم مۇدىر ئەمدىلا ئىسىگە كېلىپ، نەزەرىنى ئاپتور ئىسمىغا ئاغدۇردى. ئۇنىڭ كۆزىگە «جەۋلانى» دېگەن ئىسىم چېلىقتى. ئۇ ئويلىنىشقا باشلىدى: جەۋلانى دېگىنى كىم بولغىيدى؟ جەۋلانى، جەۋلانى... توغرا، بۇ ھېلىقى ئەينەكتىن چۇماق ئىزدەيدىغان، مەمەدان، ھاكاۋۇر نەسرۇللا ئەمەسمۇ. ئۇ ھە دېسىلا ئاقساقاللىق قىلىپ مۇدىرنىڭ چىشىغا تېگىۋىرگەچكە، مۇدىر ئۇنى يىراق بىر يېزا ئوتتۇرا مەكتىپىگە يۆتكىۋەتكەنىدى. مۇدىر يەنە ئۇنىڭ بىرنېمىلىرى گېزىت-ژۇرناللاردا «جەۋلانى» دېگەن لەقەم بىلەن چىقىپ تۇرغۇدەك دەپ ئاڭلىغانلىقىنى ئېسىگە كەلتۈردى. ياق، ئۇنداق ئەمەس، دەپ پىچىرلىدى مۇدىر، ئۇنىڭدا نەدىمۇ سىر ئوغرىلايدىغان ئەسۋاب بولسۇن! ھەقاچان مۇشۇ يەردىكى چاغلىرىدا كەنجى ئوغلۇمغا كەمپۈت بېرىپ كوللاپ يۈرۈپ، مېنىڭ سىرلىرىمنى ئوغرىلىغان گەپ. خەپ! ئۇنىڭغا ئەرباب بىلەن ئويناشسا قانداق بولىدىغانلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويمىسام ھېساب ئەمەس! شۇنداق بىر ئىش قىلايكى، شۇ ئىش ئېسىدىن كەچكەندە قولىغا قەلەم

ئېلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان بولسۇن. ئۇ بىردىنلا بۇ نىيىتىدىن يانىدى. ياق، بۇنداق قىلسام ھېكايىدىكى نىياز مۇدىرنىڭ ئۆزۈم ئىكەنلىكىمنى ئاشكارىلاپ قويغۇدەكمەن. ھازىرچە يېپىق قازان يېپىق پېتىچە قېلىۋەرسۇن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ مېنىڭ ئۈچ ئالغىنىمنى ئۇقۇپ قېلىپ، يەنە ھېكايىدەك بىرنېمە يېزىپ گېزىتكە بېرىۋەتسە، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا مەن زىيان تارتقۇدەكمەن. ھەي... قانداق قىلسام بولار! ئۇ ئۇزاق ئويلاپ، ئاخىرى ئامال تاپتى. توغرا، ئۇنى ئۆز يېنىمغا ئەكېلىۋالسام بولغۇدەك، دەپ پىچىرلىدى قاسىم مۇدىر. ئۇنىڭ قىياسىچە بۇنداق قىلىش ھەربىر جەھەتتىن پايدىلىق ئىدى. شۇنداق قىلغاندا، بىر تەرەپتىن ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرغىلى، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ قەلەم كۈچىدىن پايدىلىنىپ ۋىلايەتكە يۆتكىلىپ بېرىۋالغىلى بولاتتى. ئۇ ئۆز پىلانىدىن مەمنۇن بولۇپ كۈلۈمسىرىدى. جاۋغايلىرى ئىككى تەرەپكە كېرىلىپ، كۆزلىرى قومۇشنىڭ يېرىقىدەك قىسىلىشقا باشلىدى.

**مەسئۇل مۇھەررىر روزىمەھەممەت جۇمە**

## كۇرسانتلار دىققىتىگە

بىر قىسىم كۇرسانتلار، تىزىملاش ھەققى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، بىزگە خەت يېزىپ ئۆزىنى مەلۇم قىلمىدى. بىز ئۇلارنىڭ ئادرېسىنى بىلەلمىگەنلىكىمىز ئۈچۈن ئۇلارغا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئەۋەتەلمەي قالدۇق. شۇڭا تىزىملاش ھەققى ئەۋەتكەن، لېكىن قوبۇل قىلىش ئۇقتۇرۇشى تاپشۇرۇپ ئالالمىغان كۇرسانتلارنىڭ بىزگە ئۆزىنى مەلۇم قىلىشىنى سورايمىز.

ھۆرمەت بىلەن:

«تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئوقۇتۇش بۆلۈمچىسى

www.uyghurkitap.com

نۇرمەھەممەت ياسىن ئۆركەشى

# ئىككى شېئىر

## باللىقتىكى مەن

ئاپئاق، سۇزۇك، رەڭدار تاشلارنى،
قاتار تىزىپ قويۇپ قەلبىمگە.
ئوخشاپ قالدىم ئەجەب چىرايلىق
بىر چاغدىكى كىچىك ئۆزۈمگە.

ھەيدىنگىنە تەبەسسۇم قىلىپ،
كىرپىكىمدىن ئۆتتى ئاي مېكىپ.
تېپىۋالدىم كۆنۈك ھېسلارنى،
سېغىنىشنىڭ ئوتىدا يېنىپ.

تۆت قولاقلار ئۈندى بىر - بىرلەپ،
كىچىككىنە چىغىر يولۇمدا.
ئارمانلىرىم قالدى ساقلىنىپ،
كۆكلەۋاتقان نوتا — غولۇمدا.

ئۇچۇپ كەلدى ئاق قۇشقاچلىرىم،
چىشلىگىنى يېشىل يوپۇرماق.
يوپۇرماقتا بار ئىكەن ھەيۋات،
بالا چېغىم مەن قوشقان قوشاق.

سۇزۇۋالدىم سۇزۇك دۇنيانى،
ئەسلىمەمنىڭ چوڭقۇرلۇقىدىن.
قايتۇرۇپ كەل مېنى يۈرىكىم،
خىياللارنىڭ يىراق چېتىدىن.

## چۈشۈمدىكى چىرايلىق كەنت

ئويغىلاپ ياتسام گۈزەل بىر سەھەر،
قانات يېيىپ چۈشۈمدەك گويا.
كارىۋىتىمنىڭ كەلدى يېنىغا،
كەپىسىدىن سۆيۈملۈك دۇنيا.

پىچىرلىشىپ كىملەر بىلەندۇر،
چۈشۈپ كەتتى قىزىق پاراڭغا.
سۆزلەر ياساپ چۈش قەغىزىدە،
ئۇلاپ قويدى كۆلكەمنى تاڭغا.

تونۇمىدىم ھېچ كىشىنى مەن،
تونۇمىدى ھېچ كىشى مېنى.
ياساپ چىقتىم جەمجىت خىيالدا،
دۇنيادىكى جىمى نەرسىنى.

قەلبىم بىلەن قالدى ئالمىشىپ،
چۈشۈمدىكى شۇ چىرايلىق كەنت.
ئادرېسى يوق كىچىك مەھەللەم،
قىلىۋالدى يۈرىكىمنى بەنت.

يېزىپ قويدۇم ئاشۇ سەھەرگە،
ئاددىيغىنە قىلىپ ئىسمىمنى.
ئەسلەپ قالدىم چوقۇم ئويۇقسىز،
چۈشۈمدىكى كىچىك كەنتىمنى.

ھەبىبۇللا بەكرى

## ناخشام بىلەن...

ناخشام بىلەن تاغلارنىڭ ئويقۇسىنى بۇزدۇم مەن،
باغلار چۈشەپ چىقىپتۇ ئۇسما قويۇپ قېشىغا .
ناخشام بىلەن باھارنى چىللاپ كەلدىم زېمىنگە،
چىقىپ باراز ئەنە ئۇ تېرەكلەرنىڭ بېشىغا.

ناخشام بىلەن باھارنى چىللاپ كەلدىم زېمىنگە،
باھار دېگەن مۇھەببەت، باھار پۈتمەس ئەقىدە.
باھار تۆككەن قەلبىمگە تالاي ئۇتلۇق كۈيلەرنى،
يۈرىكىمدە بار شۇڭا بىر تۈگىمەس قەسىدە.

ناخشام بىلەن باھارنى چىللاپ كەلدىم زېمىنگە،
ئاشىنىلىرى باھارنىڭ باھار كەبى بەك خۇشال.
ئانام ئاستا قارايدۇ چېچەك ئاچقان باغلارغا،
دادام ئۈزدى چېچەكنى بالىسىغا ئېچىپ پال.

ناخشام بىلەن باھارنى چىللاپ كەلدىم زېمىنگە،
باھاردىكى قىزلارنى پەرى دېسە يارىشار.
ئۇلار ئۆتسە يوللاردىن چېكىسىگە گۈل قىسىپ،
ھۆرلىقالار دەرد يۇتۇپ ھەيرەت بىلەن قارىشار.

ناخشام بىلەن باھارنى چىللاپ كەلدىم زېمىنگە،
شۇ ناخشامدا دوستلارغا چەكسىز بەخت تىلىدىم.
باھار ئاشىق ناخشامغا ئاشىق بولغان قىز ئۈچۈن،
يۈرىكىمدە باھاردەك چىن ئابىدە ياسىدىم.

ئابلىكىم مۇساق

## بۇ قانداق ئالمىشىش ئىزاھسىز قالغان

كۆكۈمنى چىللىغان قۇشقاچ توپىغا،
قۇرغۇينىڭ شەپىسى بېرىدۇ جىمىلىق.
چىمىلدىق كەينىدىن مارىغاندا ئاي،
غىل-پال نۇر قايتىدۇ شۇنچە يېقىملىق.

قۇپقۇيۇق ياپراقلار تاشلىغان سايە،
سۇۋىنار سەلكىنگە يېنىك تەۋرىنىپ.
باغلارغا سىغمايدۇ ئىپار پۇراقلار،
كېپىنەك ئىزدەيدۇ ھەر يان ئېتىلىپ.

بىر يۇلتۇز ساقىدى يېقىنلا جايغا،
تۇپراقمۇ قوينىغا ئالدى شۇ ھامان.
موردىن بىر ئۇچقۇن ئۇچتى ساماغا،
بۇ قانداق ئالمىشىش ئىزاھسىز قالغان؟

تۇرسۇننىياز توختى

## ئۈچ شېئىر

### دېھقان

تاڭ سەھەر
چىقساڭ مۇرەڭگە سېلىپ
قىزىل قۇياشنى
دىرىڭلاپ كېتەر شۇمشەيگەن زېمىن
ئېتىز - قىرلاردا
ئۈنۈپ قالغان يېشىل كۈيىڭگە

www.uyghurkitap.com

تەڭگەش بولار يېشىل تەبىئەت.
كەچتە
توۋلاپ كەلسەڭ جۇشقۇن يۈرەكتىن
ياڭراق كۈيلەرنى،
توپىلىق يولغا چۈشكەن ئىزلىرىڭ
بىخلىنار گۈل بوپ.

## تەكلىماكان

شۇرۇقلايدۇ
بەك يىراقتا سوزۇلغان قۇملۇق
يەر شارىنىڭ بۇرجىكىدە ئۇ.
ئاستىدا
شۇرۇلدايدۇ قان،
تىۋىشىدىن
كۆلۈپ كېتەر لەززەتلىنىپ
يىراق بىر دەۋر،
يىراق بىر زامان.
هامىلدار ئۇ،

گۈزەللىكنى تۇغار بىر كۈنى.
ئەيسا
قوپار ئەمىش تەكلىماكاندىن
ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرگىلى...!

## قىسمەت

چېچەكۋەتتىم
رىتىمىنى تىنىقلىرىمنىڭ
زېمىنىمدا
چېچەكلىدى زەرسىمان يۇلتۇز.
مەۋجۇدلۇقۇم
لېپەپ يۈرەر چۆللەردە يالغۇز...
يانتاق
جىجىلىغان زېدە ئىزلاردىن
تامچىلايدۇ سۈبھى رەڭ چوغلۇق.
چاتقاللىقتا تۇغۇلغان هايات
كۆلۈپ كېتەر
ئېھ، ئۆزىنىڭ چاتقاللىقىدا!

شاۋقۇن

## تەكلىماكان

چوغلۇق قۇياش، چوقچايغان ئېھرام،
سان-ساناقسىز يېپىلغان يۇلتۇز.
مىنىڭ بىلەن دائىم سەپەرداش،
يۈزلىرىدە يولۇچى شامال،
ئالتۇن رەڭلىك ئۇيچان «دېڭىز» نى،
ئاه، ئۇياتچان لەۋلىرى بىلەن،
لەيلەپ يۈرۈپ سۆيەر بىمالال.

«ئالتۇن بىلەن پۈتۈلگەن زېمىن»
چۈشلەر بىلەن كېلىدۇ رەڭداش،
ئېھ، هاياتلىق چىللايدۇ مېنى،
كائىناتنىڭ يالقۇنلىرىنى،
كۈيلىتىمگە قىلدۇرۇپ هاپاش.

هېكمىتىنى كۆرسىتىپ بىر كۈن،
چېچەكلەمدۇ بەهىرلىك هايات.
قامىتىنى لىبىر كۆرۈش ئۈچۈن،
ئۇن بەش كۈنلۈك ئاي بۇرجىكىگە
مۆكۈنەمدۇ سانىسىز پەرىزات.

كېتىپ قالدى بەكمۇ يىراققا،
يەلكىسىدە يولۇچى شامال.
قالدى پەقەت بىر سەبىي بالا،
قالدى پەقەت جۇرئىتى پۈتۈن
ياشلىرىمنى يالمىغان خىيال.

مەتقۇربان مەتروزى

## بىز كۈتكەن ئاخشام

كېتىپ بارار 2
پاراڭلاردىن سىلىككەن ئاخشام
ئەتىلەرنى نەمدەپ يېشىدا،
ئارمانلىرىنى،
بوۋاقلارغا قىلىپ ئېمىزگە.

كېتىپ بارار
سۆيگۈنى يوق يېگانە ئاخشام،
بار گۇناھنى،
چىگىمۇېلىپ ئاياغلىرىغا.

كېتىپ بارار 1
كۆلكىسىنى يوقاتقان ئاخشام
بەلكىم كىملەردۇر
تېپىۋالار ئۇنى ئەتىگەن.

كېتىپ بارار
كەچمىشلەرنى ئۇخلىتىپ ئاخشام
بۇ ھارپا —
ئەمەسمۇ يار،
بىز كۈتكەن ئاخشام.

ئىلھام ئۆمەر

## كىرپىكلىرىم ئاسار ھەر چاغ سېنى دەپ قەترە

سەن ئويغاتتىڭ پاك سۆيگۈنى مېنىڭ قەلبىمدە،
غۇنچە تۆكۈپ لەۋلىرىڭدىن ئۇماق تۈنجى رەت.
ئىشق يانغان كۆزلىرىڭدە بېقىپ دەققە
كېتىپ قالدىڭ سېپ قەلبىمگە ئوتلۇق ھارارەت،
كېتىپ قالدىڭ، ئېلىپ كەتتىڭ يۈرىكىم سەندە،
لال ئەيلىدىڭ تىللىرىمنى قىلىپ ماھارەت.
كىرپىكلىرىم ئاسار ھەر چاغ سېنى دەپ قەترە،
سېنىڭ ئۈچۈن ئۇرار يۈرەك توختىماي ئەبەد.
نەگىگە كۆكتەك تىنىق ھامان كۆزلىرىڭ سېنىڭ
مانانىلارنى تاپالماسمەن ئىزدەپ بىر ئەسىر،
مەڭگۈ - مەڭگۈ ساقلايدىمەن، بەختىم سەن مېنىڭ،
ھاياتىم چۈن سەن قەلبىمدە بىر بۈيۈك قەسىر.
سائىل بولۇپ سەندىن ھامان سۆيگۈ تىلەيمەن،
ۋەسلىڭ ئىزدەپ چۆللەر كېزەي، ئاشاي دەريا، قىر،
قۇلاق سالغىن نىدايىمغا مۇڭلۇق زارىمغا،
ئاھ، داغدىمەن لەۋلىرىڭگە سۆيمىسەم ئاخىر.

www.uyghurkitap.com

قەھرىمان روزى

## يىللار ھېكمىتى

1

كۆيلەرنىڭ قويىندا ياشىدىڭ ئۇزاق،
بورانۇ - چاپقۇنلار يۇتتى قەبرەڭنى.
شۇ مۇدھىش تۈنلەرگە قۇرمىدىڭ تۇزاق،
ھېكمەتلەر بەك ئۇزاق كۆتتى نەۋرەڭنى.

2

جاھاننىڭ ئۆگسىلى يەنىلا يېشىل،
ئالۋۇنلار قويىندا بۈيۈك چاقناش بار.
ماھۇق يەر ھېكمىتى يەنىلا ئىسىل،
ھېكمەتلەر قويىندا ئۇلۇغ ھېكمەت بار.

ئابلىكىم شىرزاد

## ئەلچى

«ئۇھ» تارتىپتۇ دەپ بىلگىن مېنى،
تەۋرىگەندە يېشىل پەردىلەر.
كۆندە تەكرار ھىدىڭنى پۇراپ،
ئەلچى «ئۇھ» لار ساڭا سۇركىلەر.

چۇشلەر بىلەن تاڭلار قوشۇلۇپ،
تۇغامدىكىن يېگىدىن سەپەر.
قەپىسىڭدە تۇرالىغۇ ئۇنلەپ،
سەن دان بەرگەن ناخشىچى كەپتەر.

ئابلەت ئەخەت

## ئىككى شېئىر

### ھايات

بىر نەرسەمنى يوقىتىپ قويدۇم،
بىر نەرسىلا ئېرىشكىنىم ھەم.
ئەسىر بويى ئۇمتۇلدۇم بىراق،
تاپالمىدىم ئىزدىگەننى مەن.

### مەن شائىر

مىسرالىرىم ئەمەس ئۇزۇندە،
كۆبلېتلىرىم بىر ئالتۇن تەخت.
جىمى دەردمەن يېشى كۆزۈمدە،
شېئىرلىرىم تىلەيدۇ بەخت.

بۇساندىكى شېئىرلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى ئوسمانجان ساۋۇت

## ياش ئەدىبلەر بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى

1993-يىلى 2-ئاينىڭ 11-كۈنى ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى ئۈرۈمچى رايونىدىكى ياش ئەدىبلەر ۋەكىللىرى بىلەن سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى. سۆھبەت يىغىنىغا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ رەئىسى قەييۇم تۇردى، ئاپتونوم رايونلۇق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن مەھەممەد شاۋۇدۇن، زوردۇن سابىر قاتارلىق يولداشلار قاتنىشىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ نۆۋەتتىكى تەرەققىيات ئەھۋالى، ئەدەبىيات بىلەن ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇناسىۋىتى، ياشلارنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئويناۋاتقان رولى، دادىللىق بىلەن ئىزدىنىش روھى ھەمدە ئۇلارغا قويۇلىدىغان تەلەپلەر توغرىسىدا قىزغىنلىق بىلەن پىكىر بايان قىلدى.

يولداش قەييۇم تۇردى مۇنداق دېدى: «يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىدە ئۈمىدلىك بىر تۈركۈم ياش ئەدىبلەر قوشۇنى بارلىققا كەلدى. بۇنىڭدىن ھەممەيلەن خۇشال. بۇ ياش ئاپتورلار دادىللىق بىلەن ئىزدىنىپ، بۆسۈش خاراكتېرلىك ئەسەرلەرنى يېزىپ، ئىجادىيەتتە باشلامچىلىق رول ئويناپ كەلدى. مەن بۇ ياش قەلەمكەشلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشتىمۇ باشلامچى بولۇشىنى، پېشقەدەملەرنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى ۋە قىممەتلىك ئىجادىيەت تەجرىبىلىرىنى كەمتەرلىك بىلەن ئۆگىنىشىنى، لېكىن سەلبىي تەرەپلىرىدىن ئۆگەنمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن.»

ئۇ مۇنۇلارنى ئالاھىدە تەكىتلىدى: «تارىم» — ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇيغۇر تىلىدا چىقىۋاتقان ئانا ژۇرنال. ئۇنىڭ سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش ژۇرنال تەھرىر بۆلۈمىدىكى ياكى يازغۇچىلار جەمئىيىتىدىكى بىر قانچە كىشىنىڭلا ۋەزىپىسى ئەمەس، بەلكى بۇ ۋەزىپە ھەممەيلەننىڭ زىممىسىگە يۈكلەنگەن. ياش ئىجادكارلار بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ئېغىرراق يۈكنى زىممىسىگە ئېلىشى لازىم. بۇنى بىر خىل تارىخىي ۋەزىپە دېيىشكە بولىدۇ. شۇڭا مەن ياش ئاپتورلارنىڭ «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بۇ ژۇرنالنى ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ نادىر ئەسەرلىرى بىلەن تەمىنلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بىز بۈگۈنكى بۇ يىغىننى ئۈرۈمچى رايونىدىكى ياش

www.uyghurkitap.com

ئەدىبلەرنىڭ ۋەكىللىرىنى تەكلىپ قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەنقىد، پىكىر، تەلەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىمىزنىڭ تەسەۋۋۇرلىرىدىنمۇ ئۇلارنى ۋاقىپلاندۇرۇپ، ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلىش، ئورتاق تىل تېپىش مەقسىتىدە ئېچىۋاتىمىز. بۇندىن كېيىن بۇ خىلدىكى يىغىنلارنى پات-پات ئېچىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى ھازىر بىزنىڭ ئەدىبلىرىمىز، ئەدەبىيات-سەنئەت قۇرۇلمىمىز، ئىجادىيەت ئىشلىرىمىز ھەر كۈنى دېگۈدەك يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددىي ۋەزىپە ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، نۇقتىسىنەزەرنى يېڭىلاش ئارقىلىق ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ تېز سۈرئەت بىلەن راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بىز يېقىندا ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات-سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىنىڭ بىر قىسىم ھوقۇقىنى يازغۇچىلار جەمئىيىتىگە چۈشۈرۈپ بەردۇق. «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى كۈچەيتتۇق. ئاپتورلارمۇ، رەھبەرلىكمۇ ئىدىيىنى ئازاد قىلىشنىڭ، تونۇشنى يېڭىلاشنىڭ باشلامچىلىرىدىن بولۇشى كېرەك، لېكىن بۇ جەھەتتە رەھبەرلىكنىڭ مەسئۇلىيىتى تېخىمۇ زور، تېخىمۇ ئېغىر، بىز ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان ئەدەبىيات-سەنئەت سېپىدە ئاساسەن سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىپ كەلدۇق. شۇڭا ئۆتكەلنى تۇتۇشتا ھەددىدىن تاشقىرى ئېھتىياتچان بولۇپ كەتتۇق. بۇنداق پاسسىپ مۇداپىئەلىنىش ھالىتىگە خاتىمە بەرمەي بولمايدۇ. شۇنىسى ئېنىقكى، ئېقىم، ئۇسلۇب، شەكىل ۋە ئەدەبىيات قارىشىنىڭ ھەرخىل بولۇشى، ئەمەلىيەتتە، ئىجادىيەت ساھەسىدىكى بىرخىل جانلىنىش، ئالقىشلاشقا، قوللاشقا، يۆلەشكە تېگىشلىك بىرخىل يېڭىلىق. بىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىمىزدا ئەدىبلەرنىڭ ئىجادىيەت ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. شۇڭا ئۇنىڭغا قالايمىقان ئارىلىشىۋېلىشقا، ئوخشاش بولمىغان ئەدەبىي قاراشلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھاكىمىنى چەكلەپ قويۇشقا بولمايدۇ. بۇ جەھەتتە «تارىم» ژۇرنىلى كۆپرەك كۈچ چىقىرىشى، باشلامچىلىق، تەشەببۇسكارلىق رول ئوينىشى، مۇنازىرە تۇسىنى ئالغان ئەسەرلەرگە ئۆز سەھىپىلىرىدىن كەڭرەك ئورۇن بېرىشى لازىم. چۈنكى نورمال بەس-مۇنازىرە ئىجادىيەت ئىشلىرىمىزنىڭ جانلىنىشىغا، تەرەققىياتىغا پايدىلىق.

سۆھبەت يىغىنىدا ياش ئەدىبلەرنىڭ ۋەكىللىرى مۇنۇلارنى ئوتتۇرىغا قويدى: ئەدەبىيات زەنجىرسىمان تەرەققىي قىلىدۇ. شۇڭا بىز بىر-بىرىمىزنى ئىنكار قىلىۋەتمەيمىز. بىز ئالدىمىزدىكىلەرنىڭ مېغىزىنى قوبۇل قىلىپ، يېڭى قاراشلار ئاساسىدا يېڭى مەھسۇلاتلارنى ئۈزلۈكسىز مەيدانغا چىقىرىمىز. ھەممەيلەننىڭ مەقسىتى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت. شۇڭا دۇنياۋى مەدەنىيەتنىڭ مېغىزىنى سۈمۈرۈش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز لازىم. راستىنى ئېيتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەدەبىيات-سەنئەت ساھەسىدە «سول» ئىدىيىۋى ئېقىمنىڭ تەسىرى ھېلىمۇ بىرقەدەر ئېغىر. شۇڭا پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى كۆرسەتكەن يولنى زورمۇزور تارلاشتۇرۇپ قويۇۋاتىمىز. ئەدەبىياتنى تار رامكا، قېلىپلارغا سۆرەيدىغان ئىللەتلەردىن تا ھازىرغىچە قۇتۇلالمايۋاتىمىز.

ئەدەبىيات دۇنياسىدىكى قاراشلار بىردەك بولمايدۇ. ئۇلارنى بىرلىككە كەلتۈرۈشمۇ مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ھەرخىل قاراشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن، ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا يېزىلغان، بەس-مۇنازىرە تۈسىنى ئالغان ئەسەرلەرمۇ ئۆزىگە سەھنە تەلەپ قىلىشقا ھوقۇقلۇق. «تارىم» ژۇرنىلى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بۇ جەھەتتە مۇئەييەن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، ياش ئىجادكارلارنىڭ ئىزدىنىش خاراكتېرلىك ئەسەرلىرىگە تېگىشلىك ئورۇن بەردى. بۇ نۇقتىنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. لېكىن ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى ياكى ئەتراپىمىزدىكى بەزى ئەدەبىي ژۇرناللارغا سېلىشتۇرغاندا، «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بۇ جەھەتتە تاشلىغان قەدىمى بىزنى تازا دېگەندەك رازى قىلالمايۋاتىدۇ. ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، كۆز قاراشنى يېڭىلاش تەكىتلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندىمۇ «تارىم» دىن ئىبارەت بۇ تەسىرى ئەڭ چوڭ ئەدەبىي ژۇرنالدا ئۆزگىچە نۇقتىئىنەزەر، ئۆزگىچە ئۇسلۇب بىلەن ئىزدەنگەن، مۇھاكىمە قوزغايدىغان، بۆسۈش خاراكتېرلىك ئەسەرلەر يەنىلا ناھايىتى ئاز ئېلان قىلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ بۇ جەھەتتە قەدەمنى تېخىمۇ دادىللىراق تاشلاپ، ياش ئەدىبلەرنىڭ، بولۇپمۇ كۆزگە كۆرۈنۈپ قالغان ياش شائىرلارنىڭ ئەسەرلىرىگە كەڭرەك سەھنە ھازىرلاپ بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز. «بېغىشلاش» كۆپىيىپ كەتسە، ژۇرنالنىڭ سۈپىتىگە، ئىناۋىتىگە تەسىر يەتمەي قالمايدۇ. بىزنىڭچە، «تارىم» ژۇرنىلى ئۈستۈرۈشكە، سۈپەتكە، ئىناۋەتكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ تەرەققىيا مۇساپىسىدە تېخىمۇ كەۋدىلىك رول ئوينى لازىم. بۇ بىزنىڭ سەمىمىي ئۈمىدىمىز.

## جاڭ شيەنلياڭ بىر قولىدا سودىنى، بىر قولىدا يېزىقچىلىقنى تۇتۇۋاتىدۇ

بىرلا ۋاقىتتا ئىككى شىركەتنىڭ باشلىقى بولۇۋاتقان مەشھۇر يازغۇچى جاڭ شيەنلياڭ بازارغا يۈزلىنىپ سودا بىلەن شۇغۇللانغانلىقى ئۈچۈن، يەنە بىر قېتىم ئاخبارات خاراكتېرلىك شەخس بولۇپ قالدى. جاڭ شيەنلياڭنىڭ تۇرغۇنلىغان سادىق كىتابخانلىرى ئۇنىڭ يېقىنقى ئىجادىيەت ئەھۋالىغا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، بەس-بەس بىلەن تېلېگرامما ۋە خەت ئەۋەتىپ، ئۇنىڭدىن ئەھۋال سورىغانىدى. يېقىندا ئۇ كىتابخانلارغا «ئەدەبىيات گېزىتى» ئارقىلىق سالام يوللاپ: «مەن ھەم سودا بىلەن، ھەم ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىمەن» دېدى.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، ئۇنىڭ «دىلخەستىلىكنىڭ ئۆزى ئەقىل-پاراسەت»ناملىق رومانىنىڭ ئالدىنقى قىسمى بۇلتۇر «ھېكايىچىلىق» قاتارلىق ئىككى ژۇرنالدا ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، كىتابخانلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىغان. جاڭ شيەنلياڭ نۆۋەتتە جىددىي تۇتۇش قىلىپ بۇ كىتابنىڭ كېيىنكى قىسمىنى يېزىۋېتىپتۇ ۋە پۈتۈن كىتابنى بۇ يىل 6-ئايدا پۈتتۈرۈشنى مۆلچەرلەۋېتىپتۇ. كېلىشىم بويىچە بۇ رومان ئامېرىكىدا تەرجىمە قىلىنىپ، ئىنگلىزچە چىقىرىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئالدىنقى قىسمىنى ئامېرىكىدىكى ھاب شىركىتى بۇ يىل نەشر قىلىدىكەن.

## يازغۇچى خېشىخۋا گۇۋاھنامىسىنى ساتماقچى بولدى

خۇبېيلىق يازغۇچى خېشىخۋا ئۆزىنىڭ مەملىكەتلىك مۇنەۋۋەر خەۋەرلەر مۇسابىقىسىدە بىرىنچى دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان گۇۋاھنامىسىنى ساتماقچى بولدى. 1988 - يىلى ئۇنىڭ «دېھقانلار گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان بىر پارچە خەۋىرى جۇڭگو ئاخبارات ساھەسىدىكى ئەڭ يۇقىرى مۇكاپاتقا ئېرىشكەنىدى. ئۇ، بۇ گۇۋاھنامىسىنى سېتىشتىكى مۇددىئاسى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېدى: «تەنھەرىكەتچىلەر ئالتۇن مېدالىنى ساتسا بولىدىكەن، يازغۇچىلار ئۆزىنىڭ مۇكاپات گۇۋاھنامىسىنى ساتسا نېمىشقا بولمىغۇدەك؟ گاۋمىن ئالتۇن مېدالىغا ئىككى يۈز مىڭ يۈەن باھا قويغان، مەن گۇۋاھنامەمگە ئەللىك مىڭ يۈەنلا باھا قويدۇم. گاۋمىن ئالتۇن مېدالىنى ئېلىمىزنىڭ ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىنى ئېچىشنى ئىلتىماس قىلىشقا تۆھپە يارىتىش ئۈچۈن ساتقان، مەن گۇۋاھنامەمنى شارائىت يارىتىپ، ئىجادىيەتتە تېخىمۇ زور تۆھپە يارىتىش مەقسىتىدە ساتماقچىمەن. مەن يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان ‹جۇڭگو سۇ ئۈستى جەڭچىلىرى› ناملىق ئەسىرىمنى يېزىش ئۈچۈن ئۆز خىراجىتىم بىلەن زىيارەت قىلىپ تۆت مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل خەجلىۋەتتىم. مائاش ۋە قەلەم ھەققى تۆۋەن بولغاچقا، كىتابخانىلاردىن كىتاب سېتىۋالالمىدىم، نەشرىياتلاردا كىتاب نەشر قىلدۇرالمىدىم»

## ساۋ گۈيلىن ئىككىلا قولىنى ئىشقا سالماقتا

ساۋ گۈيلىننىڭ بىرىنچى پوۋېستى — «بېيجىڭلىقلار نيۇ - يوركتا» ئېلان قىلىنغاندىن كېيىن، دۆلىتىمىزنىڭ ئىچى - سىرتىدا جىددىي ئىنكاس قوزغىدى، ئۇنىڭ ئىككىنچى پوۋېستى — «يېشىل پاسپورت — بېيجىڭ قىزى نيۇ - يوركتا» مۇ بېيجىڭ يېڭى دۇنيا نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدى. چوڭ قۇرۇلۇقتىكى كىنو پادىشاھى جياڭ ۋېن ئاساسلىق رول ئالغان كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى — «بېيجىڭلىقلار نيۇ - يوركتا» ھازىر نيۇ - يوركتا جىددىي سۈرەتكە ئېلىنىۋاتىدۇ. شۇڭا ساۋ گۈيلىن نۆۋەتتە كىشىلەر دىققەت قىلىۋاتقان ئاخبارات خاراكتېرلىك شەخس بولۇپ قالدى. ئامېرىكىدا جۇڭگولۇقلارنىڭ خەنزۇ تىلىدا يېزىقچىلىق قىلىشى ئىنتايىن تەس، ئەمما ساۋ گۈيلىن بىر سودىگەر ۋە كارخانىچى تۇرۇقلۇق، بىر قولىدا چوت سوقسا، بىر قولىدا قەلەم تەۋرەتتى. شۇڭا ئىككى كىتابىنى پۈتتۈرۈپلا قالماستىن، ئۈچىنچى كىتابىنىمۇ يېزىشقا كىرىشتى.

## «مانھاتتۇندىكى جۇڭگولۇق ئايال» يەنە بىر قېتىم زىلزىلە پەيدا قىلدى

«مانھاتتۇندىكى جۇڭگولۇق ئايال» يەنە بىر قېتىم زىلزىلە پەيدا قىلدى. خەۋەرلەرگە قارىغاندا، بۇ كىتابنىڭ ئاپتورى جۇلى «بېيجىڭ رادىئو - تېلېۋىزىيە

گېزىتى» ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ، بۇ گېزىتنىڭ ئۆزىنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىغا زىيان ـ زەخمەت يەتكۈزگەن قانۇنسىز جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلماقچى بولغان.

«مانھاتتەندىكى جۇڭگولۇق ئايال» بېيجىڭ نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغاندىن كېيىن، يۈز مىڭ نۇسخا سېتىلىپ چوڭ قۇرۇقلۇقتىكى بازارلىق كىتاب بولۇپ قالغان، شۇنداقلا چەت ئەلدىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىغانىدى.

ئامېرىكىنىڭ نيۇ ـ يورك شەھىرىدە نەشر قىلىنغان خەنزۇچە گېزىت — «نيۇ-يورك خەۋەرلىرى گېزىتى» ئۆزىنىڭ «جۇڭخۇا مىنگونىڭ 81 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 24-كۈنى» دەپ يېزىلغان 9 ـ بېتىگە ‹مانھاتتەندىكى جۇڭگولۇق ئايال› ناملىق كىتاب زىلزىلە پەيدا قىلدى، ئاپتور تالاش-تارتىشتا قالدى» سەرلەۋھىلىك ئۇزۇن ماقالىنى باسقان. بۇ گېزىتنىڭ مۇھەررىرى: «بۇ ماقالىنى ‹شەرقىي ئامېرىكا ۋاقىت گېزىتى› تەمىنلىگەن» دەپ ئىزاھات بەرگەن. ئىگىلىنىشىچە، «شەرقىي ئامېرىكا ۋاقىت گېزىتى» نيۇ ـ يوركتىكى يەنە بىر خەنزۇچە گېزىت بولۇپ، ھەپتىدە بىر چىقىدىغان بۇ گېزىت بۇلتۇر 12 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنىدىن 19 ـ كۈنىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى 14 ـ بېتىگىمۇ مەزمۇنى يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان ماقالىلەرنى بەرگەن. چوڭ قۇرۇقلۇق ئاخبارات ساھەسىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يېقىندا بىرەيلەن ئىمزاسىز ئەۋەتىپ بېرىلگەن يۇقىرىقى بەتنى تاپشۇرۇۋالغان.

بۇلتۇر يىل ئاخىرىدا «بېيجىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە گېزىتى» (ئومۇمىي 692-سان) «نيۇ ـ يورك خەۋەرلىرى گېزىتى» نىڭ يۇقىرىدا ئېيتىلغان ماقالىسىنى ئولاپ بېرىشكە باشلىغان ھەمدە بىرىنچى بېتىدىكى «بۇ سانىنىڭ يېتەكچىسى» دېگەن سەھىپىسىگە «مانھاتتەندىكى جۇڭگولۇق سودىگەرلەر جۇلىنىڭ ئەينەن ئەھۋالىنى ئاشكارىلىدى» دېگەن قارا خەتلىك تېمىنى چىقارغان. بېيجىڭدىكى باشقا ئىككى گېزىتمۇ بۇ ماقالىنى كەينى ـ كەينىدىن كۆچۈرۈپ باسقان.

جۇلى ئانىسىنىڭ كېسەل ئېغىرلىشىپ قېلىپ بۇلتۇر يىل ئاخىرى شاڭخەيگە قايتىپ كەلگەندىلا ئاندىن «بېيجىڭ رادىئو ـ تېلېۋىزىيە گېزىتى» گە بېسىلغان يۇقىرىدىكى ماقالىنى كۆرگەن ۋە بۇنىڭغا ئىنتايىن غەزەپلەنگەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئۇنىڭ دوستلىرىغا ئېيتىشىچە، بۇ ماقالە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا تۆھمەت چاپلىغان ۋە ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ھۇجۇم قىلغان. ئۇ، نيۇ ـ يوركتا بەزىلەرنىڭ پىتنە ـ پاسات تېرىپ، تۆھمەت چاپلىشى ۋە ھۇجۇم قىلىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس، لېكىن ۋەتىنىمىزنىڭ پايتەختى بېيجىڭدا «بېيجىڭ رادىئو-تېلېۋىزىيە گېزىتى» نىڭ ھېچقانداق تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمايلا چەت ئەل گېزىتلىرىدىكى تۆھمەت خاراكتېرلىك ماقالىلەرنى مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن كۆچۈرۈپ بېسىشى ۋە ئۇنى «ئەينەن ئەھۋال» دېيىشى مېنىڭ ھەم ئورۇق ـ ئەۋلادىمنىڭ ئىززەت ـ ئابرويىغا ئېغىر ھالدا دەخلى-

تەرۇز يەتكۈزۈپ، يامان تەسىر پەيدا قىلدى، دەپ قارىغان. جۇلى كىشىلەرگە مۇنداق دېگەن: بۇ ماقالىدىكى پىتنە-پاسات تېرىپ، تۆھمەت قىلىش ۋاستىلىرى تازا قاملاشمىغان، شۇڭا رەددىيە بېرىشكىمۇ ئەرزىمەيدۇ. مەسىلەن، بۇ ماقالىدە: ئۇ ئۆز ئالدىغىلا «مانھاتتۇندىكى جۇڭگولۇق ئايال» دېگەن كىتابىنىڭ نەشر ھوقۇقىنى تەيۋەننى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالتە نەشرىيات شىركىتىگە سېتىپ بەرگەن، دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە، بېيجىڭ نەشرىياتى ياكى ئاخبارات-نەشرىيات باش مەھكىمىسىگە تېلېفون بېرىپ سورىساقلا، بۇنىڭ پۈتۈنلەي يالغان-ياۋىداق سۆزلەر ئىكەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز.

خەۋەرلەرگە قارىغاندا، جۇلى شاڭخەيلىك بىر ئادۋوكاتنى تەكلىپ قىلىپ، «بېيجىڭ رادىيو-تېلېۋىزىيە گېزىتى» گۇستىدىن ئەرز قىلغان، بۇ گېزىتنىڭ ئۆزىدىن ئەپۇ سوراپ يۇقىرىقى ئىشنىڭ تەسىرىنى يوقىتىشنى ھەمدە ئىززەت-ئابرويىنىڭ دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ھەق تۆلىشىنى تەلەپ قىلغان.

نۆۋەتتە بېيجىڭدىكى ئۈچ گېزىت كۆچۈرۈپ باسقان بۇ ماقالە كىتابخانلارنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى ۋە غۇلغۇلىسىنى قوزغىماقتا، كىشىلەر ھەقىقىي ئەھۋالنى ئۇقۇشقا تەقەززا بولماقتا. «مانھاتتۇندىكى جۇڭگولۇق ئايال» كىتاب بازىرىدا زىلزىلە پەيدا قىلغان بولغاچقا، ئەدەبىيات ساھەسىدىكىلەرنىڭ بۇ ئىشقا بەرگەن باھاسى ئوخشاش بولمايۋاتىدۇ، تالاش-تارتىشمۇ بولۇۋاتىدۇ. شۇڭا جۇلىنىڭ ئەرز قىلغانلىقى يەنە بىر قېتىم قىزىق خەۋەر بولۇپ قالغۇسى.

مۇخبىر بۇ ماقالىنى مەتبەئەگە بەرمەكچى بولۇپ تۇرغاندا، مۇنداق بىر ئىشتىن خەۋەر تاپتى: جۇلى يېقىندا شاڭخەيدە ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقا بولغان كۆز قارىشى ۋە پوزىتسىيىسىنى جاكارلىماقچى بوپتۇ.



# ئۇستاز ۋە شاگرت



پېشقەدەم شائىر ئەلقەم ئەختەم بىلەن ئابلىز نازىرىلار يازغۇچىلار ۋە مۇھەررىرلەر بىلەن بىللە.




يازغۇچىلار جەمئىيىتى بىلەن «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى يېقىندا ئۆتكۈزگەن ياش ئاپتورلار سۆھبەت يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر.



قېيۇم تۇرسۇن فوتوسى




《塔 里 木》 文学月刊（维吾尔文）

TARIMAMONTHLY LITERATURE JOURNAL

IN UIGHUR LANGUAGE

تارىم

编　　辑：《塔里木》编辑部
出　　版：新疆人民出版社
印　　刷：新疆新华印刷厂
发　　行：乌鲁木齐市邮局
订阅、零售：各 地 邮 局 所

1993 ـ يىل 4 ـ سان(386 ـ سان)، 43 ـ يىل نەشرى.
تۈزگۈچى «تارىم» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى.
ئۈرۈمچى جەنۇبىي دوستلۇق يولى 22 ـ قورۇ، تېلېفون نومۇرى: 416214.
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى، شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى.
ئۈرۈمچى پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ. مەملىكەت بويىچە ھەممە
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتىرى قوبۇل قىلىدۇ.

国际统一刊号：ISSN 1002－9044　ISSN 1002 _ 9044　خەلقئارالىق بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:

国内统一刊号：CN 65－1010／I　CN 65 _ 1010 / I　مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
邮发代号：58－66 定 价：2.00元　پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 66 _ 58، باسما تاۋاق: 10، باھاسى: 2.00 يۈەن
邮政编码：830000　پوچتا نومۇرى: